مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: تۇران

# سوۋغات

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سوۋغات

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


ISBN 7-228-09104-3

ISBN 7-228-09104-3
9 787228 091041 >

سىز بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇۋېتىپ كىچىكلىكىڭىزدە بىرگە ئوينىغان، دوستلۇقنىڭ قەدرىگە يەتكۈدەك بولغاندا ئايرىلىپ كېتىپ ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن شۇ دوستىڭىزنى قايتا تېپىۋالغاندا، ئېرىشكەن خۇشاللىقىڭىز كەبى خۇشاللىققا چۆمسىڭىز، بىز بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمىزنى جايىدا بوپتۇ دەپ ئويلايمىز.



www.uyghurkitap.com


سوۋغات
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

献给女人的礼物/阿布都热依木等著。 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2004．12

ISBN 7-228-09104-3

I. 献… II. 阿…III. 女性-婚姻-通俗读物-维吾尔语（中国少数民族语言） IV. C913,13-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2004）第 112648 号

责任编辑：艾加尔古丽．吐尔逊
责任校对：阿斯亚．艾合买提
封面设计：铁然

献给女人的礼物（维吾尔文）

* * *

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码：830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 10.125 印张
2004 年 11 月第 1 版 2004 年 11 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN 7-228-09104-3 定价:16.00 元

هۆرمەتلىك [redacted] گە

يادىكار

[redacted]

[redacted] دىن

[redacted] - يىل [redacted] - ئاينىڭ [redacted] - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

قەلىمىدىن دۇردانىلەر تامىدىغان بىر قىسىم مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى، شۇنداقلا ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن يازغۇچىلارنىڭ بىزگە مىراس بولۇپ قالغان نادىر ئەسەرلىرى ئىچىدىن ئائىلە، ئەخلاق، ئېتىقاد تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى تاللاپ، خەلقىمىزگە سوۋغا سۈپىتىدە سۇندۇق.

سىز بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇۋېتىپ كىچىكلىكىڭىزدە بىرگە ئوينىغان، دوستلۇقنىڭ قەدرىگە يەتكۈدەك بولغاندا ئايرىلىپ كېتىپ ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن شۇ دوستىڭىزنى قايتا تېپىۋالغاندا، ئېرىشكەن خۇشاللىقىڭىز كەبى خۇشاللىققا چۆمىسىز، بىز بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمىزنى جايىدا بوپتۇ دەپ ئويلايمىز.

كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشى ئۈچۈن بىزنى ھەرتەرەپتىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن، ئەسەر بىلەن تەمىنلىگەن بىز بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان يازغۇچىلارغا، كۆپلەپ تەشەككۈر بىلدۈرىمىز، ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن يازغۇچىلارغا ھەم كۆپلەپ ئەجىر تىلەيمىز.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


**بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك؟** ............ ئابدۇقادىر جالالىدىن 1
**بىزگە قانداق دادىلار كېرەك؟** ............... يالقۇن روزى 8
**ئائىلە ۋە ئائىلە كىرىزىسى**............. ئابدۇرېھىم دۆلەت 17
**ئائىلە** .................... رىزائىدىن ئىبنى پەخرىدىن 67
ئائىلە ۋە ئايال .................................. 71
ئايال ۋە تەربىيە ................................ 72
بالا تەربىيىسى ۋە ئايال .......................... 77
ياخشى تەربىيە ۋە ناچار تەربىيە ................... 82
ئايالنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسى ........................ 86
ئىلىم ۋە ئايال .................................. 93
چىراي ۋە ئايال .................................. 98
بولغۇسى ئايال .................................. 101
نەسەب جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ...................... 105
ياش جەھەتتە مۇۋاپىقلىق ......................... 109
توي ............................................ 110
نىكاھ تويى ..................................... 113
ئۆيلىنىش ۋە مۇھەببەت ........................... 115
ئەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ............................. 119

www.uyghurkitap.com


تالاق ۋە ئاجرىشىش ........ 125
ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋەزىپىسى ........ 130
ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلارنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق ........ 134
قىلىشتىكى ۋەزىپىسى ........ 134
بالىنىڭ ۋەزىپىسى ........ 136
گۈزەل مۇناسىۋەت ........ 142
ئائىلە ۋە دۇنيا ........ 144
ئائىلە ۋە ئۆلپەت ........ 146
خىزمەتكارلار، بالا باققۇچىلار، قوشنىلار، ........ 147
دوستلار ۋە زىياپەت ........ 147
**تەربىيىلىك ئايال** ........ رىزائىدىن ئىبنى پەخرىدىن 151
ئېتىقاد ........ 154
ئىتائەت ........ 155
ئەرنىڭ يېقىنلىرىنى ھۆرمەتلەش ........ 157
ھەمسۆھبەت ........ 160
سىر ساقلاش ھەققىدە ........ 162
قانائەت ۋە شۈكرى قىلىش ........ 163
ئۆزىنى تۇتۇش ھەققىدە ........ 164
پاكىزلىق — زىننەت دېمەكتۇر ........ 167
ھايا ۋە ئىپپەت ........ 170
تەدبىر ـ غەيرەت ........ 172
سالامەتلىكنى ئاسراش ھەققىدە ........ 174
**تۇرمۇش ئەدەپلىرى** ........ ئۇلبەنەتخان لۇتپۇللا 176
خوتۇنلار بىلەن ئەرلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ........ 177

ئەدەپ ھەققىدە ........................ 177
ئوسال خوتۇنلار ........................ 183
ئەرلەر ........................ 184
قىينانا بىلەن كېلىنلەر ئارىسىدا بولىدىغان ........................ 187
قائىدە ھەققىدە ........................ 187
ئۆگەي بالىلار ۋە ئۆگەي كېلىنلەر ھەققىدە ........................ 190
بالىلارنى تەربىيىلەش ھەققىدە ........................ 192
ئۆي تۇتۇش ھەققىدە ........................ 195
بەزىبىر ئەدەپلەر ھەققىدە ........................ 197
**ئىسلام نۇرى چاقناتقان ئايال** ........ نەزىرە مۇھەممەد سالىھ 198
**ئاياللار** ........................ ئابدۇقادىر ئىبنى ئابدۇللاھ 236
قانائەت ........................ 250
ئەرگە ئىتائەت ........................ 258
تازىلىق ........................ 262
دىققەت ........................ 266
ئۆي تازىلىقى، تاماقلىنىش ۋە ئۇيقۇ ........................ 278
مېلىنى مۇھاپىزەت قىلىش ........................ 280
دوستلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ........................ 294
سىر ساقلاش ........................ 307
تەزىم ۋە ھۆرمەت ........................ 312

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

# بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك؟

«ئانا» — ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئۇقۇم ئەمەس. «ئانا» — ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بارلىق كېلىپ چىقىشنىڭ سىمۋولى.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئانىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ ۋە ئانىغا باغلانغان ھالدا ياشايدۇ، ئاخىرى يەنە ئانىغا قايتىدۇ. دېمەك، مەۋجۇدات ئانىدىن تۇغۇلىدۇ، ئانىدا ياشايدۇ، ئانىغا قايتىدۇ. ئانا مەنە بۇلىقى، ئۇيغۇرلار دۇنيا ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى «ئانام» ئۇقۇمىدىن خالىي ھالدا ئېلىپ بارالمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئانا — ئالەم، ئانا — بىلىم ۋە تەپەككۇرغا سەلتەنەت بېغىشلايدىغان مۇقەددەس سۇبستانسىيە. مىڭچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد ۋە تەپەككۇر تارىخىنى «ئانا» ئۇقۇمىدىن مۇستەسنا ھالدا يورۇتقىلى بولمايدۇ ھەم يازغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار «ئانا» نى مەركەز قىلىپ، بىر ئائىلىنىڭ شەجەرىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ھەتتا «ئانا» نى سۇپەت قىلىپ پۈتۈن بىر ۋەتەننىڭ ئوبرازىنى سىزىپ چىقىدۇ، ئانا ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ كىندىكى.

www.uyghurkitap.com



«ئانا» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنە قاتلىمى مۇنداق بولسا كېرەك: ئانا — ھاياتنىڭ كېيىنكى ھالقىلىرىنى تۇغقۇچى بۇ جەھەتتە «ئانا» ئۇقۇمى بارچە شەيئىگە ئورتاق بولۇپ، بىر تۇپ ياۋا ئوتمۇ ئانا، ئۇمۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا ئۆزىنىڭ كېيىنكى نەسلىنى يېتىلدۈرىدۇ. مېكىيانمۇ ئانا، ئۇمۇ چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، تاپقان-تەرگەنلىرىنى شۇلارغا بېرىدۇ. بىزدىمۇ «ئانا» ئۇقۇمىنى پەقەت «تۇغۇپ قويغۇچىدىنلا ئىبارەت» دەپ چۈشىنىدىغانلار تالاي. بۇنى بىز بىئولوگىيىلىك ئانىلىق، دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىنسان بۇنداق ئانىلىق بىلەن «ئىنسان» بولۇش شەرىپىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. «ئانا» يەنە مېھىر-مۇھەببەت تۇپرىقى ياكى ئۈن-تىنسىز بەدەل، بۇ يەنىلا ھەممە مىللەتتە ئورتاق. ئەگەر تەڭرى ئىنسانلارغا «مېھىر» دىن ئىبارەت بۇ گۈزەل تەبىئەتنى بەرمىگەن بولسا، ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تۈگىمەس جەبىر-جاپاسى تۈپەيلى ئۇلارنى تۇنجۇقتۇرۇۋەتكەن بولاتتى. ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرى ئالدىدا دەل مۇھەببەت تۈپەيلى ئۆمۈرلۈك مالاي. مۇھەببەت بۇخىل مالايلىققا شۇنداق قىممەت ئاتا قىلغانكى، ئانا دەل مۇھەببەت ئارقىلىق تۆلىگەن بەدەللىرىنى ئۇلۇغۋار مەنىگە ئېرىشتۈرەلىگەن. ئەگەر دۇنيادا ئانا مېھرىدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي مۇھەببەت بولمىسا، دۇنيا قاباھەت بىلەن تولغان كۆھقاپقا ئايلانغان بولاتتى. شۇنىڭدەك ئانا مېھرىدىن بەھرىمەن بولمىغان پەرزەنتمۇ باغرى تاش جىنايەت ماشىنىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئانا» .ئۇقۇمى ئەنە شۇ مۇھەببەت باسقۇچىدا ئەللەيلىنىپ ياشايدۇ. ئۇلار ئانىلارنىڭ مېھرىبانلىق قىياپەتلىرىنى، ئاق كۆڭۈللۈكلىرىنى، بەرگەن قۇربانلىرىنى، پەرزەنت ئالدىدىكى پەيۋەندىلىكلىرىنى، ھازا ئىچىدىن مىسكىن ئۆلۈمىنى ناخشا ـ قوشاقلارغا ئايلاندۇرۇپ، تېلېۋىزور ئېكرانلىرىغا ئېلىپ چىقىشتى، VCD قىلىپ ئىشلەپ، بازارلارغا سېلىشتى. لېكىن، ئانىلىقنىڭ تېگى ـ تەكتى ۋە پەرزەنتلىك مەسئۇلىيىتى ھەققىدە كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولمىش پاراسەتلەرنى ئىشلەپ چىقالمىدى. بۈگۈنكى شائىرلار ئانا ھەققىدە ئەڭ كۆپ يازدى. ناخشىچىلارمۇ ئانا ھەققىدە ئەڭ كۆپ كۈيلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ئانىنىڭ شەپقىتىگە بېقىندى بولۇپ كەتكەن مىشچان ئەۋلادلارنىڭ قەلب ساداسى. ئۇنداقتا، بۇنداق بېلى بوش ئەۋلادلار نېمىنىڭ مەھسۇلى؟! بۇ يەنىلا مېھىر ـ شەپقەتتىن باشقىسى قولىدىن كەلمەيدىغان سادda، ئاق كۆڭۈل ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەھسۇلى. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى ئانىلار ئەرلىرىنى ۋە ئوغۇللىرىنى جەڭگاھقا ئۇزىتىۋېتىپ، ئىپتىخار قىلىشاتتى. ئۇلار ئەرلىرى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ شېھىت بولغىنىنى ئاڭلىغاندا كۆزلىرىنى «مىت» قىلمايتتى، بەلكى ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشاتتى. ھازىرقى كۆپىنچە ئانىلار بولسا بالىلىرىنى يىراق بىر شەھەردىكى ئالىي مەكتەپكە ئۇزاتقانلىرىدا، ئۆرتىنىپ يىغلاپ كېتىشىدۇ. قارىغۇلارچە مېھىر ـ شەپقەت بولۇمسىز ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرىدىغان بۆشۈك.

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشى تەسەۋۋۇپ بىلەن سۇغىرىلغان خەلق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ-كىچىك ساھەلىرىگە نەزەر سالساق، بۇ خەلقنىڭ تەسەۋۋۇپ روھىنى ئاممىۋى مىقياستا كېڭەيتىۋەتكەن خەلق ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. جۈملىدىن، ئۇيغۇرلاردىكى «ئانا» ئۇقۇمىمۇ تەسەۋۋۇپ خاھىشىدا راسا پىشۇرۇلغان. بۇ ھال مەشرەپ شېئىرلىرىدا بىر قەدەر روشەن ئەكس ئېتىدۇ:

«ئانا رازى خۇدا رازى، مۇھەممەد مۇستاپا رازى».

دىققەت قىلىش كېرەككى، ئاتالمىش ئانىلارنىڭ ھەممىسىنى رازى قىلغان بىلەن خۇدا رازى بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى چۈشەنگەن ۋە ئىجرا قىلغان ئانىلارنى رازى قىلغاندىلا، ئاندىن خۇدا رازى بولىدۇ، مەشرەپنىڭ دېمەكچى بولغىنىمۇ ئەنە شۇ ئىدى. ئەمما، بۇ پرىنسىپ شېئىرلاشتۇرۇلۇپ ئېيتقاچقا، قويۇق ھېسسىيات تۈسىگە ئىگە. پرىنسىپلارنى ھېسسىياتلاشتۇرۇش شېئىرىي مىللەتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. تەسەۋۋۇپمۇ ماھىيەتتە شېئىرىي قايناق. كۆيۈم-ئانىلاردىكى ئىنسانىي سۈپەتنىڭ يارقىن بىر ئىپادىسى. ئەمما، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار «ئانا» لىقنىڭ ئۆلچىمىنى «كۆيۈم» بىلەنلا چەكلىگەن ۋە شۇ دائىرىدە تەلقىن قىلغان.

«ئانا» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئۈچىنچى بىر مەنىسىمۇ بار، بۇنى ئانىلىقنىڭ تاكامۇل ئىپادىسى، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئانىلىق، پەرزەنتكە بولغان مېھىر-مۇھەببەتنى ئېتىقاد يۈكسەكلىكىگە

كۆتۈرەلىگەندىلا، پېداگوگىك مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ئانا ئۆز پەرزەنتىگە مەلۇم بىر ئېتىقادنى چۈشەندۈرەلىگەندە ۋە قوبۇل قىلدۇرالىغاندا؛ ئۇلارغا كۆيۈنگەندە، ئېتىقادنى پرىنسىپ قىلالىغاندا، ئۇلارنى جارالىغاندىمۇ ئېتىقادنى مىزان قىلالىغاندا، بۇنداق ئانا ئۆزىدىكى ئانىلىق تەبىئىتىنى مۇقەددەس پەللىگە يەتكۈزەلەيدۇ. بۇنداق چاغدا ئانا ئۆزىدىكى ئىنسانىي ھېسسىياتنىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇقەددەسلىكنىڭمۇ ئەلچىسىگە ئايلانغان بولىدۇ. ھېكايەت: بىر ئايالنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن، ئۇ يىراق بىر شەھەرگە كېتىپتۇ، بۇ ئارىدا ئۇنىڭ ۋەتىنى ياۋلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپتۇ، ئايال ئۆز ئوغلىنىڭ دېرىكىنى قىلسا، ئوغلىنىڭ سودا قىلىپ يۈرگىنى مەلۇم بوپتۇ، غەزەپلەنگەن ئانا ئوغلىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ ۋە ھېچبىر ئىككىلەنمەي قەتل قىپتۇ. كېيىن ئۇقسا، ئوغلى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدا سودا قىلغانىكەن، بۇنىڭدىن ئۆكۈنگەن ئانا ئوغلىنىڭ روھىغا دۇئا قىپتۇ ۋە ئوغلىنىڭ بۇرچىنى ئۆز زىممىسىگە ئاپتۇ. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ياۋغا تەسلىم بولۇپ، ئۇلارغا مالايلىق قىلغان ئوغلىنى ئۆز قولى بىلەن قەتل قىلغان بىر ئانا تەسۋىرلەنگەن. بۇنداق تېما ھەربىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدىن كۆپلەپ تېپىلىدۇ. ئانا بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز پەرزەنتىنى تولىمۇ سۆيىدۇ، دۇنيادا بالىسىنى سۆيمەيدىغان ئانا بولمىسا كېرەك. لېكىن، بۇ

سۆيگۈنى شەخسىيەتتىن ھالقىغان ئالىيجاناب سۆيگۈگە ئايلاندۇرغان ئانىلار ھەممە يەردە ئۇچراۋەرمەيدۇ.

تۇمارس ـ ئانىلىق پەزىلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان تارىخىي ئانىلارنىڭ بىرى. كەيخسراۋ ماساگىتلارنىڭ ۋەتىنىگە بېسىپ كىرگەندە، تۇمارس ئوغلىنى جەڭگە ئەۋەتىدۇ، ئارقىسىدىن ئۆزى بېرىپ كەيخسراۋنى مەغلۇپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش بىلەن ئوغلىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ. بۇنداق ھەيۋەتلىك سىيمالارنى بۈگۈنكى دەۋر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئانىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك روھنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە قايتا ئويلىنىمىز. ئانىلاردا باتۇرلۇق بولۇشى بىلەن بىرگە، زامانغا لايىق پاراسەت، ئەخلاقىي چىركىنلىككە قارشى تەقۋالىق بولۇشى كېرەك بولماقتا.

ئۇيغۇرلاردا «بالاڭنى ئايىساڭ بالاغا قالىسەن» دېگەن گەپ بار. ۋاپاسىز باللار — ئانىلىقنى نوقۇل كۆيۈنۈش دەپ چۈشەنگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ قېشىدا ئۇنگەن شۇمبۇيا.

ئاددىي ئانىلار ۋە مەشھۇر ئانىلارنىڭ ھەممىسى ئانا، ئانىنىڭ ئاددىيلىقىدا بەزىدە ئالەمچە ھېكمەت بولىدۇ. ئەسلىدە ئانىلارنىڭ بىر تامچە سۈت ھەققى ئۆمۈرلۈك ۋاپاغا ئەرزىيدۇ، لېكىن بارلىق سۈت ئەمگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت ئىنسانلارلا ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراش بىلەن تەربىيىلەشنى بىلىدۇ، مانا بۇ ئىنسانىنىڭ جاپاسى ۋە شان ـ شەرىپى. شۇنداق بولغاچقىلا، ئانىلىق — سۈت بېرىش ۋە مېھىر ئاتا قىلىشلا



www.uyghurkitap.com

ئەمەس، بەلكى پەرزەنتلىرىنى خاتىرجەمسىز مۇھىتتا تىڭ پۈكمەي ياشيالايدىغان قىلىش.

بالىلىرىمىز مەدەنىيەت ۋە دۇنيا قاراشلار ئۇستۇنلۇك تالىشىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىدۇ. بۇنداق مۇھىتتا بىزگە مېھىر-شەپقەتنى غەپلەت بۆشۈكىگە ئايلاندۇرۇۋالغان ئانىلار كېرەك ئەمەس، بەلكى، ئۇنى يۈكسەك ئېتقاد ئىستراتېگىيىسىگە ئايلاندۇرىدىغان ئانىلار كېرەك.

ئانا، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا مەڭگۈ قەرزدار.

ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ جۇڭگو مىللەتلەر ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان ماقالىسىدىن ئېلىندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# بىزگە قانداق دادىلار كېرەك؟

*دادىلار قەيسەرلىكتە، چىدام - جاسارەتتە، ئىلىم - ھۈنەردە، ۋاپادارلىقتا، ئەل - يۇرتقا ھىممەت كۆرسىتىشتە... پەرزەنتلەرگە ئۈلگە بولالىشى كېرەك.*

«بالىلىرىمىز مەدەنىيەت ۋە دۇنيا قاراشلار ئۇستۇنلۇك تالىشىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىدۇ. بۇنداق مۇھىتتا بىزگە مېھىر- شەپقەتنى غەپلەت بۆشىكىگە ئايلاندۇرۇۋالغان ئانىلار كېرەك ئەمەس، بەلكى ئۇنى يۈكسەك ئېتىقاد ئىستراتېگىيىسىگە ئايلاندۇرغان ئانىلار كېرەك».

بۇ بىر ئابزاس سۆز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژورنىلىنىڭ 2004- يىلى 2- سانىدا ئېلان قىلىنغان «بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك؟» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى كەسكىن خىتابى. مېنىڭچە، سۆيۈملۈك ئانىلىرىمىزغا قىلىنغان بۇ خىتاب يەنە ئۆز نۆۋىتىدە قەدىرلىك دادىلارغىمۇ ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ! مەن ئاشۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن «بىزگە قانداق دادىلار كېرەك؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىپ قالدىم.

لۇشۇن ئەپەندى 1920- يىللىرى «بىز ھازىر قانداق دادا بولۇشىمىز كېرەك» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، ئەينى يىللاردىكى جۇڭگولۇق دادىلار توغرىسىدا ئۆتكۈر تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنىكەن. شۇ يىللاردا جۇڭگو زىيالىيلىرى «يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى» نى قوزغاپ، مىللىي ئويغىنىش دولقۇنىنى ئەۋج ئالدۇرغان. مىللىي خورلۇقنى يەتكۈچە تارتقان جۇڭگو زىيالىيلىرى غەزەپ- نەپرەتكە تولغان كۆزىنى ئۆزلىرىنى قاتمۇقات مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان جاھانگىرلارغا، ئەسلىمچى ھۆكۈمەتكە، ھوقۇقپەرەس مۇستەبىتلەرگە تىكىش بىلەن بىرگە، مەھكۇملۇققا كۆنۈكۈپ كەتكەن جاسارەتسىز دادىلارغىمۇ تىككەن. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە دادىلارنىڭ ئوبرازى ئاساسەن دېگۈدەك سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە يارىتىلىپ ئۆتكۈر ئىبارىلەر بىلەن تەنقىدلەنگەن. ئەدەبىي تەنقىدچىلەر «يوللارغا ئەسكى دادا توشۇپ كەتتى» دەپ ئېيتىشقان. شۇڭىمۇ بەزى ئەربابلار بۇ يىللارنى جۇڭگو تارىخىدىكى «دادىنى دۇمبالاش» يىللىرى دەپ ئاتاشقان.

شۈبھىسىزكى، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ كېلەچەك- ئىستىقبالى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلانغاندا، مەۋجۇت ھالىتىدىن ئۆزگۈنۈپ قانائەتسىزلىك ھېس قىلغاندا ۋە ئەندىشىگە چۈمگەندە، تەبىئىي ھالدا كىرىزىس ئېڭى كۈچىيىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ بىزگە نېمە كېرەك؟ چىقىش

www.uyghurkitap.com



يولى — تەرەققىيات يولى زادى قەيەردە؟ دېگەندەك نۇقتىلاردىن چىقىپ تۇتۇپ تەپەككۇر قىلىدۇ. بايانىمىزدىكى «بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك؟» ، «بىزگە قانداق دادىلار كېرەك؟» دېگەن تېمىلار ئۈستىدىكى ئويلىنىشلارمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بىلىپ تۇرۇپتىمىز: نۆۋەتتە، خەلقىمىز مەۋجۇت بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ئەنئەنە ۋە مىللىي خاسلىقنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە قاتمۇقات خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. گەرچە پۈتكۈل يەر شارى مىقياسىدا تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە كۆرۈلۈۋاتقان كەسكىن رىقابەت ۋە خىرىس ھەممە مىللەتكە ئوخشاش بولسىمۇ ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالى مەلۇم جەھەتلەردە يەنىلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىر ئەڭ مۇھىمى ۋە خەۋپلىك بولۇۋاتقىنى ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتىكى يىمىرىلىشتۇر. بۇنى «بىز دۇچ كېلىۋاتقان بارلىق خىرىسلار ئىچىدىكى ئەڭ زور خىرىس» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر بەلكىم، «ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتىكى چۈشكۈنلىشىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلە» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. توغرا، ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىپ، مۆجىزە خاراكتېرلىك پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن ئەللەردىكى كىشىلەردىمۇ ئەخلاقىي چۈشكۈنلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەنمۇ

ئەخلاق كرىزىسى مەسىلىسى تەرەققىي تاپقان ۋە تەرەققىي
تاپمىغان بارلىق ئەل خەلقلىرى ئۈچۈن ئورتاق مەسىلە بولۇپ
قالدى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما، مەن بىزنىڭ ئەخلاق-
پەزىلەت جەھەتتە يىمىرىلىشىمىز باشقىلارنىڭكىدىن
ئۆزگىچىرەك، دەپ قارايمەن. سەۋەبى شۇكى، بىزنىڭ كىشىنىڭ
زورقى كېلىدىغان ھەققانىيەت، گۈزەللىك، مەردانىلىك،
ئوچۇق-يورۇقلۇق، باتۇرلۇق، مېھرىبانلىق بۈيۈك
ھېسابلىنىدىغان نوپۇزلۇق ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىز قاياقلاردىندۇر
يۇقتۇرۇۋېلىنغان چاكىنا ئەخلاق قاراشلار تەرىپىدىن يەكلەنمەكتە،
بىر چەتكە چۆرۈپ تاشلانماقتا. قارايدىغان بولسىڭىز پارىخور
ئەمەلدارلارنىڭمۇ، خۇشامەتچى جان باقتىلارنىڭمۇ، نومۇسسىز
ئىپپەت سودىگەرلىرىنىڭمۇ، ھارام تاماق ھورۇنلارنىڭمۇ،
ئەيتاۋۇر، خىروئىن سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭمۇ...
ئۆزى ئۈچۈن توغرا ھېسابلىنىدىغان بىر تالاي ئەخلاق
سەپسەتىلىرى بار. ئۇلار بۇ خىل بىر تەرەپلىمە، چاكىنا،
كۆلكىلىك ئەخلاق سەپسەتىلىرىنى ھېيىقماستىن سۆزلەپ
يۈرىۋېرىدۇ. ئۇنداقلاردا نە گۇناھ تۇيغۇسى، نە ۋىجدانىي ئازاب
تۇيغۇسى، نە نومۇس تۇيغۇسى يوق. ئۇلار ئۆز قىلمىش-
ئەتمىشلىرىدىن ماختانسا ماختىنىدۇكى! قىلچىمۇ ئۆكۈنمەيدۇ،
ئەپسۇسلانمايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلى ئۇزۇن، گەپ-
سۆزى ياڭراق، يۈرۈش-تۇرۇشى شۇنچە كۆرەڭ؟! سەۋەبى،
ئۇلار نوپۇزلۇق ئەخلاقىي پەزىلەت ئۆلچەملىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com



چەكلىمىسىنى دېيەرلىك ھېس قىلمىغان، ئالىيجاناب ئەخلاقىي - پەزىلەتنىڭ كۈچىنى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كېتىۋاتقان يولىنىڭ نومۇسسىز يول ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماق تۇگۇل، ئەكسىچە جاھاندارچىلىقنىڭ شەرەپلىك يولى، دەپ بىلىدۇ. ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىزنىڭ بۇنداق ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىدىكى تۈپ سەۋەب مېنىڭچە، بىزنىڭ ئايرىم ساندىكى دادىلىرىمىزدا. بىزنىڭ ھازىرقى دادىلىرىمىز ئۆتكەن ئەسىردىكى 50- ، 60- ، 70- ، يىللاردا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ «ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردىكى ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى» بەكرەك تەكىتلىنىپ، «ھەق - ناھەق تۇيغۇسىغا ئىگە، مۇھەببەت - نەپرەت تۇيغۇسى روشەن، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ھالال بىلەن ھارامغا بولغان مۇئامىلىسى سەزگۈر ئادەملەردىن بولۇشنى تەكىتلەش» كە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. بۇ دادىلار ئارقا - ئارقىدىن تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىگە ئەخلاق جەھەتتە زۆرۈر بولغان تەلەپلەرنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئالىيجاناب پەزىلەت گۈللىرىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىشقا، ئۇلارنىڭ قەلبىدە نوپۇزلۇق ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمىگەن. پەقەت، قانداق قىلىپ تىرىشىپ ئوقۇپ ياكى تىرىشىپ ئىشلەپ ياخشى كۈن كەچۈرۈش توغرىسىدىلا گەپ - سۆز قىلالىغان. نەتىجىدە ماددىي مەنپەئەتكە سەزگۈر قىلىپ ئادەتلەندۈرۈلگەن بۇ پەرزەنتلەردىن مال - دۇنيانى،

ھوقۇق ـ ئىمتىيازنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن، ھەرقانداق بولمىغۇر ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشتىن يانمايدىغان بىر تۈركۈم مەخلۇقلارمۇ يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار بۇ جەھەتتە ئېرىشكەن نەرسىلىرىدىن ماختاندى، ھۇزۇرلاندى. ۋەھالەنكى، قۇربان قىلىنغۇچىلار ئادەمىيلىكلىرىدىن قىلچىمۇ ئەپسۇسلانمىدى، ھەتتا مەھرۇم بولغان ئادەمىيلىكنى بىلىشكىمۇ قادىر بولالمىدى. ئادەمىيلىكىدىن بارغانسېرى ياتلىشىپ كەتكەن بۇ ئەۋلادتىن ئىلگىرىكىگە تېخىمۇ ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئەۋلاد بارلىققا كەلدى (بۇ يەردە بىز ھەممىنى قارىتقۇيۇق بىر تاياقتا ھەيدىمەيمىز. ھەممىلا ئادەمنى ئەخلاقتا يارىماس دېگەننىمۇ تەرغىب قىلمايمىز، ئەلۋەتتە).

ئادەتتە، دادىلار ئائىلىۋى ئەخلاقنىڭ ھامىيلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارغا ئائىلە ئەزالىرىنى ئەخلاق جەھەتتە راۋۇرۇس يېتەكلەش مەجبۇرىيىتى يۈكلەنگەن؛ ئائىلىگە ئۇلگە ۋە نەمۇنە بولۇش ۋەزىپىسى ئەجدادلاردىن مىراس قالغان. دېمىسىمۇ باللارنىڭ قەلبىدە ئانىلار كۆيۈمچانلىقى بىلەن ئورۇن ئالسا، دادىلار تەلەپچانلىقى بىلەن ئوبراز تىكلەيدۇ. دادا «ئۆز پادىلىرى» نى ھەر جەھەتتىن ياخشى ھىمايە قىلمىسا، تەبىئىي ھالدا «پادىلىرى» بۆرىگە يەم بولۇپ كېتىدۇ. بۆرىنىڭ ئۆڭكۈرىگە بىلىپ ـ بىلمەي، ھەتتاكى ئۆزى خالاپ كىرىپ كېتىدۇ. مانا بۇ بارلىق پاجىئەنىڭ باشلىنىشى.

www.uyghurkitap.com

خوش، بىزنىڭ دادىلىرىمىز ئۆز «پادىسى»نى ھەر جەھەتتىن ھىمايىسىگە ئالالايدىغان ئەخلاق ساپاسىغا ئىگىمۇ، يوق؟ مەن ھازىرقى بىر قىسىم دادىلىرىمىزنىڭ يارامسىز ئەۋلاد تەربىيلەش، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، خەتەر ۋە قىيىنچىلىققا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىش، قەيسەر ۋە چىدامچان بولۇش، ھالال مېھنەت بىلەن ياشاش جەھەتتىكى ئويناۋاتقان رولىغا، پاراستى ۋە دىيانىتىگە ئاپىرىن ئېيتىش بىلەن بىر چاغدا يەنە بىر قىسىم دادىلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ساپاسىدىن گۇمانلىنىمەن. مەرد ـ مەردانە، جاسارەتلىك، غۇرۇرلۇق، نومۇسچان، چىدامىلىق ئەركەكلەرگە خاس دادىلارنىڭ سانى ئازلاپ «نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپى»گە دۇچ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. ئەكسىچە، «ئۆيىۋىنىڭ دېرىزە پەردىسى چىرايلىقكەن» دەپ قويسا، ھەپتىلەپ خۇشال يۈرىدىغان خېنىم مىجەز دادىلارنى؛ باشلىقى «ئايالىڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟» دەپ سورىسا، باشلىقىم ماڭا ئامراق دەپ ماختىنىپ يۈرىدىغان يۇمشاق باش دادىلارنى؛ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ياشاشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن لايغەزەل دادىلارنى؛ ھىممەت ـ غەيرىتىگە تايانماستىن تەمەخورلۇق بىلەن ياشاشنى ئادەت قىلىۋالغان لالما مىجەز دادىلارنى؛ ئەمەل ـ مەنسەپنىڭ سايىسىگە ئېرىشىپ قالسا چاي ئويناپ ھارمايدىغان پاخپاق دادىلارنى؛ ئۆزى ئەركەك تۇرۇپ ئەرلەر بىلەن تانسا ئويناشنى نومۇس بىلمەيدىغان زەيپانە مىجەز دادىلارنى؛ بىر بوتۇلكا

بەتبۇي ھاراقنىڭ قۇلى بولۇپ، سورۇنمۇ سورۇن سوكۇلداپ، تېنىقسىز يۇمۇرلارنى ئېيتىشىپ ھارمايدىغان ھاماقەت دادىلارنى؛ لەۋزىدە تۇرمايدىغان، خىيانەتكارلىق، ساتقىنلىق، ساختىپەزلىك، سۇخەنچىلىكتەك پەسكەشلىكلەرنى جاھانداچىلىق يولى قىلىۋالغان ئاتالمىش دادىلارنى كۆپلەپ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، دادىلىرىمىز ساپاسىدىن ئۈمىدۋار بولۇش مۇمكىنمۇ؟! بۇنداق دادىلار ئەۋلادلىرىنىڭ قىسمىتىنى قىيىن كۈنلەرگە قويمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! بۇنداق دادىلار ئۆز ئائىلىسىنى ئالىيجاناب ئەخلاق ئۆلچەملىرى بىلەن تۇتۇپ تۇرالامدۇ؟!

كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇنداق دادىلار بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىمىزنى بۇلغاپ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ روھىنى كاردىن چىقىرىپ ئۇلارنى پاجىئەنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويىدۇ.

ئەندى بۇنداق «دادا» لىق ئوبرازىمىزغا ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە بېرىدىغان پەيت كەلدى. چۈنكى، بىزنى مۆلچەرلىگۈسىز كېلەچەك كۈتۈپ تۇرماقتا. شۇڭا، ئاخىرىدا مۇنداق تەكىتلەپ قويۇش كېرەك: دادىلار — مىللەتنىڭ تۈۋرۈكى، قول، قانىتى. دادىلارنىڭ ۋۇجۇدى ھەققانىيەت بىلەن، باتۇرلۇق بىلەن چېۋەرلىك بىلەن، ئەقىل ۋە دىيانەت بىلەن تولۇشى كېرەككى، ئۇ يەردە دېلىغۇللۇق، مۇجمەللىك، پەمسىزلىك، بېلى بوشلۇق، ساداقەتسىزلىك، ھاماقەتلىك، ھورۇنلۇق ئىللەتلىرى بولماسلىقى كېرەك. دادىلار قەيسەرلىكتە، جىدام-جاسارەتتە، ئىلىم-ھۈنەردە، ۋاپادارلىقتا،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەل-يۇرتقا ھەممەت كۆرسىتىشتە... پەرزەنتلەرگە ئۈلگە بولالىشى كېرەك.

مۇشۇلارنى قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟! ئەلۋەتتە مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دادىلار ئۆزىمىزنى بىر دەڭسەپ كۆرۈشىمىز ۋە ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

يالقۇن روزىنىڭ جۇڭگو مىللەتلىرى ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىللىق 4-سانىغا بېسىلغان ماقالىسى.



# ئائىلە ۋە ئائىلە كىرىزىسى

ئاللاھ تائالا ئاۋۋال ئادەم ئەلەيھىسسالامنى لايدىن، ئاندىن ھەۋۋا ئانىمىز (يەنى ئايال) نى ئادەم ئاتىمىزنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ياراتقانىكەن. دېمەك، ئەر بىلەن ئايال ئاۋۋال ئەسلىي ئوخشاش بىر مەنبەدىن كەلگەن، يارىلىشىدىلا يىلتىزى، قۇرۇلمىسى بىر ئىكەن. ئۇلار جەننەتتە بەختلىك ياشاپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئىبلىس (ئۇنىڭغا چەكسىز لەنەتلەر بولسۇن) ئۇلارنى خۇدا قىلىشتىن توسقان بىر ئىشقا قىزىقتۇرۇپتۇ. ئۇلارغا تەكرار- تەكرار ۋەدىلەر قىپتۇ، قەسەملەر ئىچىپتۇ، ۋەدىلەرگە ئادەم ئاتىمىز ئىرىمەپتۇ، ھەۋۋا ئانىمىز بولسا ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا مەيلىمۇ، يا؟ دېگەن نەزەردە بېقىپتۇ. بۇنىڭدىن ئادەم ئەلەيھىسسالام سەل تۇرۇپ قاپتۇ. ئاھ، شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلغان ئادەم ئاتىمىز ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارا كۈنلەر باشلىنىپتۇ. ئۇلار ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئۈچۈن جەننەتتىن قوغلىنىپ ، زېمىنغا چۈشۈرۈلۈپتۇ. ئەمما، مېھرىبان خۇدا ئۇلارغا ئۆتكۈزگەن جىنايىتىگە قانداق كەچۈرۈم سوراشنى

ئۆگـــتىپ قويۇپـــتۇ. خۇدايىتائـــالا يـــەنىلا بـــەندىلىرىنى ئۆزىداقـــلا تاشلىۋەتمەپتۇ.

ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز زېمىنىنىڭ باشقا ـ باشقا جايلىرىغا چۈشۈپتۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام ھەۋۋا ئانىمىزدىن سەل رەنجىپـتۇ. ھـەي، سـەن دېمىگـەن بولسـاڭ يېمـەيتتۇق ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ كەينىڭگە كىرمىسەم بوپتىكەن، دېگەنلەرنى خىيـالىدىن ئۆتكۈزۈپـتۇ. شـۇنداقتىمۇ ئـادەم ئەلەيھىسسـالام ئۇنچۇۋالا ئالدىراقسان ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئۆزىدىنمۇ ئەستايىدىل، ھـەققانىي ھېسـاب ئېلىشـنى بىلىدىكـەن. بۇنىـڭ ئـۆزىنىڭ بىخۇدلۇقـى، ئىرادىسـىزلىكى تۈپەيلىدىن بوپقالغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماپتۇ.

دېمەك، ئادەم ئاتىمىز ھەۋۋا ئانىمىزغا ئاداۋەت ساقلىماپتۇ. ئۇنـى مېنىـڭ دۈشـمىنىم ئىكـەن دەپـمۇ قارىماپـتۇ، ھـەۋۋا ئانىمىزنىڭ قىلغانلىرى ئادەم ئاتىمىزنىڭ ئۇنى ئۆچ كۆرۈشكە سـەۋەب بولالماپـتۇ. مۇھەببـەت ئـاداۋەتتىن غـالىب كەپـتۇ. مۇھەببەت بىلەن ئەپۇ شۇ چاغلاردىلا چەمبەرچاس باغلانغانىكەن (ئەپۇ يوق مۇھەببەت بولمايدۇ). تۇرغۇن ئىنسان باللىرى مۇشۇ جەھەتتە ئادەم ئاتىسىنى دورىيالماي، باش ـ ئايىغى يوق دەرد ئىچىدىلا يۈرىدىكەن. مۇشۇ چاغدا ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانىنىلا ئەمـەس، ئىنسـاننى ئـەۋلادمۇ ئـەۋلاد ئۇلىغـان مۇھەببـەتنى ياراتقىنىغىمۇ كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتىش كېرەك.

كىشىنى ئۆز بەختىدىن مەھرۇم قىلغان ئادەمنى كەچۈرمەك، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ كەتمەك ئاسانمۇ؟! ئۇنىڭغا ئەپۇ نەزىرىدە قاراپ بىر مۇھەببەت بىلەن باقماق ئوڭايمۇ؟! ھازىر كىم شۇنداق قىلالايدۇ؟! ئادەم ئاتىمىز شۇنداق قىپتۇ. ئۇ، شۇ چاغدا ئاجايىپ بىر ئىشنى قىلغانىدى، شۇنىڭ خاسىيىتىدىن مانا بىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپتىمىز. ئادەم ئەلەيھىسسالام ھەۋۋا ئانىمىزنى ئىزدەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرنەرسىسى كەمدەك ھېس قىپتۇ. دېمىسىمۇ ئادەم ئاتىمىز چالا پۈتكەن قۇرۇلۇشتەك بوپقالغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر قوۋۇرغىسى يوق، ئۇ شۇنىڭغا موھتاج ئىدى، ئۇنىڭسىز پۈتۈن بولالمايتتى. دېمەك، ئىككىسى بىرلەشكەن، قوشۇلغاندىلا ئۇلار پۈتۈن بولاتتى، بىر-بىرىسىز ئۇلار مەڭگۈ چالا، مەڭگۈ كەمتۈك بوپقالاتتى. ئىلاھىي مۇھەببەت ئۇلارنىڭ قان-قېنى، ئېرۋا-ھۈجەيرىلىرىگە قەدەر سىڭدۇرۇۋېتىلگەنىدىكى، جاھان شۇنىڭ بىلەن بىلەن تاھازىرغىچە ئۆزرە بولالىدى.

ئۇلار ئاخىر تېپىشتى ھەم تېپىشاتتى. زېمىندا تۇنجى ئائىلە — بىر جۈپلەر ئاپىرىدە بولىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەر ئايالدىن، ئايال ئەردىن ئايرىلالمىدى، ھەم ئايرىلالمايتتى. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ باللىرى ئەمەسمۇ؟! ئۇزاق ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئەرلەر ئاياللارنى، ئاياللار ئەرلەرنى تېپىشمۇ چۈشىنىشتى. بىر-بىرى ھەققىدە ھەر-ھەر يەكۈن،

www.uyghurkitap.com



خۇلاسىلەرگە كېلىشتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر-بىرىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشمىدى. ئەرلەر ئاياللاردىن، ئاياللار ئەرلەردىن قاقشايتتى. ھېچبىر ئەر ئايالدىن، ھېچبىر ئايال ئېرىدىن رازى ئەمەستەك ئىدى. بىر-بىرىنىڭ ياخشى گېپىدىن غەيۋەت-شىكايىتى كۆپ ئىدى (ئىنساننى نېمە رازى قىلالىغان؟!)؛ نۇرغۇن ئەرلەر: ئىسىت، ئايال زاتى بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم، دەپ ھەسرەتلەنسە؛ نۇرغۇن ئاياللار: ئىسىت، شۇنداق ئەرگە بەرگەن كۆڭلۈم، دەپ ئازابلىنىپ، كېتىپ قېلىشتى، دوست-ياران، بالا-چاقىلىرىغا بۇ ھەقتە نۇرغۇن پەند-نەسىھەتلەرنى قالدۇرۇشتى.

ئىشقىلىپ، بىر-بىرى ھەققىدە قانچىلىك يامان گەپلەرنى قىلىشمىسۇن، مەيلى ئۇلار بىر-بىرىدىن چەكسىز نەپرەتلەنمىسۇن، ساڭا قارايدىغان كۆزۈم، سۆزلەيدىغان سۆزۈم يوق، دەپ ۋەدە-قەسەملەرنى بېرىشمىسۇن، بىر-بىرىگە قىلغان ئەقىدىلىرىدىن زار-زار يىغلاپ، پۇشايمان، نادامەت پۇتۇشسۇن، ئەمما پاكىت شۇكى، ئۇلار ھازىرغىچە بىر-بىرىدىن ئايرىلماي، ئايرىلالماي ياشىدى. ئەرلەردىن قاقشايدىغانلارمۇ ئەرسىز ياشىمىدى، ئايالغا ئىشەنمەيدىغان، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلارمۇ خوتۇنسىز ياشىمىدى، قىزلىرىنى ئەرگە بەرمەي، ئوغۇللىرىنى ئۆيلىمەي قالمىدى. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يارالمىش قانۇنىيەتكە تەسلىم بولماي ئامالى بولمىدى.

دېمەك، ئەر ۋە ئايالنىڭ بىر-بىرى بىلەن مۇقەررەر قوشۇلۇش تەقەززاسى، ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرە ئاساسى بولغان ئىجتىمائىي تەشكىلىي بىرلىك — ئائىلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئائىلە ئەر-ئايال ئىككى جىنسنىڭ بىر-بىرىگە بولغان فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىكىلىق تەلەپ، تەقەززالىرىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەرگە ئىنتىلمەيدىغان ئاياللار، شۇنداقلا ئايالغا ئىنتىلمەيدىغان ئەرلەر ئوخشاشلا بىنورمال كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە دەل بۇخىل ئىنتىلىشنى دىنىي، قانۇنىي، ئەخلاقىي يوسۇندا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدىكى بىر مۇكەممەل جەريان ۋە نەتىجىگە ئىگە قىلىدىغان بىر ئىجتىمائىي سورۇندۇر. ئائىلە بۇ ئىنتىلىشنىڭ جەريان، نەتىجىسىنى ھايۋانىي ھالەتتىن ئىنسانىي پەللىگە يۈكسەلدۈرۈپ، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىنسانلىق ھەققى-ھۆرمىتى، ئىززەت-ئىپپىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ئائىلە مەۋجۇتلۇقنىڭ بۆشۈكىدۇر.

ھەربىر ئوقۇرمەن بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسى. مەيلى قايسى خىل سالاھىيەتتىكى ئەزا بولمىسۇن، ئۆزى ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇ قورۇلمىنى چۈشىنىۋېلىشى بىلىقىنىڭ ئۆزى ياشايدىغان سۇنى چۈشىنىشىدەك شۇنداق زۆرۈر. بەلكىم سىز ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئۆيىدە ياشاۋاتقانسىز ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ئائىلىسى باردۇر. ئەمما، سىز بۇ ئائىلىڭىزدىن قانچىلىك رازى، ئۆزىڭىزنى قانچىلىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



دەرىجىدە بەختلىك ھېس قىلىسىز، بۇ بەلكىم پەقەت ئۆزىڭىزگىلا ئايان. خۇددى تۈتۈننىڭ ئاچچىقى مورىغىلا ئايان بولغاندەك (باشقىلارغا چۈشەندۈرمەك، شۇنداقلا باشقىلارنىڭمۇ سىزدەك چۈشەنمىكى ئەڭ تەس نەرسە ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى دەرد).

دېمەك، ھەربىر ئادەم، مېنىڭچە، ئائىلە دېگەن بۇ ئۇقۇمنى جەمئىيەتشۇناسلاردەك بىلمىسىمۇ، ھەرھالدا ئاز-تولا چۈشىنىشكە موھتاج. ئۆزىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنى، نۇرغۇن خاپىلىق-خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى بولمىش ئائىلە ھەققىدە بىرەر چۈشەنچىگە ئىگە بولماسلىق، كۆپىنچە ھاللاردا ئادەمنىڭ نۇرغۇن دەرد-ئەلەم، كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچار بولۇشىغا سەۋەب بوپقېلىشى مۇمكىن. ئادەم ھەمىشە ئۆزىگە نائېنىق نەرسىلەر ئالدىدا خاتالىشىدۇ.

خوش، ئەمدى بىز جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ئائىلىگە قانداق تەبىر بەرگىنىگە قاراپ باقايلى:

ئاۋستىرىيىلىك پسىخولوگ، روھ ئانالىزى ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى فرېئود مۇنداق دەيدۇ: ئائىلە جىسمانىي تۇرمۇش بىلەن ئىجتىمائىي ئورگانىزملىق تۇرمۇش ئارىسىنى باغلايدىغان ئارغامچىدۇر، قارىغاندا، بۇ تەبىر ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي مەنىسى ۋە رولى نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان بولۇپ، ئائىلىنى تەشكىل قىلغۇچى زۆرۈر شەرتلىك ئامىللار تىلغا ئېلىنمىغان.

ماركس ـ ئېنگېلىسلار ئائىلىنى يەنىلا ئۆزلىرى كۆنۈككەن مېتود بويىچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن: ھەركۈنى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قايتا ئىشلەپچىقىرىپ تۇرىدىغان كىشىلەر يەنە باشقا ئادەملەرنىمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا باشلايدۇ، يەنى كۆپىيىدۇ. مانا بۇ ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەنى ئائىلە. بەلكىم بۇ ماركسىزمنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش نەزەرىيىسى ئاساسىدىكى ھۆكۈم بولۇشى ئېھتىمال.

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس بوگس ۋە لوكلار ئۆزىنىڭ «ئائىلە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ئائىلە نىكاھ، قانداشلىق، بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق قوشۇلغان كىشىلەر گەۋدىسى. بۇنىڭدا ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئاتا ـ ئانا، ئەر ـ خوتۇن، قېرىنداش دېگەندەك ئىجتىمائىي ئالامەتلىرى بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ، تەسىر كۆرسىتىشىدۇ، رول ئوينايدۇ. شۇ ئارقىلىق بىر ئورتاق مەدەنىيەت يارىتىدۇ. بۇ تەبىردە ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بەكرەك تەكىتلەنگەن.

يىغىنچاقلىغاندا، گەرچە يۇقىرىقى تەبىرلەر ئائىلە دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالغا ھەرخىل نۇقتىدىن جاۋاب بەرگەن، بىز بۇنىڭدىن ئائىلە دېگەن ئۇقۇمغا نىسبەتەن بەلگىلىك دەسلەپكى چۈشەنچە ھاسىل قىلغان بولساقمۇ، يەنىلا بۇ تەرىپلەر بەزىبىر كەمتۈكلۈكلەردىن خالىي ئەمەس. ئەگەر ئائىلە ئۆز ـ ئۆزىنى تەكرار ئىشلەپ چىقىرىدىغان بىرلىك دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا

گۈزلۈكدىن پەرزەنت كۆرمىگەنلەر ئائىلە ھېسابلانمامدۇ؟ پەرزەنتلىك بولۇش ئائىلىنىڭ ئالدىنقى شەرتىمۇ؟ نىكاھ، قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئالدىنقى شەرت قىلىنسا، ئۆزى تۇغماي باشقىلارنىڭ بالىسىنى بېقىۋالغانلارنىڭ ئائىلىسى يەنە ئائىلە ھېسابلىنامدۇ؟ نىكاھسىز بىرگە تۇرغۇچىلارچۇ؟ ئۇمۇ ئائىلىمۇ؟ پىروبىركىدا، بالىياتقۇ سىرتىدا يېتىشتۈرۈلگەنلەرنىڭ ياكى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇلغانلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ سالاھىيىتىنى قانداق بېكىتىش كېرەك؟ ئۇلارمۇ باشقا ئاتا-ئانىلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئاتا-ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەكمۇ، يوق؟ ... دېگەندەك مەسىلىلەر يەنە بۇ ھەقتىكى ئۇقۇمنى ئېنىقسىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئائىلىگە ئېنىق بىر تەبىر بەرمەك ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس، ئەمما بىز يەنىلا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بىر تەبىرگە موھتاج. چۈنكى، بىز مەلۇم شەيئى، مەسىلىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى بىر قەدەر مۇكەممەللىككە، سىستېمىلىق ھالەتكە، ئىلمىي ئېنىقلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم شۇنداق تەبىر، ئەندىزە، قېلىپلارغا موھتاج. بۇلارسىز چۈشەنچىمىز تولىمۇ يۈزەكى، باش-ئاخىرى يوق، قالايمىقان بولۇپ قالىدۇ. ئىدىيىنى بىر قۇرۇلۇشقا ئوخشاتساق، بۇلار شۇ قۇرۇلۇشنى تەشكىل قىلغۇچى خىش، بېتون... لار ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندە مەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2001-يىلى يانۋاردا نەشر قىلغان «ئائىلە جەمئىيەتشۇناسلىقى» دېگەن



www.uyghurkitap.com

كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەبىرنى ئوقۇرمەنلەر ھۆزۈرىغا سۇنىمەن:

ئائىلە — نىكاھ، قانداشلىق ۋە بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئاساسلىق تەشكىلىي بىرلىك.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى شەرتلەردىن تىلغا ئېلىپ ئۆتمىسەك زادى بولمايدىغىنى نىكاھ مۇناسىۋىتى. چۈنكى، ھازىرقى زاماندا نىكاھسىز بىرگە تۇرغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، بۇلارمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يېڭى بىر تەركىبىي قۇرۇلمىسى بوپقالدى. گەرچە بىزنىڭ رايونىمىزدا بۇخىل قىلمىش ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقچىلىق ھېسابلانسىمۇ، ھازىر نۇرغۇن ئەللەردە بۇ شەخسنىڭ ئەركىنلىكى، ئىختىيارلىقى ئىچىدىكى ئىش ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدا 1997- يىلى نىكاھسىز بىرگە تۇرغۇچىلار 4 مىليون جۈپكە يەتكەن. بۇنىڭ 36 پىرسەنتى تېخى 18 ياشقا توشمىغان باللار ئىكەن. پۈتكۈل دۆلەت مىقياسىدا 16 ياشقا توشمىغان 50 پىرسەنت ئەتراپىدا بالا نىكاھسىز ئائىلىلەردە تۇرۇشقا مەجبۇر ئىكەن. ئەلۋەتتە بۇنىڭدەك مىساللار نۇرغۇن، ھەممىنى بىر- بىرلەپ تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمىز. مەن بۇيەردە دېمەكچى بولغان مەسىلە ھازىر بەزى جەمئىيەتشۇناسلار بۇخىل نىكاھسىز بىرگە تۇرغۇچىلارنىمۇ ئائىلە ھېسابلاۋاتىدۇ، ئۇلارغىمۇ بىر قانۇنلۇق نەزەرىيىۋى ئاساس- باھانە ئىزدەۋاتىدۇ. ئەگەر بۇخىل قىلمىش ئىلىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئائىلىنىڭ بىر كىچىك ھۆكۈمەت ئىكەنلىكى ۋە ئەزالارنىڭ ھوقۇقى مەسىلىسى.

5. مائارىپ فۇنكسىيىسى

يەنى بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى، ئىجتىمائىيلىششى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرىنى يېتەكلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

6. كۆڭۈل ئېچىش فۇنكسىيىسى

بالىلارنىڭ ئويۇنلىرى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى.

7. مەدەنىيەت فۇنكسىيىسى

بۇ ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەت، دىن، ئەنئەنىنى تارقىتىش، ئۆگىتىش فۇنكسىيىسىنى كۆرسىتىدۇ.

تۆۋەندە مەن پەقەت ئائىلىنىڭ تەربىيە فۇنكسىيىسى ھەققىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن: ھەممىگە مەلۇمكى، ئائىلە ئادەملەرنىڭ تۇنجى مەكتىپى، ئادەمگە يېزىلىدىغان تۇنجى خەت ئائىلىدە يېزىلىدۇ. ئادەممۇ تۇنجى سۆزنى ئائىلىدە قىلىدۇ، تۇنجى كۈلكىنى ئائىلىدە كۈلىدۇ، تۇنجى يىغىسىنىمۇ ئائىلىدە يىغلايدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئائىلە ئادەملەرنىڭ تۇنجى مەكتىپى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەڭگۈلۈك مەكتىپى، ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مەكتەپتۇر. ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسى (مائارىپ) گە ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى، مەكتەپ ئادەمگە بىلىم-ماھارەت، ئىقتىدار ئۆگەتسە، ئائىلە ئادەمگە كىشىلىك پەزىلەت، ئەخلاق، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى

ئۆگىتىدۇ. ئادەمگە نىسبەتەن بۇ ئىككىسىدىن ھېچقايسىسى كەم بولسا بولمايدۇ. مەكتەپ تەربىيىسىنى ئائىلىدە ئېلىپ بېرىش مۇمكىن، ئەمما ئائىلە تەربىيىسىنى پەقەت ۋە پەقەت ئائىلىدىلا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى مۇتلەق رەۋىشتە غەرەزسىز، تەبىئىيلا ئېلىپ بېرىلىدىغان، كونكرېت قەدەم-باسقۇچ، دەرسلىكلەر، پىلان-پروگراممىلار يوق بولغان بىر خىل ئىستىخىيىلىك تەربىيە جەريانى. بۇ خىل تەربىيىنىڭ ئىشقا ئېشىش جەريانى مەلۇم بىر نەرسىنى ئىگىلەش، ئۆگىنىش جەريانى بولماستىن، سىڭىشىش، تەبىئىي ئۆزلىشىش جەريانى بولىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭ تەسىرى خۇددى ئىرسىي ئالاھىدىلىكلەردەك مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

ئاتا-ئانىنىڭ ئائىلىدىكى گەپ-سۆزى، ئىش-ھەرىكەتلىرى، قولۇم-قوشنىلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن بولغان بېرىش-كېلىش ئالاقىلىرى ... قىسقىسى، ئائىلىدىكى ھەربىر ئىش دەل ئائىلە تەربىيىسىدىكى دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ. پەرزەنتلەر ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلمىغان ھالدا مۇشۇ ئىش-ھەرىكەتلەردىن تەبىر قوبۇل قىلىدۇ، ئۆرنەك ئالىدۇ. جەمئىيەتتە ئاتا-ئانىلىرى جېدەلخور بەزى ئائىلىلەرنىڭ ھەممە بالىسىنىڭ دېگۈدەك ئوخشاشلا ئاتا-ئانىسىدەك جېدەلخور ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئاتا-ئانىلار ھەرگىزمۇ بالىلىرىغا مەخسۇس جېدەل قىلىشنى ئۆگەتمەيدۇ، پەقەت بالىلىرى ئاتا-ئانىلىرىدىن تەبىئىي يوسۇندا ئىستىخىيىلىك ئۆگىنىپ قالىدۇ، ئۇلارغا ئادەت خاراكتېرلىك

سىڭىپ قالىدۇ. بۇخىل تەبىئىي سىڭىپ قالغان يامان ئادەتتىن قۇتۇلماق بەك تەس.

بىر ئادەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ تەربىيىلىنىشى ئائىلە، جەمئىيەت، مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ئورتاق تەسىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپ تەربىيىسىدىكى ساقلىنىش تولىمۇ تەس بىر مەسىلە، تەربىيە بىردەكسىزلىكى مەسىلىسى. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر دەل مۇشۇ ئۈچ تەرەپ تەربىيىسىدىكى مۇۋازىنەتتە تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئالايلۇق، ئائىلە بالىلارغا ئائىلە ئۈچۈن، ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگىتىدۇ، جەمئىيەت ئۇنىڭغا ئۆزى ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگىتىدۇ، مەكتەپ بولسا دۆلەت ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگىتىدۇ. تەربىيىدىكى بۇخىل بىردەكسىزلىك مۇقەررەر بالىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاخىرىدا خۇددى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكىدەك — جەمئىيەت مەقسەتسىز ياشايدىغانلارغا تولۇپ كېتىدۇ. مەقسەتسىز ياشاش دەل ئىنسانلارنىڭ قايغۇ-ئەلىمىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى.

ئەمدى بىز ئائىلىنىڭ تەربىيە فۇنكسىيىسىنىڭ مۇھىم ئىككى تەركىبى بولغان مۇھەببەت فۇنكسىيىسى ۋە ئەخلاق فۇنكسىيىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

مۇھەببەت فۇنكسىيىسىنى باشقىچە ئېيتقاندا، مۇھەببەت تەربىيىسى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. پەرزەنتلەر بايلىققا ئېرىشەلمىسە، ئۇنى ئۆزى تاپالىشى مۇمكىن. بىلىمگە

ئېرىشەلمىسە ئۇنىمۇ ئۇزى ئۇگىنىشى مۇمكىن. ئەمما، كەم بوپقالسا ۋارىسلىق قىلىپ ئېرىشمەك مۇمكىن ئەمەس نەرسە مۇھەببەت. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە سۆيۈش- سۆيۈلۈش، كۆيۈنۈش- كۆيۈنۈلۈش سەرگۈزەشتىسى بولمىسا، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ كېيىن يوچۇن كىشىلەر بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلىك كەيپىياتتا ياشىيالىشى بەك قىيىن. ئائىلە ھېچقانداق بىر ئورگان ئورنىنى ئالالمايدىغان مۇھەببەت تەربىيىسى مەكتىپى. كىشى ھاياتلىقتا باشقىلارنى قەدىرلەش، سۆيۈش، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش، كۆيۈنۈشنى پەقەت ئائىلىدىن ئۆگىنىدۇ. ئائىلىدىن بۇ خىل مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تۇنجى بولۇپ ھېس قىلىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىللىقلىقنىڭ، سۆيگۈنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مانا بۇلار كىشى ھاياتىدا باشتىن ئۆتكۈزمىسە بولمايدىغان بىر مۇھىم تەربىيە جەريانى.

ئادەم ئاۋۋال دۇنياغا پەرزەنتلىك سالاھىيىتىدە تۇغۇلىدۇ. دېمەك، ئۇ تۇنجى قېتىم بىر بالا — پەرزەنت بولىدۇ، كېيىن چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بولىدۇ. ئۇ ھالدا ئۇنىڭغا بىر يېڭى سالاھىيەت قوشۇلىدۇ. ئۇ چاغدا ئادەم يا ئاكا، يا ئۇكا، يا ئاچا، يا سىڭىل بولىدۇ. كېيىن ئۇلار قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن توي قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار ئەر ياكى خوتۇنلۇق سالاھىيىتىدە بولىدۇ. كېيىن پەرزەنتلىك بولۇپ ئاتا- ئانا بولىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئادەملەرنىڭ بىر- بىرلەپ ئۆزىدە ھازىرلايدىغان ئاساسلىق

ئادىمىي سالاھىيىتى. مانا بۇ تۆت خىل جەرياندا ئادەم ئوخشىمىغان روھىي دۇنيا، ئوخشىمىغان مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە ياشاپ، كىشىلىك دۇنيادىكى زۆرۈر پىسخىك پەزىلەت، مېھىر-مۇھەببەتنى يېتىلدۈرىدۇ.

ئادەم تۇغۇلۇپ پەرزەنتلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان چەكسىز كۆيۈنۈشى، مېھىر-مۇھەببىتى، غەمخورلۇقى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، شۇ جەرياندا ئۆزىدىمۇ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مۇھەببەت، ھۆرمەت، ۋاپادارلىق شەكىللىنىدۇ ھەم ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئاتا-ئانىسىغا بولغان تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئادەم تۇنجى قېتىم مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلىدۇ. مۇھەببەتنىڭ يادروسى قۇربان بېرىش ۋە ئەپۇ قىلىشتۇر. ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتكە، پەرزەنتنىڭ ئاتا-ئانىغا بولغان بۇخىل خالىس، مىننەتسىز مۇھەببەت جەريانى، پەرزەنت قەلبىگە باشقىلارنى قانداق سۆيۈشنىڭ تۇنجى ئۇرۇقىنى تىكىدۇ. پەرزەنت سەل چوڭ بولۇپ قېرىنداشلىرى بولغاندىن كېيىن ئوخشىمايدىغان بىر مۇھەببەتنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىدۇ، باشقىلار بىلەن قانداق چىقىشىپ ياشاشنى، بىر-بىرىنى قانداق ئەپۇ قىلىشنى، قانداق كۆيۈنۈشنى ئۆگىنىدۇ. چۈنكى، قېرىنداشلىق مۇھەببىتى ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت مۇھەببىتىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ تېخىمۇ كۆپ بەدەل، سەۋر-تاقەت تەلەپ قىلىدۇ. ئاتا-ئانىغا بولغان ۋاپادارلىق

تەبىئىي مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە بولسا، قېرىنداشلىق ئۈنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئادەم قېرىنداشلىقتا تەمەدىن، مىننەتتىن خالىي بولمىقى تەس.

ئۈچىنچى باسقۇچتا، ئادەم يېگى بىر ھەمراھ، يەنى ئەر ياكى بىر ئايال بىلەن بىرگە ياشايدۇ، يەنى بىر ئائىلىدە تۇرىدۇ. مانا بۇ تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئالىيجانابلىق ۋە كىشىلىك پەزىلەت، مىننەتسىزلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، مۇتلەق ساداقەت، سەممىيلىك بۇخىل مۇھەببەتنىڭ يىلتىزى بولىدۇ، ئەپۇ ۋە خالىس قۇربان بېرىش بۇ يىلتىزنى شاخلىتىدۇ، باراقسانلىتىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى باغدەك پات ـ پات ئوتاشقا، قۇرت ـ قوڭغۇزلىرىنى تازىلاشقا، سۇغىرىپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشقا موھتاج. بولمىسا، بۇباغنى ياۋا ئوت ـ چۆپ، قۇرت ـ قوڭغۇزلار بېسىپ كېتىشى مۇمكىن. ئادەمنىڭ بۇھالەتتە ئۆز سالاھىيتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى، ئائىلىدە ئۆز ئورنىنى ھەقىقي ئېتىراپ قىلىشى، بىر ـ بىرىنىڭ ئۆزئارا نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى، ئائىلە تىنچلىقى ۋە بەختىنىڭ ئاساسى بوپقالىدۇ.

ئەر ـ ئايال مۇھەببىتى يۇقىرىقى ئىككى خىل مۇھەببەتكە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەمنى بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ ساداقەتمەن، ئەپۇچان، كەڭ قورساق، مىننەتسىز، شەخسىيەتسىز بولۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇجەرياندا ئادەم پىسخىك جەھەتتە تېخىمۇ زور دەرىجىدە پىشىپ يېتىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل مۇھەببەت ئەر-خوتۇن مۇھەببىتىنىڭ خېمىرتۇرۇچى بوپقالىدۇ.

تۆتىنچى باسقۇچتا، ئەر-خوتۇنلار پەرزەنتلىك بولۇپ، ئاتا-ئانىغا ئايلىنىدۇ. ئاتا-ئانىلىق سالاھىيەت ئەڭ پىشىپ يېتىلگەن پىسخىك ساپا تەلەپ قىلىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتى يۇقىرىقى ھەرقانداق بىرخىل مۇھەببەتكە قارىغاندا ئەڭ ھەقىقىي، ئەڭ خالىس، ئەڭ سېخىي بولىدۇ. ئاتا-ئانا بۇچاغدا پۈتۈنلەي پەرزەنت ئۈچۈن ياشايدۇ، ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ، پەرزەنتىدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايدۇ، مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا بۇ بىر مۆجىزە.

قىسقىسى، يۇقىرىقىلار ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تۆت خىل ئاساسلىق مۇھەببەت. بۇلارنى تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە قەدەر كېڭەيتىپ، تەتبىقلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. دېمەك، ئائىلىدە پەقەت ۋە پەقەت ئائىلىدىلا مۇشۇ خىل مۇھەببەتنى يېتىلدۈرگىلى، ئۇنىڭ تەمىنى تېتىغىلى، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ تۆت خىل مۇناسىۋەتنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىلتىزى، ئەندىزىسى، ئۆرنىكى، قېلىپى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قېنى ئەمدى نەزەرىمىزنى ئائىلىنىڭ ئەخلاق فۇنكسىيىسىگە يۆتكەيلى. ھەرقانداق بىر ئائىلە مەلۇم مەدەنىيەت سىستېمىسىغا تەۋە جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ

ھەرخىل كونكرېت ئامىل، ئېلېمېنتلىرى ئائىلىدە، ئائىلە تۇرمۇشىدا ھەر زامان، ھەر ماكان ئىپادىلىنىپ، ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئائىلىمۇ بىر كىچىك مەدەنىيەت ئوچىقى. ئۇ ئىستىخىيىلىك يوسۇندا مەدەنىيەت يارىتىدۇ يەنە ھەم شۇ مەدەنىيەتنىڭ سورۇنى بولىدۇ، شۇنداقلا شۇ مەدەنىيەتنى قوغدايدۇ. شۇ مەدەنىيەتكە خاس بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلى، قىممەت قاراش، ئەخلاق ئەندىزىلىرى دەل ئائىلىدىكى تەربىيە مۇھىتى ئارقىلىق ئەجدادتىن ئەۋلادقا كۆچىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ئەخلاق بىۋاسىتە ئائىلىدە يېتىلىپ مۇكەممەللىشىدۇ. ئادەمنىڭ ئەخلاقىمۇ ئاۋۋال ئائىلىدە يېتىلىدۇ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئەكس ئېتىدۇ، شۇنداقلا ئائىلە تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئائىلىلەر بەلگىلەيدۇ.

ئادەم تۇنجى بولۇپ ئائىلىدە ئەدەپ، ھايا، ھۆرمەت ئۆگىنىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى ئادەمنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئائىلىدە ئەخلاقسىزلىققا كۆنگەن باللارنى مەكتەپ، جەمئىيەتتە ئەخلاققا ئىگە قىلماق ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، باللار دوستلىرى ئارىسىدا قىلىشىدىغان ھاياسىز چاقچاق، پاراڭلىرىنى ئائىلىدە قىلالمايدۇ، سىرتتا تاماكا- ھاراققا ئاشنا بولسىمۇ، ئائىلىدە ئاز- تولا بولسىمۇ دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئائىلىنىڭ شەخسنى نازارەت قىلىشى، جەمئىيەت، مەكتەپتىكىدىن كۆرە ئىنچىكە، مۇقەددەس بولىدۇ.

ئائىلىنىڭ ئەخلاق يېتىشتۈرۈش رولى پەقەت پەرزەنتلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانا بولغۇچىغىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت پەقەت ئائىلىدىن ئىبارەت بىر ئىجتىمائىي ئورگان بولغىنى ئۈچۈن نۇرغۇن بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىقلاردىن خالىي تۇرىدۇ. قەيەردە ئائىلە ئاساسى ئاجىز، ئائىلە ئىككى تۆۋەن بولىدىكەن، شۇيەردە تىنچسىزلىق، غەم-قايغۇ كۆپ، ئىجتىمائىي تەرتىپ قالايمىقان، ئەخلاقسىزلىق يامرىغان بولىدۇ. ئەگەر ئائىلە بولمىسا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئائىلە ئەخلاقى شەخس ئەخلاقىنى يېتىلدۈرىدۇ، جەمئىيەت ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئائىلىسىز ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەخلاقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شەھەرلەردە ئائىلىنىڭ ئىلگىرىكى مۇقەددەسلىك ئورنىنىڭ تۆۋەنلەۋاتقانلىقى شەھەرلەردىكى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. قىسقىسى، ئائىلىنىڭ تەربىيە رولىنى ھېچقانداق ئورگان ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. مەكتەپتە باللارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان بىلەن ئاتا-ئانىسى يوق، جەمئىيەتتە دوستلىرى بولغان بىلەن قېرىنداشلىرى يوق. ئائىلىدە ھەممە ئادەم تەربىيىلىگۈچى ھەم تەربىيىلەنگۈچى. ئائىلىمۇ بىر مەركىزىي دەرسلىكى يوق مەكتەپ. چۈنكى ئائىلىدىكى ھەربىر سۆز، ھەربىر ئىش، ھەربىر پائالىيەتنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئۆزى دەرسلىك. بۇ ئادەمنىڭ قايسى خىل ئىنسانىي خىسلەت، پەزىلەتنە ياششىنى بەلگىلەيدىغان دەرسلىك.

بۇگۈن، ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ بۆشۈكى بولغان ئائىلە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كرىزىس، خىرىسقا دۇچ كەلدى. نۇرغۇن ئەل - دۆلەتلەردە ئائىلە تولىمۇ بىچارە ئورۇندا، قۇتقۇزۇشقا موھتاج بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئىنسانىيەت تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىلگىرىكى تۇرمۇش شەكلىدىكى ئاساسلىق مەركىزىي بىرلىك ئائىلىگىمۇ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئەكەلدى. نۇرغۇن مۇتەپەككۇر، جەمئىيەتشۇناسلار ئائىلىنىڭ ئەمدى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىدە ئىلگىرىكىدەك مەركىزىي، مۇقەددەس ئورۇندا تۇرمىسىمۇ بولىدىغانلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىچە تۇرمۇش يوللىرىغا ماسلىششى كېرەكلىكى ھەققىدە يېڭى - يېڭى پەتىۋا، نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. ئىنسانلارغا راستتىنلا ئائىلە بولمىسىمۇ بولىۋېرەمدۇ؟!

ئىنسانلار ھەرۋاقىت ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ. پەقەت ئوخشىمىغان دەۋردىكى ئۆزگىرىشلەر كۆلەم - سۈرئەت، تەسىر جەھەتتە پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن بىز بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ئالەمشۇمۇل، غايەت زور دېگەن سۈپەتلەشلەر بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئالىمىز. ئىنسانلاردىكى مۇشۇ يېقىنقى ئىككى - ئۈچ ئەسىر، بولۇپمۇ بىر ئەسىر مابەينىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى شۇنداق ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ھەقلىقمىز. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ

لەۋبىنى سۇرۇشتۇرگىنىمىزدە، يەنىلا نەزىرىمىز يېقىنقى زامان ياۋروپا جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن دىنىي ئىسلاھات، ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىشى ۋە سانائەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت يېقىنقى زامان ياۋروپا جەمئىيىتى مەيدانغا كەلتۈرگەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە چۈشىدۇ. چۈنكى، بۇ ياۋروپا جەمئىيىتىنىلا ئەمەس، ياۋروپا ئارقىلىق پۈتكۈل ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ھازىر ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئۆزگىرىشنى غەربنىڭ تەسىرىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ياكى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى زاماندا بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر دائىرىسى، كۆلىمى ۋە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئاجايىپ تېز، بەك چوڭقۇر، بىۋاسىتە يۈز بېرىدىغان بولدى. مانا بۇ شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەر ئائىلىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مۇقەددەس ئورنى، نوپۇزى، قىممىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئائىلە بارغانسېرى ئەسلىي مەنىسىدىن ياتلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئائىلىسىز جەمئىيەت بەزى ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان يېڭى ئوتوپىيىگە ئايلاندى. ئىنسانلار بارغانسېرى ئائىلىنى ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋاتقان، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ زور ئىشلارنى تەۋرىتىشتىن توسىدىغان، پۇت - قوللىرىنى بوغۇۋالغان ئاسارەت دەپ قاراشقا باشلاپ، يېڭى تۇرمۇش

شەكىللىرىنى ئىختىرا قىلىشقا يۈزلەندى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇش مودىغا ئايلاندى. پەرزەنتلىك بولۇشنى دېمىسە، توي قىلىش نۇرغۇن كىشىلەرگە ئەھمىيەتسىزدەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئاجرىشىش، قايتا توي قىلىش دېگەنلەر خۇددى كىيىم-كېچەكنى سېلىپ-كىيگەنچىلىك شۇنچە ئوڭاي، بىمالال قىلىنىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا، كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئائىلىدە بەخت ئىزدەشتىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەتلىك، زور ئىش بوپقالدى. ئىلگىرى ئائىلىلەر مېھىر-مۇھەببەت ئىزدەيدىغان، يېڭى ئەۋلاد يېتىلدۈرىدىغان ئورۇن بولغان بولسا، ھازىر پەقەتلا بىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان بىر ئۆتەڭ بوپقالدى. كىشىلەرنىڭ ئائىلىگە بولغان چۈشەنچىسىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇشنىڭ ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى، نىكاھنىڭ ئىلگىرىكى مۇقەددەسلىك ئورنىنى يوقىتىشى، بۇخىل قىلمىشلارغا قارشى كۈچلۈك بىر ئىجتىمائىي ئەخلاق بېسىمى، قانۇن ۋاستىسى، جامائەت پىكرى بولماسلىقى، جىنسىي بۇزۇقچىلىقنىڭ بىر ئادەت سۈپىتىدە جەمئىيەتلىشىشىگە داغدام يول ھازىرلاپ بەردى. كىشىلەر ئىلگىرى ئەرلىرى، خوتۇنلىرىدىنلا ئېرىشەلەيدىغان نەرسىلەرگە باشقىلاردىنمۇ بىمالال ئېرىشەلىگەچكە، ئۆينى ھەر ئىككى تەرەپ مېنىڭ ھوقۇقۇم دەپ قارىغاچقا، بۇزۇقچىلىق قانۇنىي كاپالەت بىلەن قوغدىلىپ،

ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىق ھېچكىمدىن سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان بولدى.

بەلكىم مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملاشسا، ئائىلىسىز جەمئىيەتلەرمۇ مەيدانغا كېلىشى، ھارامدىن بولغان باللارنى دۆلەت ياكى ئىجتىمائىي خەير-ساخاۋەت ئورۇنلىرى بېقىشى؛ ھازىر ئاياللار ئەرلەرسىزمۇ پەرزەنتلىك بولالىغاچقا، ئەگەر جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرىدىغان يېڭى چارە تاپالىسا (بەلكىم تاپقاندۇ)، بەلكىم بىزگە ئەر لازىم ئەمەس، پەرزەنتلا لازىم، دەپ شوئار توۋلىشى، دورىخانىلاردا ئۇرۇق سېتىلىشى، ئاياللار شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى ئۇرۇقلاندۇرالىشى ياكى بەدەن سىرتىدىلا ھامىلە يېتىشتۈرۈپ بېقىشى، بۇنداق چارىلەر تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، بۇنى دوختۇرخانىلاردىلا قىلالايدىغان ھالەتتىن، ئۆيدىمۇ كىشىلەر ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن قىلالايدىغان بولۇشى مۇمكىن.

مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ئىنسانلار جەمئىيىتىنى قانداقراق ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن؟ ئەلۋەتتە، ناۋادا شۇخىل ھالەت ھەقىقەتەن ئومۇملىشىپ قالسا، ئىنسانلار بۇنىڭغىمۇ يېڭى ئۇقۇم، نەزەرىيە ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭمۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ بۇنىڭغا ماسلىشىشى كېرەكلىكى ھەققىدە قايىل قىلارلىق ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇمكىن. چۈنكى، ھازىر ئىنسانلارغا ئۆز نەپسى ئۈچۈن ھەرقانداق بىر نەرسە، مەيلى ئۇ

مۇقەددەس دىنىي پرىنسىپ ياكى ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەت بولسۇن، ھەممىسى بەربىر. ھازىر ئىنسانلار ئۇچۇن دېگىلى، يازغىلى بولمايدىغان گەپ، قىلغىلى بولمايدىغان ھېچقانداق ئىش يوق.

قايسى سەۋەب ھازىرقى زامان ئائىلىلىرى (بولۇپمۇ شەھەر ئائىلىلىرى) دە يۇقىرىقىدەك يۈزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇ ئىككى تەرەپمۇ بىر-بىرىنى شەرت-سەۋەب قىلىدۇ، بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان مۇستەقىل جەريان ئەمەس.

بىرىنچى، ئىش تەقسىماتىدىكى ئۆزگىرىش.

يۇقىرى دەرىجىدىكى سانائەتلىشىش ئەر-ئايالنىڭ ئەنئەنىۋى ئىش تەقسىماتىغا زور ئۆزگىرىش ئەكېلىپ، ئىلگىرى ئەرلەرلا قىلالايدىغان ئىشلارنى ئاياللارمۇ قىلالايدىغان، ئۆزلىرى مۇستەقىل پۇل تاپالايدىغان، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى تەڭ ئۈستىگە ئالالايدىغان بولدى. بۇ ئەر ۋە ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىغا، رولىغا يېڭى ئۆزگىرىش ئەكەلدى. ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ باشتا قانداقلا بولمىسۇن ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ياخشى ئىش، دەپ قارالدى. ئەمما، بۇ ياخشى ئىش بارغانسېرى ئۆزىنىڭ نورمال دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىپ، ئاياللاردىكى ئانىلىق، خوتۇنلۇق بۇرچ تۇيغۇسى،

www.uyghurkitap.com



ئىككى بارغانسېرى سۇسلاپ، ئائىلە ئاياللار نەزىرىدە بارغانسېرى ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئائىلىنى كىشەن، تۈرمە دەپ قارايدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىدىكى ئىللىقلىق بارغانسېرى يوقاشقا، ئائىلە ئوخشاشلا ئەرنىمۇ، ئايالنىمۇ تازا قىزىقتۇرالمايدىغان، ھەر ئىككى تەرەپ ئائىلىدىن زېرىكىدىغان، ئائىلىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيدىغان، پەرزەنتنى دەپلا ياشايدىغان بولدى. نەتىجىدە بۇخىل ئائىلىدىن زېرىكىش ئائىلىدىن ۋازكېچىشكە ئۆزگەردى. ئائىلىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپ نەزىرىدىكى قىممىتى، ئورنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەگەر ئاياللار ئائىلىدە تۇرۇپ ئېرىگە تايىنىپ، باللىرىنى بېقىپ ياشىسا، ئەرلەر ھەددىدىن ئېشىپ، مۇستەبىت بولۇۋېلىپ، ھەممىلا ئىشتا ئۆزىنى ھاكىم - قازى قىلىۋالدى، ئايالنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى، ئۆزىنىڭ ئايالغا نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ھەققىدە ئويلانمىدى. قىسقىسى، ئائىلىدە ئاياللارغا تەڭسىزلىك پەيدا قىلىپ، ئائىلىنى بىر زۇلۇم زىندانىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاياللارنى خارلىدى، ھەرگىزمۇ ئايالىمنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىمنى يۇيۇپ، باللارنى بېقىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولاي، دەپ قارىماي، شۇنى قىلمىسا نېمە قىلاتتى؟ ئۇ دېگەن خوتۇن كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ ئۆكتەملىك قىلدى. ئايال كىشىمۇ ئاز - تولا ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ پۇل تاپالىسا، مېنىڭمۇ ئېرىم، باللىرىم، ئائىلەم بار، مەن قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا بىر

خوتـۇن، بىـر ئانـا دەپ ئـۆز سـالاھىيتىنى ئـاڭلىقلىق بىلـەن تونۇمىدى، ئېرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇردى. دېمەك، ئەر ۋە ئايالنىڭ ئۆز سالاھىيتىنى توغرا تونۇپ يەتمەسلىكى ئائىلىنى بىر مۇھەببەت، ئىللىقلىقنىڭ ئۇۋىسى ئەمەس، ئازاب ـ دەردنىڭ ئۇۋىسىغا ئـايلاندۇرۇپ قويـدى. نـەتىجىدە ئـەرمۇ، ئايـالمۇ ئـائىلىدىن ۋاز كېچىشنى دەرد ـ ئەلەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى قىلىۋالدى.

ئىككىنچىسـى، كىشـىلەرنىڭ قىممـەت قارىشـى، ئېڭىنىـڭ ئۆزگىرىشـى. ئـاڭنىڭ ئۆزگىرىشـى مۇنـۇ ئىككـى تەرەپـنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، ھوقۇق ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى؛ يەنە بىرى، ئەخلاق ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى.

ئىش تەقسىماتىدا ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشى، تـەبىئىيلا ئـۇلاردا ھوقـۇق ئىسـتىكىنى پـەيدا قىلىـپ، ئۇلارنىـڭ ئىجتىمـائىي ئورنىغـا يېڭـى بىـر سـوئال قويـدى ھـەم ئايـاللار ھوقۇقىنىـڭ بارغانسېرى كۈچـەپ تـەرغىب قىلىنىشى، كىشىلىك ھوقۇق چاقىرىقلىرى، جىنسىي ئازادلىق شوئارلىرى ئاياللاردا ئەرلـەر بىلـەن بـاراۋەر تـۇرۇش ئېڭىـنى، ئـۆزىنىڭ خـالىغىنىنى قىلـىش ئىسـتىكىنى پـەيدا قىلـدى. ئايـاللار ئىلگىـرىكىدەك باشقۇرۇلمايدىغان، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزى خالىغىنى بويىچە قىلىدىغان بولـدى. يۇقـىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئائىلـە ئـۇلار ئۈچۈن ئىككىلەمچى نەرسىگە ئايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەخلاق ئېگى جەھەتتە، ئىلگىرى نومۇس قىلىدىغان، ھايا قىلىدىغان نەرسىلەر بارغانسېرى كەڭ ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، دۆلەت تەرىپىدىن قانۇنلاشتۇرۇلدى، شەخسنىڭ ئەخلاقسىزلىقىغا بولغان جامائەت پىكرى بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇش، بەچچىۋازلىق قاتارلىقلارنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى، جىنسىي ئازادلىق شوئارلىرى، يەنە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش چارىلىرى، بەدەن سىرتىدا ھامىلە يېتىشتۈرۈش تېخنىكىلىرى بۇ خىل ھالەتنى ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرمۇ، ئايالمۇ ئۆزىنىڭ تەلەپلىرىنى سىرتتىن، باشقىلاردىن بىمالال تەلەپ قىلالايدىغان، شۇلار ئارقىلىق قاندۇرالايدىغان بولدى، ھەرگىزمۇ قىلغانلىرىغا ئازابلىنىش، ئۆكۈنۈش ھېسسىياتىدا بولمىدى.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇنۇ خەۋەرنى قىستۇرغۇم كەپ قالدى. باشتا بولدىلا، دېمەي، دەپ ئويلىغان، ئەمما يەنىلا كىشىلەرگە ئادەملەرنىڭ قانداق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئارزۇيۇم غالىب كەلدى. ئادەم بۇنى يېزىشتىنمۇ نومۇس قىلىدۇ:

ئەدەبىي ھېكايىلەر گېزىتىنىڭ 2002- يىل 12- ئاۋغۇست كۈندىكى 31- سانىغا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلغان:

خوتۇن ئالماشتۇرۇش ئويۇنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ئەۋج ئالماقتا. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ھازىر ئامېرىكىدا 500 دىن

ئارتۇق خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبى بار ئىكەن. بەزى چوڭ تىپتىكى خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبلىرى بىرەر چوڭ مېھمانخانىنى كۆتۈرىگە ئېلىۋېلىپ، بىرلا ۋاقىتتا 4000 چە ئادەمنىڭ قىزغىن كەيپىياتتا خوتۇن ئالماشتۇرۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىكەن. لوس-ئانژېلىس خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبىنىڭ مەسئۇلى راچرېيتىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئويۇن 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى باشلانغانىكەن. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىشنى تولىسى جەمئىيەت لۈكچەكلىرى، جىنسىيەت ئىسيانكارلىرى قىلىدىكەن، ھازىرقىلىرى بولسا 30 ~ 40 ياشقىچە بولغان، مۇقىم خىزمەت كىرىمى بار ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار ئىكەن. ھەر ھەپتە ئاخىرى سان-فرانسىسكو دېگەندەك ھەممە چوڭ شەھەرلەردە بۇخىل چوڭ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن. خەۋەر قىلىنىشىچە، بۇ ئويۇننى ئوينايدىغانلار ناھايىتى باي بولۇپ، ھەمىشە پۈتۈن بىر بىنانى ئىجارىگە ئالىدىكەن. يېقىندا مىئامى شەھىرىدە 4000 دىن ئارتۇق ئادەم 17 قەۋەتلىك بىر بىنانى ئىجارىگە ئاپتۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا 2000 چە ھەۋەسكار ھەر يىلى يانۋاردا يامايكىنىڭ بىر ئىستىراھەت رايونىغا بېرىپ ياشايدىكەن. مەملىكەت بويىچە 500 دىن ئارتۇق مۇشۇنداق كۇلۇب بولۇپ، نەچچە مىڭ ئادەم مۇشۇ ئايدا نېۋادا شىتاتىنىڭ بىر شەھىرىدە مەملىكەتلىك ئەزالار چوڭ يىغىنى ئاچماقچىكەن. بۇ ئويۇنغا قاتناشقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار بۇ كۇلۇبقا قاتناشقاندىن كېيىن ئەزالىق بەدەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



پۇلى تاپشۇرىدىكەن. كۆپىنچە ئەرلىرىنىڭ دەۋىتىدە ئاياللار قاتنىشىدىكەن، نۇرغۇن ئاياللار بۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بۇ يېڭى ئىش ئەمەسكەن. كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇنى بىر ئېپلاس قىلمىش، دەپ قارىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئەھلىنىڭمۇ نۇرغۇن باھانىلىرى بارئىكەن. ئۇلار ئەر ـ خوتۇن ئۇزۇن بىرگە ياشىسا، بىر ـ بىرىدىن زېرىكىپ قېلىشتىن ساقلانماق تەس، تالاغا قاراپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەر ـ ئايال بۇنى توغرا چۈشەنگەن ئاساستا، خوتۇن ئالماشتۇرۇپ ئىچ پۇشۇقنى چىقارغان ياخشى، دەپ قارايدىكەن... ھەم ئۇلار بۇ ھېچكىمگە دەخلى قىلمىغاندىكىن، باشقىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىۋېلىش ئاساسى يوق، دەپ قارايدىكەن.

مەن بۇنى قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلدىم. بەزى جايلىرىنى يېزىشقا ھەققەتەن يۈزۈم چىدىمىدى. مېنىڭ بۇ خەۋەر ھەققىدە ھېچنېمە دېگۈم يوق، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەقلىگە ئىشىنىمەن. ھەراست، يەنە ئاڭلىسام يېقىندا ئاۋستراليىدە بىر پاھىشىخانا پاي چېكىنى بازارغا سېلىپ كۆپ پۇل تېپىپتىمىش (بۇ ئەھۋال بۇ پاھىشىخانىنىڭ قانچىلىك تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ).

دېمەك، يېقىنقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقى دەۋردە ئائىلىنىڭ ئورنى، نوپۇزى تارىختىكى ھەرقانداق

دەۋردىكىدىن بەك تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. ئىكاھنىڭ ھەقىقەتەن رولى، قىممىتى يوقمۇ؟

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىچە، تويى قىلغانلارنىڭ سالامەتلىكى، بويتاقلار ياكى ئاجرىشىپ كەتكەنلەرنىڭكىدىن كۆپ ساغلام بولىدىكەن، كېسەل بولۇپ قالسىمۇ جورىسى يوق كىشىلەردىن تېز ساقىيىدىكەن. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تاشقى كېسەل دوختۇرى بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئېرىشكەن خۇلاسىسى مۇنداق بولغان: تويى قىلغان ئادەم تويى قىلمىغان، ئايرىلىپ ئولتۇرۇشقان ياكى ئاجرىشىپ كەتكەن ئادەملەرگە قارىغاندا ھەرخىل كېسەللەرگە تېخىمۇ ئاسان تاقابىل تۇرالايدىكەن. لوس ئانژېلىستىكى بىئولوگىيە دوكتورى روبېرت كوھىس 130 تۇردىكى رەسمىي نەشر قىلىنغان تەجرىبە تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى يىغىپ، ئىكاھنىڭ شەخسنىڭ بەختىگە بولغان تەسىرىنى ئۆلچىگەن. بۇ تەتقىقاتلار ئۆتكەن 60 يىل جەريانىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، نەتىجىسى بىردەك تويى قىلغانلارنىڭ تويى قىلمىغانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. يەنە بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا تويى قىلغان 90 ئەر-ئايالنىڭ ئاز دېگەندە 65 ياش ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى، قايسى خىل سەۋەبتىن بولمىسۇن ئىشقىلىپ، يا جورىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئاجرىشىپ كەتكەن ياكى تويى قىلمىغانلارنىڭ ئاران 60، 70 نىڭ 65 ياش ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئىقتىسادىي

جەھـەتتىن ئـېلىپ ئېيتساق، تـوي قىلغـانلارنىڭ ئىقتىسادى ئومۇمەن تـوي قىلمىغانلارنىڭكىدىن ياخشى بولىدىكەن. دوكتور ۋېتىر ئامېرىكىدا ياشانغانلارغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تـوي قىلغانلارنىڭ بـايلىقىنىڭ تـوي قىلمىغانلارنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىغان...

ئەلۋەتتە، يۇقىـرىدا دېگەنلىرىم، ھـەرقانداق ئىشتا پـەقەت ماددىي، ئەمـەلىي ئۇنۇمنىلا كۆزلـەيدىغانلار ئۈچۈن ماھىيەتتە نىكاھنىڭ پايدىسى بولا ئەمەس. نىكاھ ئىنسانلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، تۇرمۇشىنى رەتلىك، بەختلىك قىلىدۇ، جەمئىيەتنى تىنچ قىلىدۇ، ئادەمنى ئەخلاقسىزلىقتىن ساقلايدۇ، پەرزەنتلەرگە ياخشى تەربىيە مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى بۇ، ئىنسانلارنىڭ توپ، مۇقەددەس تۇرمۇش قانۇنىيىتى. كىمكى بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىدىكەن، چوقۇمكى چەكسىز زىيان تارتىدۇ.

ئەمدى بىز ئۆزىمىز، يەنى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئۈستىدە سۆزلەيلى:

مەلۇمكى، بىز ئۇيغۇرلار ئائىلە ئېڭى ئىنتايىن كۈچلۈك مىللەت. مېنىڭچە بۇھەقتە ئارتۇق بايان ھاجەتسىز. جەمئىيىتىمىزمۇ ئائىلە ئۇلى تەۋرەپ، يىمىرىلىۋاتقان، ئائىلە قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلگەن جەمئىيەت ئەمەس. ئەلۋەتتە بۇ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە مەسىلە ـ نۇقسان يوق، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەقلى بار كىشىلىرىمىز جەمئىيىتىمىزنىڭ كرىزىس

قاپلىغان بىر جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما، نۇرغۇنلىرىمىز يەنىلا بۇ كرىزىسنىڭ زىيىنىنى، بىزگە كەلتۈرىدىغان سەلبىي تەسىرىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەيمىز، شۇنىڭ بىلەن كرىزىسلىرىمىز يەنىلا دىققەتنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. جەمئىيىتىمىزدىكى ئائىلە كرىزىسى دەل مۇشۇنداق نۇرغۇن كىشىلىرىمىز دىققەت قىلمىغان بىر كرىزىس. بىزدىكى بۇ ئائىلە كرىزىسى ئەلۋەتتە غەرب جەمئىيىتىدىكىدەك ئېغىر، ئەجەللىك ئەمەس، ئەمما بۇ كرىزىس ھازىر بىز بىلىپ - بىلمەي، داۋالىمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالدى.

بۈيەردە ئاساسلىق سۆزلەيدىغىنىمىز، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى ئىناقسىزلىق، كۆڭۈلسىزلىك، ئائىلە تەربىيىسى، ئائىلە ئەخلاقى مەسىلىلىرى. ئۇيغۇرلاردىكى ئائىلە مەسىلىسى توغرىسىدا تەپسىلىي بىر ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش، ستاتىستىكىلاش مۇمكىن بولماي قالدى. ئەگەر شۇنداق قىلالىغان بولساق، چىقىرىدىغان يەكۈن، ھۆكۈملىرىمىز بەك توغرا، ئىشەنچلىك بولاتتى. مەن بۈيەردە پەقەت ئەتراپىمدىكى ئائىلىلەرنى كۆزىتىشتىن چىقارغان خۇلاسە، ئويلىرىمنى بايان قىلىمەن.

1. ئائىلە چۈشەنچىسى تولىمۇ تۆۋەن. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزى ياشاۋاتقان ئائىلىنىڭ رولى، قىممىتى ھەققىدە مۇپەسسەلرەك بىرەر چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. ياشلىرىمىز پەقەتلا ئەمدى بالاغەتكە يېتىپ قاپتىمىز، بۇنداق

ئۆتتۈرسەك بولماس، ھامىنى توي قىلىدىغان گەپ، دەپلا توي قىلىدۇ. بۇ ئاساسەن دېگۈدەك بىئولوگىيىلىك تەقەززانىڭ تۈرتكىسىدە بولغان بولۇپ، ئائىلىنىڭ قىممىتى، جورىسىنىڭ ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا تۇتىدىغان ئورنى، ئۆزىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە ئويلانمايدۇ. بۇخىل توي قىلىشتا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن بىرەر ئالىيجاناب مەقسىتى بولمايدۇ، توي قىلىش ئۈچۈنلا توي قىلىدۇ. بۇخىل ھادىسە ھازىر ياشلىرىمىزدا بەكرەك ئېغىر بولۇپ، ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن توي قىلىشىدىكى ئەڭ تۈپ ئامىل. ئۇلار ياخشى كۆرۈپ قېلىشنىڭلا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ئامالسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى شېرىن چاغلاردا پۈتۈنلەي چالا مەست ھالەتتە ئۆتۈشىدۇ، ئائىلىنىڭ بىر ئادەمدىن زادى نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇلار ئاساسەن ئويلانمايدۇ. نەتىجىدە تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان رېئال مەسىلىلەرگە ئاقلانە، سوغۇققان مۇئامىلە قىلالماي تۇرمۇشتىن تېزلا زېرىكىپ، بىردەمدىلا ئۇ ياخشى كۆرۈشلىرى توزغاقتەك توزۇيدۇ.

ئىگىلىشىمچە، نۇرغۇن ياخشى كۆرۈشۈپ، سىنىشىپ، ۋەدە - قەسەم ئىچىشىپ توي قىلغانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۇلار باشتا ئويلىغاندەك كۆڭۈللۈك بولمىغان، نۇرغۇنلىرى ئاجرىشىپ

كەتكەن، يەنە نۇرغۇنلىرى ئائىلىنى ۋەيران قىلماسلىق، بالىنى يېتىم قىلماسلىق ئۈچۈنلا ئاجرىشىپ كەتمىگەن.

دېمەك، ئۇلار ئائىلىنى بىر مۇقەددەس، بۈيۈك نەرسە، ئۇ بىزدىن مۇنۇ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىكەن، بىز مۇنۇلارنى ئۆزىمىزدە هازىرلىشىمىز كېرەك ئىكەن، دېگەنلەر ئۇستىدە ئويلىمىغاچقا، كاللىسىدا پەقەت توي قىلىشلا، ۋىسالغا يېتىشلا بار، تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئىدىيىسىدە بولسىمۇ تەييارلىق يوق. مەن چېۋىنىنىڭ كۆڭلىنىڭ پوقتا، مۇشۇكنىڭ كۆڭلىنىڭ بەزگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىغا، خۇددى كونىلار ئېيتقاندەك، ئادەم توي قىلغىلى قوپقاندا، كۆزىگە ئىشتان كىيىۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن مىساللار ماڭا بۇنىڭ ھەقىقەتەن توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. ئىست، شۇنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەنمەن، قەيىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغىيتتىم؟ شۇ چاغدا نېمە پوق يېگەن بولغىيتتىم؟ ... دەيدىغان گەپلەر سىز ۋە مەن تولا ئاڭلىغان گەپلەر. يىگىت، قىز هەر ئىككى تەرەپنىڭ تۇزۇكرەك بىرەر تۇرمۇش نىشانى، غايىسى يوق، كاللىسىدا مەن كەلگۈسىدە مۇنداقراق يولدا ماڭىمەن، مۇنداق مەۋقەدە ياشايمەن دېگەن ئىدىيە، خىيال بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىغا، جورىسىغا قويغان ئۆلچەم، تەلىپىنىڭمۇ ناھايىتى تايىنى يوق، ھەتتا ئۇنداق تەلەپ، ئۆلچەملەرنى ئويلاپمۇ يۇرمەيدۇ. ئادەم قانداق ياشاشنى ئويلىسا، شۇنىڭغا لايىق جورا تاللايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

2. ئۆز ئارا قانداق چىقىشىپ ياشاشنى، بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئۇتۇشنى بىلمەيدۇ. كىشىلىك ھاياتتىكى دەرت-ئەلەم، قايغۇنىڭ كۆپىنچىسى باشقىلار بىلەن قانداق چىقىشىپ ياشاشنى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق ھەۋدە قىلالايمەنكى، ھازىرقى ئون ئائىلىدىن ئاز دېگەندىمۇ يەتتىسىدە ئەر-خوتۇن بىر-بىرىدىن رازى ئەمەس. تۇرمۇشىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم پاراڭلار دەل ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىدىن قاقشاش، رەنجىشلىرىدىن تەركىب تاپقان، ھەتتا ئادەم بەزىدە جاھاندا ئېرىدىن رازى ئايال، ئايالىدىن رازى ئەر يوقتەك ھېسسىياتقا كېپقالىدۇ. گەرچە نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئەر-ئاياللار بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشىمۇ، ئەمما بۇ ياخشى كۆرۈشنى قانداق تەرزدە، مۇۋاپىق ئىپادىلەشنى ئۇقمايدۇ، بىر-بىرىدىن ماڭا كۆڭلى يوق، دەپ ئاغرىنىشىدۇ. ھەرقانداق ئادەم مەيلى ئائىلىدە، مەيلى خىزمەت، جەمئىيەتتە بولمىسۇن، ئىشقىلىپ ئادەم بىلەنلا ئارىلىشىپ ياشايدىكەن، ئارازلىق، كۆڭۈل ئاغرىقى، رەنجىش، باتناشلاردىن مۇقەررەر ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىدىيىسىدە ھەر زامان تەييارلىق بولۇشى كېرەك. بۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا بىز ھەرقانچە ئېھتىيات قىلساقمۇ ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش. ھايۋانلار جەمئىيىتىدىن بىر ھايۋاننىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان يەنە بىر ھايۋاننى تېپىش مۇمكىن، ئەمما ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن بىر ئادەمنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان يەنە بىر ئادەمنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

جەمئىيەتتە ياشايدىغان ھەرقانداق بىر كىشى كەڭ قورساق بولۇشى، باشقىلارنى ئەپۇ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، قايغۇرۇشقا، ئاچچىقلىنىشقا ئەرزىيدىغان-ئەرزىمەيدىغان ئىشلارنى بايقاشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. تۇرمۇش ئادەمدىن ئېغىر-بېسىقلىق سالماقلىقنى، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىنىڭ تولىمۇ ئۇقسانسىز، بىغۇبار، پەرىشتىدەك كەمچىلىكتىن خالىي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بىر-بىرىگە مەلۇم ئۆلچەملەرنى قويىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئادەم بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما چوقۇم بۇنداق بولۇشى ناتايىن-دە، شۇڭا، ئەر-ئايال بىر-بىرىگە ئادەمگە قارايدىغان كۆزدە قارىشى، قارشى تەرەپنىڭ بىرەر كەمچىلىكنى بايقاپ قالغۇدەك بولسا، ئاھ ئۇرۇپ، نادامەت چېكىپ كەتمەسلىكى، ئۇنىڭ شۇخىل كەمچىلىكىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. بىر-بىرىنىڭ كەمچىلىكنى كۆزىگە سىغدۇرالمىغان ئەر-خوتۇن مەڭگۈ چىقىشالمايدۇ ھەم چىقىشالايدىغان باشقا جورىسىنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئائىلىسىدىنمۇ، خىزمەت، جەمئىيەتتىن، دوستلىرىدىنمۇ قاقشاپ، ھاياتتىكى خۇشاللىق، بەختتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ ھەم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ۋاقتى، زېھنى، تۇرمۇشى ئائىلە مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ بولۇپ كېتىپ، ھېچبىر ئىشنى باشقا ئاچالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

يەنە بىرى، ئادەملىرىمىز تولىمۇ ھېسسىياتچان، ھاماقەت بولغاچقا، كىچىككىنە ئەرزىمەس، تۇتۇرۇقسىز ئىشلارمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا خاپىلىق، بەختسىزلىك ئەكېلەلەيدۇ، ئۇلارنى ئائىلىسىنى ۋەيران، باللىرىنى يېتىم قىلىشقا ئاپىرالايدۇ. ئارىمىزدا يېشى 30 ~ 40 قا كىرگەن بىلەن تۇرمۇشتا باللارچە ياشاشتىن قۇتۇلالمىغان بىچارە دەردمەنلەر بەك كۆپ. ئەر-ئاياللىرىمىزدا ئائىلىدە ئۆزىنى مەركەز قىلىۋېلىش خاھىشى كۈچلۈك، جورىسىدىن تەلەپ قىلىدىغىنى نۇرغۇن، ئەمما جورىسىغا بېرىدىغىنى بەك ئاز. جورىسى ھەققىدە ئۆزىدىن كېچىپ تۇرۇپ ئويلانمايدۇ. كۆڭۈللۈك نىكاھنىڭ بىر مۇھىم شەرتى شۇكى، ئىككى تەرەپ چوقۇم بىر-بىرىنىڭ غېمىنى يېيىشى، بىر-بىرى ئۈچۈن ئويلاشنى بىلىشى كېرەك. مۇھەببەت قۇربان بېرىش دېمەكتۇر. بىرى-بىرى ئۈچۈن لايىقىدا قۇربان بېرەلمىگەن ئەر-خوتۇنلار ھەرگىز بەختلىك بولالمايدۇ. چۈنكى، كېچىش ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. دېمەك، چىقىشىپ، كۆڭۈللۈك ياشايدىغان ئائىلىلەر بەك ئاز بولغاچقا، ھازىر ئەر-ئاياللاردا تالاغا قارايدىغان ئىشلار خېلىلا باش كۆتۈرۈپ قالماقتا ھەم يەنە بىر پاكىت شۇكى، ھازىر ئادەملىرىمىزدە ھەققىي ۋىجدان، ساداقەت دېگەنلەر بارغانسېرى ئۆلۈۋاتىدۇ. ھازىر بىر-بىرىگە چىن دىلىدىن سادىق ئەر-خوتۇنلارمۇ كۆپ ئەمەس. كىشىلەردە تالاغا قاراش تولىمۇ ئاسان يۈز بېرىۋاتىدۇ. دېمەك، توي قىلماق ئوڭاي، ئەمما

تويدىن كېيىن كۆڭۈللۈك ياشىماق تەس. ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپ قانداق چىقىشىشنى چوقۇم بىلىۋېلىشى كېرەك.

3. مەجبۇرىيەت ئېڭى ئاجىز. ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىك، خوتۇنلۇق سالاھىيتى، ئائىلىدىكى ئورنى، رولىغا بولغان چۈشەنچىسى بەك تۆۋەن. نۇرغۇن ئەرلەر نومۇس قىلماستىن، ئۆزى قىلىدىغان ھەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى خوتۇنغا ئىتتىرىپ قويىدۇ، نۇرغۇن ئاياللارمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئېرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىدىن پەقەت رازى بولمايدۇ. نۇرغۇن ئائىلىلەر ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىگە تولغان.

ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىدىن چىن كۆڭلىدىن رازى بولغىنىدا، ئاندىن بۇ ئائىلىدە بەخت-خۇشاللىقتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ھوقۇق تالىشىشقا تولغان ئائىلە ھالاكەت گىردابىدىكى ھاكىمىيەتتەك بوپقالىدۇ، چۈنكى ھاكىمىيەت ھالاك بولاي دېگەندە ئاندىن ھوقۇق تالىشىش يۈز بېرىدۇ. ئائىلىدىكىلا ئەمەس، جاھاندىكى خاپىلىقلار دەل كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنى، سالاھىيىتىنى توغرا تونۇيالمىغانلىقى، توغرا دەڭسىيەلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

4. مۇھەببەت ئاساسى ئاجىز، ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە قىلچە مۇھەببەت يوق. مۇھەببەت ئائىلە ئەزالىرىنى بىر-بىرىگە چاپلاپ تۇرىدىغان يېلىم. گەرچە مۇھەببەت ئائىلىلەردىكى بەخت-خۇشاللىقنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى

بولىسمۇ، ئەمما ئۇنى بىردىنبىر كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە دەپ قاراشقا مېنىڭچە بولمايدۇ. چۈنكى، ئادەم ئاجىز، ئۇنىڭ كۆڭلى، نەپسىنى كونترول قىلىشقا ئاجىز. بەلكىم ئادەم ئىلگىرى ياخشى كۆرگىنى بىلەن توي قىلىپ، بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سەۋەبسىزلا سوۋۇپ كېتىشى، باشقا بىرىگە مەيلى چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا مۇھەببەت دەپلا ئائىلىدىن ۋاز كېچىش، ئاجرىشىش تولىمۇ ئەخمىقانىلىك ھەم ئالدىراقسانلىق. ئەمەلىيەتتىكى نۇرغۇن مىساللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شۇنداق قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا، بىرمەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ سوۋۇيدۇ. «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەك كۆڭۈل ھەرجايغا باشلايدۇ، سەمەرقەند ئالمىسىدەك ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ» دېگەن گەپ دەل ئەنە شۇ. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قايناق ھېسسىياتنىڭ كەينىدىكىسى دەل بىر قۇچاق پۇشايمان.

5. تۇرمۇش مەزمۇنى ئىنتايىن قۇرۇق، مول ئەمەس. ئەتىگىنى ئىشقا بارىدۇ، چۈشتە تاماققا كېلىپ تاماق يەيدۇ، يەنە كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كېلىدۇ، تاماق يەيدۇ، تېلېۋىزور كۆرىدۇ، ئۇخلايدۇ. بىر كۈن شۇنداق ئۆتىدۇ. مەخسۇس ئائىلە پائالىيىتى، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەنىلىك ئىشلار ئاساسەن يوق. ئائىلىدە ئەر-ئايال ئارىسىدا ئىلمىي پاراڭلار دېگۈدەك مەۋجۇت ئەمەس. ئائىلىدە قىلچە ئىلمىي پۇراق يوق، ھەر

ئىككىلەن قىزىقىپ ئورتاقلاشقۇدەك بىرەر رىقابەت يوق. ماتا بۇمۇ ئادەمنى ئائىلىدىن بەزدۈرىدىغان مۇھىم بىر ئامىل.

مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم: تولا چاغلاردا مەن ئايالىم بىلەن تۇرمۇش ئىشىدىن باشقا ئىشتا پاراڭلىشالمايمەن، ئىچىم سىقىلىپ كېتىدۇ، دەيدۇ. بەلكىم شۇ دوستلىرىمۇ ئايالىم نېمىگە قىزىقىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپمۇ باقماسلىقى مۇمكىن. مەسىلە شۇيەردىكى، سىز جورىڭىزغا قانچىلىك قىلسىڭىز، ئۇنىڭدىن شۇنچىلىككە ئېرىشەلەيسىز. بەلكىم سىز ئائىلىڭىزدە جورىڭىز قىزىقىدىغان ئىشقا قىزىقماسلىقىڭىز مۇمكىن، ئەمما سىز شۇ جورىڭىز قىزىقىدىغان ئىش ھەققىدە مەن ئۇنىڭغا قىزىقمىسام دەپ ئولتۇرماي، ئاز-تولا بىر نەرسە بىلىپ قويسىڭىز، پاراڭلاشقاندا جورىڭىزنى خۇش قىلالايسىز. ئائىلىدە ئۆزىنىڭلا خۇشاللىقىنى ئويلايدىغانلارنىڭ ئائىلىسى ھەرگىزمۇ بەختلىك ئائىلە بولالمايدۇ. جورىسىنىڭ خۇشاللىقىدىن تەڭ خۇشال بولالماسلىق دەل بەختسىزلىكنىڭ ئۆزى.

6. ئەسكەرتىش ئورنىدا شۇنى دېمەكچىمەنكى، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئۇچۇن ئائىلە ھەممە دېمەكتۇر. بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ئائىلە ئىشىدىن باشقا كۆڭۈل بۆلگۈدەك، قايغۇرغۇدەك ئىشى يوق، بۇمۇ بىر كرىزىس. ئەلۋەتتە مەن باشتا ئېيتقىنىمدەك، بىزنىڭ ئائىلە قارىشىمىز كۈچلۈك، ئائىلىنى مەركەز قىلىپ ياشايمىز. مېنىڭ بۇنى كرىزىس دېيىشىم، ئائىلىنى تاشلاڭ، ۋاز كېچىڭ، دېگەنلىك

ئەمەس، پەقەت ئائىلىنىڭلا قولى بوپقالماي، جاھاندا ئائىلە ئۆي ئىشىدىن باشقىمۇ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مۇھىم ئىش بار، دېمەكچى.

بىز بارلىق ئەس-يادىمىز، مېڭىمىزنى پەقەت ئائىلىگىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئائىلىنىلا ئەڭ بۈيۈك مەقسەت قىلىپ ياشايمىز. ئائىلىمىز دەخلى-تەرۈزغا ئۇچرىمىسىلا، باشقا ھەرقانداق ئىش بىزگە بەربىر. بىز ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، بالىلىرىمىزغىمۇ شۇنداق تەلەپ قويىمىز. بىزنىڭ ياخشى ئادەملىك ئۆلچىمىمىز بەكلا ئاددىي. بالىلىرىمىز ئوغرى، يالغانچى، ھاراقكەش، لۈكچەك بوپقالمىسا، بىزنىڭ گېپىمىزنى «لەببەي» دەپ ئاڭلىسا، ياخشى، ۋاپادار بالا؛ ئەر ئايالىغا يۈزسىزلىك قىلمىسىلا ياخشى ئەر، ئايال ئېرىگە ئاسىيلىق قىلمىسىلا ياخشى ئايال ھېسابلىنىدۇ. بىر بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى، غايىلىك بولۇشى دېگەنلەرنى ئۇنىڭ ياخشى ئادەملىك خىسلەتلىرىگە كىرگۈزمىگەن.

ھەممىمىز ئائىلىنى مەركەز، مەقسەت قىلىپ ياشىغاچقا، ئەل-خەلقنىڭ ھالى نېچۈك، مېنىڭ بۇ ھەقتە قانداق مەجبۇرىيىتىم بار، دېگەنلەر ھەققىدە قىلچە ئويلانمايمىز. ئاتا-ئانىلارمۇ بالىلىرىنى بۇ ھەقتە توسۇسا توسايدۇكى، ھەرگىز ئۇلارغا تەربىيە، ئىلھام بەرمەيدۇ. ئۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، ئۇ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم بار. ئىشىڭنى قىل، سىڭگەن نېنىڭنى يە، «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ»، «تۆگە

كۆردۇڭمۇ، ياق» دەپ تەربىيە بېرىدۇ. بالىلىرىنى ئۆزىنى، ئائىلىلىرىنىلا ئويلايدىغان ئادەم قىلىپ چىقىدۇ. بىز ھازىر ياخشى ئادەمنىڭ ئازلىقىدىن، ياخشى ئىش قىلمىسىمۇ، يامانلىق قىلمايدىغان ئادەمنى ياخشى ئادەم، دەپ ئاتايمىز. بىزدە ئائىلىدە ياخشى ئاتا، ياخشى ئەر، ئەمما خەلق، جەمئىيەت ئۈچۈن مۇناپىق، ناكەس كىشىلەر كۆپ.

يەنە بىر تەرەپتىن بىز ھەددىدىن زىيادە ھالدا ئائىلىنى مەركەز قىلىپ، مۇقىم ياشىغاچقا، بىزدە ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا، ۋەزىيەت ھەققىدە ھېچقانچە چۈشەنچە يوق. ئۇزاققىچە مۇقىم ياشاش نادانلىق، قالاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر ئادەم ئۈچۈن ساياھەت قىلىش، باشقا يۇرت ـ ئەل ئارىلاش نەزەر كۆزىنى ئېچىش ناھايىتى مۇھىم ئىش. تارىخىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى ئەپەندى، ئەخمەتجان قاسىمى، تەجەللى، ئابدۇقادىر داموللام . . . ئىشقىلىپ دېگۈدەك ھەممە زاتلىرىمىز يۇرت كۆرگەن، ساياھەت قىلغان. بىزدە كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار، دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا، پاقا پەقەت ئەتراپىدىكى كۆل، زەيدان ھەققىدىلا چۈشەنچىگە ئىگە، بۈركۈت تاغ كەينىدىكى ئورمانلىق، يىراق جاڭگاللىق، چۆللۈكلەر ھەققىدىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە. مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان ئادەملەر تەۋەككۇل قىلالمايدىغان، قورقۇنچاق كېلىدۇ. ئۇلار خاتىرجەم، مۇقىم تۇرمۇشنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئىنتايىن

ئەنسىرەيدۇ، باشقا ماكان، باشقا زېمىندىن ئۆزىگە ھاياتلىق بوشلۇقى، پۇرسەت ئىزدەشكە پېتىنالمايدۇ، يۇرتىدىن ئايرىلىشنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ. دەريا سۈيى سۈزۈك، چۈنكى ئۇ ئاقىدۇ، كۆل سۈيى سېسىق، چۈنكى ئۇ تۇرغۇن. نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەردە ئۇلۇغۋار غايە بولمايدۇ، چۈنكى، ئادەم كۆرگەن-بىلگىنىگە چۈشلۇق ئويلىيالايدۇ، پىكىر قىلالايدۇ. بىزدە ئائىلىسى ئۇلارنىڭ ئىستىھكامى ئەمەس، قەبرىسى بوپقالغانلار بەك كۆپ.

دېمەك، ئادەم ئۈچۈن بىرلا ئائىلە ئەمەس، بەلكى شۇ ئائىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ چوڭ بىر ئائىلە بار. ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەت، ئادىمىي خىسلەتكە ئىگە كىشىلەر ھېچقايسىسى ئالدىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمايدۇ، ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئائىلەم، دەپ بىلىدۇ.

7. بالاغەتكە يەتكەن قىز-يىگىتلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان نىكاھ تەربىيىسى تولىمۇ يېتەرسىز ھەم ناچار. ئەلۋەتتە مەكتەپلەردە، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەردىمۇ، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ دادا، ئانا بولىدىغان ياشلارغا قىلچە بۇ ھەقتە تەربىيە ئېلىپ بېرىلمايدۇ. بۇ ھەقتە يا ئاتا-ئانىنىڭ، يا مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ تۈزۈكرەك تەربىيىسى بولمىغاچقا، نۇرغۇن ياشلار توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا پۇشايمان قىلىشىدۇ. تۇرمۇشتىكى ھەرخىل مەسىلىلەر ھەققىدە ئىلگىرى كاللىسىدا ھېچقانداق ئەمەلىي تەييارلىق بولمىغاچقا، يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىش



www.uyghurkitap.com

ئۇنى تەمتىرىتىدۇ، ئامالسىز قالدۇرىدۇ. ئەگەر تويدىن بۇرۇن ئاز-تولا تەربىيە كۆرسە، ئاز-تولا كۆڭلىدە سان بولۇپ، ئىدىيىسىدە تەييارلىق قىلىۋېلىپ، نۇرغۇن خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشى مۇمكىن.

بۇ جەھەتتىكى يەنە بىر زادى تىلغا ئالمىساق بولمايدىغان مەسىلە شۇكى، ئاتا-ئانا، دوست-بۇرادەرلەر (بولۇپمۇ ئاتا-ئانا) نىڭ تويدىن بۇرۇن ياشلارغا بېرىدىغان پاراكەندىمان تەربىيىسى ناھايىتى ناچار. مەن كۆزىتىش ئارقىلىق شۇ خىل يەكۈنگە كەلدىمكى، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاتا-ئانا بالىلىرىغا تەربىيە قىلغاندا، پەقەت ئۆزىنىڭ بالىسىنىلا مەركەز قىلىپ سۆزلەيدۇ، پەرزەنتىنىڭ بولغۇسى جورىسى ھەققىدە باش قاتۇرمايدۇ، پەقەت بالىسىغىلا ياخشى بولۇشنى ئويلايدۇ. ھەتتا نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە جورىسى بىلەن قانداق چىقىشىپ ياشاش، خۇشاللىق، بەختنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە نەسىھەت قىلماستىن، بەلكى جورىلىرىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش، قانداق ئەپلەش-جايلاش ھەققىدە نەسىھەت قىلىشىپ، ئۇلارغا نۇرغۇن چارە-تەدبىرلەرنى ئۆگىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالماق تەس ئەمەسكى، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ بىر-بىرىگە شۇنداق چارە-تەدبىرلەر بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ. ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت شاھمات ئويۇنى ياكى جەڭ ئەمەس، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ھىيلە-مىكىر، تەدبىر ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ پەقەت ئەر-ئاياللار ئارىسىدا سەمىمىيلىك،

www.uyghurkitap.com



راستچىللىق يوقىغاندا ئاندىن يۈز بېرىدۇ. ئەگەر ئەر خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت سەممىيلىك ئاساسىغا قۇرۇلمىسا، ئۇ ھالدا بىر ئائىلىدە بەختتىن سۆز ئېچىش تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

## تۈگۈنچە

بىز ئائىلىدىن كەلگەن، ئائىلىگە قايتىمىز. بىز ئائىلىسىز ياشىيالمايمىز. ئائىلىسىز بىز ئۆز خۇشاللىقىمىز، بەختىمىزنى يارىتالمايمىز. بىزنىڭ يىغىمىزمۇ، كۈلكىمىزمۇ ئائىلىدىن كېلىدۇ. ئائىلە بىزنىڭ بارلىقىمىز ئەمەس، بىز ئائىلىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە بىر ئائىلىمىزنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئوخشاشلا شۇ ئائىلىنىڭ پەرزەنتى، خوجايىنى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئائىلىمىزدىن ھالقىغان مەسىلىلەرگىمۇ جاسارەت بىلەن يۈزلىنەلىشىمىز كېرەك. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش تەس، ئەمما ۋۇجۇدقا چىقىپ بولغان ئىشنى ساقلاپ قېلىش ئۇنىڭدىنمۇ تەس. كېيىنكى ھاياتىمىزغا قانداق ئادەمنى تاللىشىمىز، قانداق كىشى بىلەن توي قىلىشىمىز بىزنىڭ يېرىم ئۆمرىمىزنىڭ، ئەمما ئەڭ مۇھىم ئۆمرىمىزنىڭ غەلىبىلىك ياكى مەغلۇبىيەتلىك ئۆتۈشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە دەل نېمىگە ئاساسەن نېمىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ، قانداق

كىشىنى تاللاش مەسىلىسىدۇر. نۇرغۇنلىرىمىز دەل مۇشۇ ئىشتا قەدەمنى خاتا باسىمىز-دە، ئۆزىمىزنى مەڭگۈلۈك نادامەتتە قالدۇرىمىز. ئالايلۇق، بىزنىڭ نۇرغۇن ياشلىرىمىز نېرى-بېرىسىنى ئويلاشمايلا، سىنىپتا ئەلاچى ئوقۇغان، ھەمىشە ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالىدىغانلارنى تاللايدۇ ھەم دەرس بىلىشنى ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم قىلىدۇ. ئەمما، تۇرمۇش ئۇلارنىڭ بۇ ئەلاچىلىقى بىلەن كارى يوق. تۇرمۇش ئادەمدىن دىت-پاراسەت، ياخشى مىجەز-خاراكتېر تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، سىنىپ-مەكتەپ ئائىلە ئەمەس، سىز ئوقۇتقۇچى ياكى ئوقۇغۇچى تاللاۋاتمايسىز، بەلكى جورا يەنى خوتۇن، ئەر تاللاۋاتىسىز.

دېمەك، كىمنى تاللاش، نېمىنى كۆزلەپ، نېمىگە ئاساسلىنىپ تاللاش مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى. دۇنيادا ئۆزىنى ئاتىغۇدەك، پىدا قىلغۇدەك نەرسىسى يوق كىشىلەر ئەڭ بەختسىز كىشىلەردۇر. بۇنداق ھاياتتا مەنە بولمايدۇ، مەنە يوق ھاياتتا بولسا خۇشاللىق، بەخت تېخىمۇ بولمايدۇ. نىشانى يوق كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئىشقا قويىدىغان بەلگىلىك بىر ئۆلچىمى، تەلىپى بولمايدۇ. ھەتتا تۇرمۇشتا قانداقراق ئادەم بىلەن بىللە ياشىسا بەختلىك بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىيالمايدۇ، ھەممە ئۇلارغا نىسبەتەن بەرىبىر. ھايات گويا بىر سەپەر، ئەر-خوتۇنلار بىر ئاپتوبۇستا چۈشكەن يولۇچىلاردۇر. ناۋادا ئىككىسىنىڭ مەنزىلى ئوخشىمىسا، كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە بىرى

www.uyghurkitap.com

يېرىم يولدىلا ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ئورتاق ئېتىقاد، ئورتاق غايە ئاساسىدىكى ئائىلە ئەڭ ئىدىيىن مۇستەھكەم بولىدۇ، بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن مۇھەببەتمۇ ھەقىقىي، مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

ھەممىمىز شۇنى چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەككى، رېئاللىق بەرىبىر رېئاللىق، ئۇنىڭدىن قاقشاۋېرىش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ئەمەس. بىز تۇرمۇشتا ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان، بەزى ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ تۇرۇپ، يەنە باشقا بىر ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان، ئەمما ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن. توي قىلىپ ئىلگىرىكى نۇرغۇن نەرسىلىرىمىزنى يوقىتىمىز، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىمىز. بۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھاياتلىقتىكى توپ قانۇنىيەت. يوقىتىپ ئېرىشىمىز، ئېرىشىپ يوقىتىمىز. پەقەت ئېرىشمەكچى بولغىنىمىز بىزگە نىسبەتەن تېخىمۇ بەكرەك ئەھمىيەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، يوقاتقانلىرىمىز ھەققىدە قەدرى ئۆتۈلمىسلا قايغۇرمايمىز. ۋەھالەنكى، ھامىنى قەدرى ئۆتۈلىدۇ. ئەمما، بۇنىڭدىن دەرھال پۇشايمان قىلىپ، قايغۇرۇپ ئىسسىت، دېيىش تولىمۇ ھاماقەتلىك. ئادەمدە مانا مۇشۇنداق مۇقەررەر ھادىسىلەرگە ئىدىيىسىدە تەييارلىق بولۇشى، يۈز بېرىپ قالغاندا ئاھ ئۇرۇپ، نادامەت چېكىپ كەتمەسلىكى كېرەك. سەۋر قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم بەختتىن لەززەتلىنىشنىمۇ بىلمەيدۇ. كىشى پەقەت ھازىر ئۆزى يۈزلىنىۋاتقان رېئاللىققا لايىق يول

تېپىشنى ئويلىسا، شۇنىڭغا ھەققىي يۈزلىنىپ ياشىسىلا يەنە يېڭى خۇشاللىق، يېڭى لەززەت تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. يوقىتىش ئازابلىرى يۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. بىز كۆلكە بىلەن يىغىمىزنى يۇيۇشنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. سىز ئۆزگىرىشچان رېئاللىققا ئۆزگەرمەس كۆز بىلەن قارىماڭ. ئۆزگىرىشچان رېئاللىققا قانداق مۇئامىلە قىلىش، قانداق تاقابىل تۇرۇش دەل ئادەمدىكى ياشاش ئىقتىدارى مەسىلىسىدۇر. ئەپسۇسكى، بىزدە بۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەر بەك ئاز. تويدىن كېيىنكى تۇرمۇش تويدىن ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ. توي قىلغان ئادەم مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا قايتا تۇغۇلغان ئادەم بولىدۇ. ئۇ ئۆز قىممىتىنى قايتا يارىتىدۇ، مەسئۇلىيىتىنى قايتا ئويلايدۇ، شەيئىلەرگە ئەمدى باشقىچە نەزەردە قارايدۇ، باشقىچە يولدا پىكىر قىلىدۇ. ياشلىرىمىزنىڭ يەنە شۇنى سەمىگە سېلىش زۆرۈركى، تۇرمۇش ھىندىستاننىڭ كىنولىرى ئەمەس، تۇرمۇشتا ھەرگىزمۇ يېشىل ئوتلاقلاردا، تاغ ـ دالىلاردا قىيغىتىپ سەكرەپ يۈرىدىغان ئىش يوق. تۇرمۇش ئۇلار ئېيتقان ناخشىلاردەك ئۇنداق گارمونىك، مۇكەممەل بولمايدۇ. خىيالىڭىزدىكى قەھرىمان يىگىت، ۋاپادار قىزلار ئەمەلىيەتتە يوق. مۇھەببەت قانچە دەبدەبىلىك، ۋەدە ـ قەسەملىك بولغانسېرى شۇنچە يالغانلىشىپ بارىدۇ. تولا مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان شېرىن سۆز يىگىتلەر دەل ئالدامچىلاردۇر. سىزگە بىردەمدىلا بارلىقىنى، بەختىنى تاپشۇرغان رەنالارمۇ تولىمۇ ھاماقەت، دۆت قىزلاردۇر،

www.uyghurkitap.com



بۇنداقلار مەڭگۈلۈك جورا بولۇشقا ھەرگىز يارىمايدۇ. ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى ئارزۇ قىلماڭلار، ئۆزۈڭلارنى بىھۇدە ئازابلاپ قويىسىلەر. ئازاب دەل ئارزۇلىغىنىغا ئېرىشەلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى تولىمۇ ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىدىن ۋاز كېچىش. ھەممىمىز بەختكە، خۇشاللىققا موھتاج. ۋەھالەنكى بەخت بولسا ھەممىمىزنىڭ سېخىيلىق بىلەن قۇربان بېرىشى، بەدەل تۆلىشىگە موھتاج.

— ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن ئېلىندى.



# ئائىلە

## كىرىش سۆز

ئىسلام شەرىئەتتە راھىبلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللا ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆيلىنىش ھەققىدە ئەمرى بولغانلىقى مەلۇمدۇر.

ئۆيلىنىشنىڭ كۆپ ھاللاردا ئېتىقادنىڭ ساغلاملىقىغا، ھايۋانىي شەھۋەتنىڭ ئورۇنسىز سەرپ ئېتىلمەسلىكىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىغا شۈبھە يوقتۇر. لېكىن، ئىسلام شەرىئىتى ئۆيلىنىش مەسىلىسىنى بۈيۈك ئىش ھېسابلاپ، ئائىلە تۈزۈشنى مەملىكەت تەشكىل قىلىشتەك زۆرۈر دەپ قارىغانلىقى، بۇ ھەقتە بىر قانچە نىزاملارنىڭمۇ تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم. ئائىلە ئۈچۈن چىققان نىزاملارنى بىلىپ، ۋاقتى يەتكەندە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئۆز ئائىلىسىنى كۆركەم ھالدا تۈزىگۈسى ۋە ئاخىر ئۇشبۇ كىچىك مەملىكەتنى ئىدارە قىلالايدىغان بولغۇسى، شۇ سەۋەبتىن ئامانەت ئۆمۈرلىرىنى راھەت بىلەن ئۆتكۈزگۈسى ۋە ئۆمۈرلىرىدىن قالغان ساناقلىق سائەتلىرى بەرىكەتلىك

بولغۇسى.

ئائىلە تۇرمۇش ھەققىدىكى ئەدەپلەرنى بىلىش ۋە ئۆگىنىش تۇرمۇشقا تەتبىقلاش يولىنى تېپىش بىز ئەھلى ئىسلام ئۈچۈن مۇھىم بىر ئىشتۇر. چۈنكى، ھەر قانچە بۈيۈك بولسىمۇ، ھېچقاچان بىر مىللەت ئائىلە ئەھۋالى تۈزۈك بولمىغان ۋە تەربىيە ئۇسۇلىغا رىئايە قىلمىغان ھالدا بۇ دۇنيادا ياشىيالمايدۇ. مىللەتلەرنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرىدىغان نەرسە مىليونلىغان ئەسكەرلەر ياكى دۇنيادا ئەڭ چوڭ بولغان كېمىلەر ئەمەس، بەلكى بىز ئەڭ ئاز ئېتىبار بېرىۋاتقان ياكى ئېتىبار بەرمەي كېلىنىۋاتقان ئائىلىدۇر. ئائىلە نىزامسىز بولسا، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى پۈتۈن مىللەتكە تەسىر قىلغۇسى ۋە شۇ سەۋەبتىن پەزىلەت ئورنىغا رىزالەت، تەرەققىيات ئورنىغا قالاقلىق ئاساس قۇرغۇسى. خۇدانىڭ ئۆزى ساقلىسۇنكى، ئەگەر مىللەتكە بۇنداق ھال يۈزلەنسە، ئۇ مىللەت كىتابىنىڭ ئاخىرقى ۋاراقلىرى ئېچىلغۇسى.

مەرىپەتلىك خەلقلەر پايدىلىق سەنئەتلەرگە ئىككى قول بىلەن يېپىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىزلەردە ئەڭ زۆرۈر ھۈنەرلەرگىمۇ ئېتىبار قىلىنمايۋاتىدۇ. رۇسلارنىڭ ئەدىبلىرى ئۆز مىللەتلىرىنى ئىسپىرتلىق ئىچىملىك ئىچىشتىن ۋە قىمار ئويناشتىن مەنئىي قىلىش توغرىسىدا خۇددى سۇغا غەرق بولغان بالىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشقان ئاتا كەبى غەيرەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىزلەردە كۆپ ئەدىبلەر بۇ ھالغا ئۆزلىرى

مۇپــتىلادۇر. مەدەنىيــەتلىك قوۋمــلاردا ئــاددىي كىشــىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ تەربىيە ۋە ئـەخلاق تۈزىتىش دەرسخانىلىرى بـار، ئـەمما بىزلـەردە بـىرىنچى سەپتە تۇرغـان ئـابرۇيلۇق ئائىلـلـەر، زىيالىيلار تـەرەققىي قىلغان قوۋملارنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە باشقا ئىشلىرىغا مـايمۇن كـەبى تـەقلىد قىلـدۇ. شاگـىرتلار هـەققىي ئىلمگە چاڭقاق تۇرغان بولسىمۇ، كۆپلىگەن مۇدەررىسلەرنىڭ دەرسـلىرى سەپسـەتىدىن باشـقا نەرسـە ئەمـەس. ئـاۋاملىرىمىز دىنىي ئەقىدىلەرنى سوراشقا ئادەم تاپالمايۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا موللىلىرىمىز مەجلىسلەردە باش ئېگىپ بىكار ئولتۇرىدۇ ۋە ياكى بولمىسـا سەپسـەتە سـاتىدۇ. ئىبادەتخـانىلىرىمىز ۋەيـران هـالدا يېتىۋاتقان بولسىمۇ، مەئىشەتخانىلىرىمىز باشقا خەلقلەرنىڭكىدىن ئـارتۇق ئـاۋاتتۇر. تـۇل قالغـان خوتۇنلارغـا، قېـرى، ئـاجىز-زەئىپلەرگـە ئىسـتىقامەت قىلىدىغـان جـاي هـازىرلاش، ئاتـا-ئانىسـىدىن ئـايرىلىپ يېتىم قالغـان باللارغـا هۈنـەر ئۆگـىتىش هـەققىدە ئازغىنـا غـەيرەت قىلىنمىغـان ۋە بۇنـداق جـايلارنى ئاچقۇچىلارغـا بىرلىشـى كېـرەك بولغـان مەبلـەغ بىرىلمىگـەن بولسىمۇ، بوز يىگىتلىرىمىزنى ئوۋلاۋاتقان ۋە زۆرۈر شەرىپىنى دەپسـەندە قىلىۋاتقـان پاھىشىلەرگـە نۇرغـۇن پـۇل خـەجلىنىدۇ. بۇنـداق بۇزۇقلۇقلىرىمـىزنىڭ سـەۋەبى نـېمىدە؟ بـۇ سـوئالغا بېرىلىدىغـان توغـرا ۋە قىسـقا جـاۋاب: «بۇنـىڭ سـەۋەبى — ئـائىلىلىرىمىزنىڭ ئـەھۋالى بـۇزۇق بولغـانلىقىدىدۇر» دېمـەكتىن ئىبارەت بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئائىلە ئەھۋالىنى تۈزىمەك ياكى تۈزۈك ھالدا داۋاملاشتۇرماق ئەڭ مۇھىم ئىش بولغانلىقتىن دۇنيانىڭ بۈيۈك پەيلاسوپلىرى، ھەر بىر خەلقنىڭ شۆھرەتلىك ئالىملىرى ئۆمۈرىنىڭ قىممەتلىك سائەتلىرىنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلىدۇ.

ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىش يولى ۋە تەربىيە ئۇسۇلىنى بايان قىلغان كىتابلار ھېسابسىز كۆپ بولسىمۇ، بۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج قەلەم بىلەن يېزىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە بۈيۈكتۇر. شۇنداق ئىكەن، ھەر بىر جان بېشىغا بىر رىسالە يېزىلسىمۇ كۆپلۈك قىلمايدۇ.

ئائىلە ئىسلاھاتى ھەققىدە يېزىلغان رىسالىلەردىن كۆپلىرىنى ئوقۇش بىلەن بىرگە ئالىي پىكىرلىك ئالىملار قەلەملىرىدىن تۆكۈلگەن ئۈنچىلەردىن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە توپلىغانىدىم. كىتاب يېزىشتا قۇسۇرلىرىم كۆپ بولسىمۇ، پىكىرداشلار ئەسەرلىرىنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشتا ۋاستە بولۇش ئۈمىدىدە ئۇشبۇ رىسالىنى يېزىشقا كىرىشتىم.

ئىلمۇ ئەمەل ئاشىقلىرى ئوقۇغىنىغا يارىشا مەنپەئەت ئالسا ئەجەب ئەمەس.

# ئائىلە ۋە ئايال

ئەر بىلەن ئايالنىڭ قانۇنىي يوسۇندا بىرگە قوشۇلۇشىدىن ۋە بىر تەن، بىر ۋۇجۇد بولۇشىدىن ئائىلە تەشكىل تاپىدۇ. ئەر ئۆزى ئۈچۈن بىر ئايال تاللاپ، دۇنيادىكى تىرىكچىلىكىدە، شادلىق-قايغۇسىدا، ھەر بىر ياخشى-يامان كۈنىدە تايانچ بولىدىغان، جېنىغا راھەت بەخش ئېتىدىغان بىر سىرداش قىلىدۇ. ئايال ئادەم بالىسىدا بولغان خۇلقلارنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ قاتتىق كۆڭۈللەرنى يۇمشاتقۇچى، ئىنسانلارنى جانىۋار ئەمەس، ئىنسان قىلغۇچى بىر ئامەت بولغانلىقىدا. چۈنكى، دوستلۇق ۋە يېقىنلىق كەبى نەرسىلەر ھەر قانچە مۇستەھكەم بولسىمۇ ئائىلە بەرپا قىلىشقا ئۇنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ.

ئايال خادىم ئەمەس، بەلكى ئائىلىدۇر. چۈنكى، ئەرلەر ئائىلىنىڭ رەئىسلىرى بولسا، ئاياللار ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان ئائىلە-ئۆينىڭ ئىگىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى ئائىلە دېيىش توغرىدۇر. بۈيۈك بىر زاتنىڭ ئېيتقىنىغا قارىغاندا، ئايالنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولمىغان بىر ئۆيدە تۇرغۇچىلار ئائىلە سانالمايدۇ. ئايال ياخشى بولۇش شەرتى بىلەن دۇنيا ۋە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى

ئاخىرەتنىڭ سائادىتى ۋە ھەر تۈرلۈك راھەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

ياخشى ئايال ئېرىنىڭ مېلىنى ساقلار، ئېرىگە كېلىدىغان بالالارنىڭ ئالدىنى ئالار، غەيرەتلىك بىر ئەسكەر كەبى بارلىق كۈچ-قۇدرەتنى سەرپ قىلار، ھەر ۋاقىت بەزى نەرسىلەرنى ئىقتىساد قىلىپ، ئازدۇر-كۆپتۇر مال يىغار ۋە زۆرۈر بولغاندا ئۇنى ئېرىگە بېرىپ، ئۇنى شادلاندۇرار.

ئەگەر ئائىلە كېمىگە ئوخشىتىلسا، ئايال كېمىنىڭ رولىنى ئورۇندىدۇر. كۈچلۈك كېمە دەريادا رولىنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ يۈرگەندەك، مەملىكەتكە ئوخشايدىغان ئائىلىدە ئائىلە ئايالىنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشەر. ئايالىرى تەربىيە كۆرمىگەن خەلقنىڭ تەربىيىسىز بولۇشى، ئاياللىرى تىرىشچان، تەدبىرلىك، ئىرادىلىك بولغان خەلقنىڭ روناق تېپىشى، ئاياللىرى بولۇمسىز ياكى ئىسراپخور بولغان خەلقنىڭ كەمبەغەل بولۇشى ئېنىقتۇر.

## ئايال ۋە تەربىيە

ئائىلىنىڭ ھەقىقىي تۈۋرۈكى ئايالدۇر، چۈنكى ئەرلەر مىجەز-خۇلق ۋە تەربىيە جەھەتتە ئاياللاردىن باشقا ھېچكىمگە بويسۇنمايدۇ، ھەتتا يۇقىرى مەكتەپلەردە، ئالىي پىكىرلىك ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىلىم ئالغۇچىلارمۇ ئانىلىرىدىن ئالغان

تەربىيە بىلەن ياشايدۇ ۋە بۇ تەربىيىنى ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر ئېسىدە ساقلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن پەيلاسوپلاردىن بىرى «ئىنسانلار ھەر ۋاقىت ئاياللارنىڭ ئىستىكى بويىچە بولغۇسى، ئەگەر بۈيۈك ۋە پەزىلەتلىك ئادەملەرگە ئېھتىياجىڭىز بولسا، ئاياللارغا بۈيۈكلۈك ۋە پەزىلەت ئۆگىتىڭ» دېگەن.

تەربىيىلىك ئايال ئاتا-ئانىسىنى، ئېرىنى ۋە بالىسىنى، پۈتۈن ئائىلىنىڭ تەرتىپىنى، ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان دوست-بۇرادەر، قولۇم-قوشنىلىرىنى، بارلىق خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىسى، ھۆسن-خۇلقى بىلەن مەمنۇن قىلىدۇ، ئۆزىمۇ بەختلىك ئۆمۈر كەچۈرىدۇ. ئەمما، تەربىيىسىز ئايال بۇنىڭ ئەكسىنى قىلىپ، ئاتا-ئانىسىنى، ئېرى ھەم بالىسىنى ئەلنىڭ مەسخىرىسىگە قالدۇرىدۇ. ئۆزىمۇ بەختسىز ياشاپ، بالىلىرىنى تەربىيىسىز قالدۇرۇپ، ئۆمرىنى بەربات قىلىدۇ. نەتىجىدە، قىزلىق ۋە ئانىلىقتەك دۇنيا ۋە ئاخىرەت نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

بىر ئىنسان نەقەدەر بۈيۈك ۋە نەقەدەر مەرتىۋىلىك بولسىمۇ ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئايالى بولمىسا، ئۇ بەختلىك ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بەخت ئائىلىدە راھەتلىك ئۆمۈر كۆرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئائىلىدە راھەت كۆرمىگەن ئىنسان ئائىلىنىڭ سىرتىدىمۇ راھەت كۆرمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاياللارنىڭ تەربىيىلىك بولۇشى زۆرۈر ۋە بۇنىڭ پايدىسى پۈتۈن مىللەتكە مەنسۇپ بولۇر. ئاياللار ئۈچۈن لازىم بولغان ئىلىم ۋە

زۆرۈر بولغان تەربىيە قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئاياللار ئۇچۇن لازىم بولغان ئىلىم ۋە تەربىيە ئاياللارنىڭ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى بىلىشى، پەزىلەت ئۆگىنىشى، كېيىن ئۇلاغا تولۇق يوسۇندا ئەمەل قىلىشى لازىم، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئىنسانلارنى بەختلىك قىلىدىغان نەرسە ئىلىملا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىشلارنى ئىلىم بىلەن ئادا قىلماقتۇر. پەزىلەت ۋە ھۆسن-خۇلق بولمىغاندا ئىلىم دەرىخى مېۋە بەرمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ سائادەتلىرى تەربىيىگە باغلىق بولۇپ، بۇ تەربىيە ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئومۇمەن خەلقنى تەربىيىلىك قىلىش ئۇچۇن، ئاياللارنى تەربىيىلەش ھەمدە شۇ تەربىينى باللارغىمۇ بېرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈش لازىم.

ئەگەر ئاياللار ئارىسىدا تەربىيە بىلەن ئىلىم ئومۇملاشسا، تەربىيىمۇ، ئەخلاقمۇ باللارغا كۆچىدۇ ۋە ئەل-يۇرت، خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ مەھكەم ئورنىشىدۇ.

پۈتۈن ئادەم باللىسىغا بىرىنچى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدە مۇئەللىملىك قىلغۇچىلارنىڭ ئىلىم ھەم تەربىيىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىغا يول قويۇش مىڭلارچە ئادەمنى قاچىلاپ كېتىۋاتقان كېمىنى ئەما ۋە جاھىل بىر ئادەمگە تاپشۇرۇپ سەپەرگە چىقىش بىلەن باراۋەر.

ئاياللار ئۇچۇن تەربىيە مۇشۇ دەرىجىدە لازىم بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بىزلەردە بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. ئاياللارنى تەربىيىلەپ بولارنىڭ ۋاستىسىدە پۈتۈن ئەل-يۇرت ئارىسىدا

ئەخلاق ۋە پەزىلەت ئۆرۈقنى چىچىش پىكرى دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە مەيدانغا چىقىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىزلەردە، بەزى زاتلار تەرىپىدىن «ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىتىش بۇزۇقلۇققا سەۋەب بولىدۇ»، دېگەن ئاساسسىز قاراشلار تارقالماقتا. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ھالدۇر. ئىلىملىك ئەرلەر ئارىسىدىمۇ بەزى ھاللاردا بۇزۇقلۇق سادىر بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇلار ھەققىدە گەپ بولغاندا «بۇلار ئالىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ بۇزۇقلۇقنى قىلدى» دېگىلى بولمايدۇ. شۇ يوسۇندا، ئىلىملىك ئاياللار ئارىسىدا بۇزۇقلۇق بولغاندا «ئۇلارنىڭ بۇزۇقلۇقىغا ئىلىم سەۋەب بولدى» دېيىشمۇ توغرا بولمايدۇ.

بۇزۇقلۇققا سەۋەب، مەيلى ئەردە بولسۇن ياكى ئايالدا بولسۇن، ئىلىم-پەزىلەتنىڭ زىيادە بولۇشى سەۋەبلىك بولماستىن، بەلكى ئىلىم-پەزىلەتنىڭ كەملىكىدىن بولىدۇ.

«ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىتىش زىيانلىقتۇر» دېيىش ناھەق سۆز بولۇپ، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ يېرىمىدىن ئىبارەت بولغان ئاياللارنى ئىلىمدىن بىبەھرە قالدۇرۇشقا، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بارلىق ئادەم بالىلىرىنى تەربىيىدىن مەھرۇم قىلىشقا يول قويۇش دېمەكتۇر.

باللارغا تەربىيە بېرەلمىگەن ۋە ئەخلاق ئۆگىتەلمىگەن ئايالدىن پايدىنىڭ ئورنىغا چوڭ زىيانلار كېلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق خوتۇنلار خەلق ئارىسىدا ۋابا مىكروبلىرىدىن زىيانلىق بولغان ئىنسانلارنى يېتىشتۈرىدۇ. بالىغا گۈزەل تەربىيە بېرەلمەسلىكنىڭ ئۆزى تەربىيىسىزلىكنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

ھۈنەر-ئىستېداتى بولمىغان تەربىيىسىز ئاياللارنىڭ ئىشى كۆپ ھاللاردا تېببىي ئىلىمدىن بىخەۋەر ئادەمنىڭ كېسەل داۋالىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار بالىلىرىنى تەبىئىي تونۇتماي، بەلكى تەربىيىلىمەكچى بولۇپ، ئەخلاقنى بۇزىدىغان نەرسىلەر ئۆگىتىدۇ. بۇنداق بالىلار كېيىنمۇ تۈزەلمەيدىغان دەرىجىدە بۇزۇلىدۇ. تەبىئىي چوڭ بولغان بالىلارنى ئەۋزەل مەكتەپلەر ۋە ئەخلاقلىق مۇئەللىملەرنىڭ ۋاستىسىدە تۈزەتمەك قولاي بولسىمۇ، تەربىيىسىز ئاياللاردىن تەربىيە ئالغان بالىلارنى تۈزىتىش تولىمۇ مۈشكۈلدۇر، چۈنكى بالا ئانىدىن ئالغان تەربىيىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇمايدۇ. تەربىيىسىز ئاياللارنىڭ قويىندا تەربىيىلەنگەن بالىلار، ھەتتا مەكتەپلەرگە كىرىپ ئىلىم ئۆگەنسىمۇ تەبىئىي بۇزۇلغانلىقى سەۋەبلىك ئۆگەنگەن ئىلىملىرىنى يامان ئىشلارغا دەستەك قىلىدۇ. بەزىلەر پۈتۈن مال-دۇنيالىرىنى سەرپ قىلىپ بالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراشقا رازى بولسىمۇ، ئەمما ئۆلۈمدىن بەتتەر خەتەرلىك بولغان تەربىيىسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە تىرىشمايدۇ. بۇمۇ بىر خىل تەربىيىسىزلىكتۇر.

بىر بالىنىڭ ئېتىقادتا ئېتىبارسىز، ئاتا-ئانىسىغا نىسبەتەن — قوپال مۇئامىلىدە بولۇشى، مەئىشەتنى بۇزۇقلۇقنىڭ ئاساسى قىلىشى ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە مەلۇم. ئۆزى ياخشى خۇلق-مىجەز بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ شەپقەتلىك سايىسىدا

راھەتلىك ھايات كەچۈرۈش ئۈمىدىدە بولغان ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن، ئاتا-ئانىسىغا قوپال مۇئامىلىدە بولغان بالىلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىشىدىن نېمە پايدا؟ كاشكى، ئۆيلەنمىسەم بوپتىكەن، دۇنياغا كەلمىسەم بوپتىكەن، دەپ ھەسرەت چەككۈچى ئاتا-ئانىلار بۇ دۇنيادا ئازمۇ؟ ھالبۇكى، بۇنداق ھەسرەتلەرگە كۆپ ھاللاردا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزلىرى سەۋەب بولىدۇ. تەربىيە بېرىش كېرەك بولغان چاغدا بالىلارغا لازىملىق تەربىيىنى بەرمەسلىكمۇ شۇ خىل سەۋەبلەردىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالىلارغىمۇ تەربىيە بېرىش كېرەك. ئايالىلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى، ئالتۇن جابدۇقلىرى زىننەت ئەمەس، بەلكى ئالغان تەربىيىسى زىننەتتۇر.

# بالا تەربىيىسى ۋە ئايال

ئانا بولۇش بۈيۈك بىر نېمەت ۋە تەڭداشسىز بىر شەرەپتۇر. بۇنداق شاراپەتكە مۇناسىپ بولغۇچىلار پەقەت ئانىلىق ۋەزىپىلىرىنى ۋە ئايالىق خىزمەتلىرىنى تولۇق ئورۇندىغاندىلا سازاۋەر بولالايدۇ. ئېتىقاد زۆرۈرىيەتلىرىنى بىلىپ، ئاز بولسىمۇ ئوقۇشىنى ۋە يېزىشىنى ئۆگىنىش، ئايالىلار ئۈچۈن لازىم ئىشلاردىن، ياخشى ۋە يامان خۇلقلاردىن خەۋەردار بولۇش ئايالىلارنىڭ ۋەزىپىلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. ئايالىلار ئۆزلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئامانەت قىلىنغان بالىلىرى ھەمدە ئۆزلىرىگە خاس خىزمەتلىرىنى قوسۇرسىز ئادا قىلىشلىرى لازىم.

بالا تەربىيىسىدە ھەر تەرەپلىمە بىلىم ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلىش زۆرۈر بولغانلىقتىن، قىسقىچە بولسىمۇ بۇ ھەقتە ئاز-تولا مەلۇمات بېرىش ۋە بۇ مەلۇماتنى كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە بېيىتىپ بېرىشقا تىرىشىش ئاياللارنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىدۇر. بالىنى نورمالنى ئۇخلىتىش، زۆرۈرىيەتكە قاراپ يۇيۇندۇرۇش، تەن ۋە كىيىملىرىنى پاك تۇتۇش، گۈزەل خۇلقلارغا ئادەتلەندۈرۈش، ماڭغاندىن تاكى تىلى چىققانغا قەدەر تەربىيىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش لازىم.

بالا تەربىيىسى غەيرىي نىيەت ۋە قوپاللىق بىلەن ئەمەس، بەلكى سەۋر-تاقەت، مېھرىبانلىق، شەپقەت، سەزگۈرلۈك بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بالىنى ھەرگىزمۇ تىزگىنسىز ھايۋان كەبى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. زىيان بىلەن پايدىنى ئايرىيالمايدىغان گۆدەكنى نازارەتسىز تۇتۇش چوڭ خاتالىقتۇر. بالىنى قاتتىقلىق بىلەن يۇمشاقلىق ئارىسىدا ئادالەت بىلەن تەربىيە قىلىش كېرەك.

ئانىسىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا جازا ياكى تەنبىھتىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى ھۆرمەتلىك ھامىيسىغا بولغان ئىشەنچ ۋە سۆيگۈ سەۋەبىدىن، ئىتائەت قىلغان بالا ئادالەت بىلەن تەربىيىلەنگەن بولىدۇ. ئادالەتلىك تەربىيىنىڭ شەرتى، ئاتا-ئانىغا بولغان ئىتائەتنى، ئېتىقاد بولغان ھۆرمەتنى، ئۇرۇق-تۇغقان،

يىقىن- يىراق، ئەل- يۇرت، خەلقنى سۆيۈشنى، ھەر بىر چوڭ- كىچىك بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشنى باللارنىڭ قېنىغا سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ بىر قاتار ئىشلار ئاتىنىڭ، شۇنداقلا يېقىن قېرىنداشلارنىڭ زىممىسىدە ئورتاق بولسىمۇ، يەنىلا چوڭ مەسئۇلىيەت ئاياللارنىڭ زىممىسىدىدۇر.

بۈيۈك بىر زات «ھەر بىر ئايالنىڭ ئەقلىنى ئۆلچىمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بالىلىرىغا قاراڭ» دېگەنىكەن. كوچىدا يۈرگەن ياكى بەزى ئۆيلەرگە كىرگەن ۋاقتىمىزدا پەرىشتىدەك، كۆڭلىمىزنى رام قىلغان تەربىيىلىك باللارغا دۇچ كېلىش بىلەن بىرگە، تەربىيىسىز باللارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. بۇنداق تەربىيىسىز باللار كۆڭلىمىزنى ئېغىر ھەسرەتكە سالىدۇ. بۇلارنىڭ بۇنداق بەختسىز بولۇشىغا ئانىسىنىڭ ناچار تەربىيىسىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى يادىمىزغا ئالغىنىمىزدا ھەسرىتىمىز يەنىمۇ ئاشىدۇ.

ھەر بىر سورىغان نەرسىنى، بولۇپمۇ يىغلاپ تۇرۇپ سورىغان نەرسىنى شۇ زامان بېرىش، ھەممە سۆزىگە ماقۇل دېيىش، ھەددىدىن تاشقىرى ئەركىلىتىش، مېھرىبانلىق قىلىش، ھەر بىر قىلغىنى ماختاش، ئېسىل كىيىشكە، لەززەتلىك يېيىشكە ئادەتلەندۈرۈش بالىنىڭ خۇلقىنى بۇزۇشتىكى ئەڭ تەسىرلىك سەۋەبلەردۇر.

بالىغا ئىككى يۈزلىمچىلىكنىڭ يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش، ئىنتىلىش ۋە غەيرەتنىڭ كامالەتتىن دېرەك

www.uyghurkitap.com

كىرىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇش، ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشنى، كىچىكلەرگە مەرھەمەتلىك بولۇشنى ئۆگىتىش، كۆڭۈلدىن ھەسەت، دۈشمەنلىك، تەكەببۇرلۇق، غەيۋەت، يالغان سۆزلەش قاتارلىق بۇزۇقلۇق ئىللەتلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بۈيۈك مۇھەببەت، جەسۇرلۇق، ئېتىقاد، ئادالەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىش بالىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇشىدىكى مۇھىم ئاساستۇر. ئائىلىلەرنىڭ كۆپلىرى بالىلىرىنىڭ خۇشخۇيلۇق، تەربىيىلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولسىمۇ، تەربىيە ئۇسۇلىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن كۆز نۇرلىرى بولغان بالىلىرىغا ياخشى تەربىيە بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، تەلىم بالىلارغا «ئۇنداق بولۇڭ، بۇنداق بولۇڭ»، دەپ بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ چوڭلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ياشلارغا دەرس بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەت ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش تىل بىلەن سۆزلىنىدىغان دەرسلەرگە نىسبەتەن تەسىرلىكرەك بولىدۇ.

گەرچە ئائىلە بالىسىغا تىلى ئارقىلىق گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆگەتسىمۇ، لېكىن ئىش-ھەرىكىتى ناچار بولسا، ئۇ بالىغا يامان خۇلق ئۆگەتكۈچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ياش بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەقلىد قىلىشقا ئامراق. ئاتا-ئانىنىڭ خۇلقى بالىلار ئۈچۈن تەبىئەت ھۆكمىگە ئوخشايدۇ. بالىلارنىڭ ئالدىدا بۇزۇق ۋە ناچار ئىشلارنى قىلىش ئۇلارنى شۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ئۆگىتىش بىلەن ئوخشاشتۇر. بىر-بىرىنىڭ

ھـۆرمىتىنى بــەجا كەلتۈرمىگــەن ئاتــا ـ ئــانىلارنىڭ بــالىلىرى ھېچكىمنى ھۆرمەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ يامان ئادەتنى ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ئۆگەنگەن.

ئەگەر بىر ئاتا بالىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئانىسىغا قول كۆتۈرسە ياكى ئاتــا ـ ئانىســىغا قــاراپ ۋارقىرىســا، بــالىلىرىنىڭ ئــالدىدا ئۇلارنىڭمۇ ھۆرمەت، قەدرى بولمايدۇ.

مەرىپــەتلىك ئــانىلار، ئــەقىدە، ئىنساپلىق ئاياللار تەرىپىدىن تەربىيىلەنگــەن بــالىلار گــۈزەل خۇلقلــۇق، غــەيرەتلىك، توغــرا پىكىرلىك، ساۋ تــەنلىك، ئالىي تەبىئــەتلىك، تۈرلــۈك خــەيرلىك ئىشلارغا تەييار چوڭ بولىدۇ.

ئانــا تەربىيىســىدىن مــەھرۇم بولــۇپ قالغــان ئادەملــەرنىڭ بالىلىرى كۆپىنچە ھــەر تۈرلــۈك بۇزۇقلۇقلارغا مايىل، پايدىسىز ئــادەم بولــىدۇ. ئۇلارنــىڭ ئــالىملىرى چــىن ئــالىم بولماستىن، تۈلكىگە ئوخشاش ھىيلىگــەر، رىياكار، ئالدامچى، خۇشامەتكۆي سودىگەرلىرى بولسا يالغانچى، خىيانەتكار؛ بايلىرى ئاچ كۆز، گادايلىرى تەكەببۇر، يالغانغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى؛ شاگىرتلىرى ھۈنەرسىز، ئەخلاقسىز؛ خوتۇنلىرى ئەخمــەق، ئىدارە قىلغىلى بولمايدىغــان؛ چوڭلــىرى شەپقەتســىز، كىچىكلــىرى ئىتائەتســىز بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ياخشى تەربىيە ۋە ناچار تەربىيە

بالا بەش-ئالتە ياشتىن ئاشقاندا سۆزلەشكە، كۆزىگە كۆرۈنگەن، ئەقلى يەتكەن نەرسىلەرنى سوراشقا، ئۇلارنى ئىنچىكە كۆزىتىشكە باشلايدۇ. كىچىك بالىنىڭ ھەر خىل نەرسىلەرنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئەسلىنى بىلىشكە ئىنتىلىشلىرى كۆپىنچە گۈزەل ۋە كېرەكلىك نەرسىلەر ھەققىدە بولىدۇ. يېقىن قېرىنداشلىرىمىز، دوست-بۇرادەرلىرىمىز يىراق سەپەردىن كەلگەندە ھال-ئەھۋالىمىزنى ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن سورىغاندەك، بالىلارنىڭ ھەر خىل نەرسىلەرنى سوراشلىرىمۇ مەنىلىك بولىدۇ. نەپەسلىنىدىغان ھاۋا، ئىچىدىغان سۇنىڭ پايدىسىنى، يەيدىغان نان، كىيىدىغان كىيىمىمىزنىڭ قانداق ئىشلار ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى، قار، مۇز، يامغۇر، قىرو، شەبنەم، ئۆسۈملۈكلەر، چاقماق ۋە ھەسەن-ھۈسەنلەرنىڭ نېمىلەردىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، ھايۋانلارنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىقلىرىنى، قەغەزنىڭ نېمىدىن ياسىلىدىغانلىقىنى، كىتابنىڭ قانداق بېسىلىپ دۇنياغا تارقىلىدىغانلىقىنى، كېچە-كۈندۈزلەرنىڭ ئۇزىراپ-قىسقىرايدىغانلىقىنى، كېمە ۋە پويىزلارنىڭ، باشقا ئالاقە

ۋاستىلىرى ۋە تېلېگىرافنىڭ قانداق قىلىپ ئادەملەرگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى، شامال ۋە بۇلۇتلارنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھاللارنى باللارغا ئويۇن ئارىسىدىمۇ، ئويۇن ئويناۋاتقاندىمۇ ئۆگىتىش مۇمكىن. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنى باللار ئۆز ئانىلىرىدىن ئۆگەنسە، پۈتۈنلەي ئېسىدە قالىدۇ ۋە شۇنداق نەرسىلەرنى بىلىشكە مۇھەببىتى كۈچىيىدۇ.

تەربىيىلەشنى بىلىدىغان ئانىلار پەزىلەتلەرگە مۇھەببەت بىلەن قاراشنى، رىزالەتلەردىن نەپرەتلىنىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى باللارنىڭ زېھنىگە سالىدۇ. بۈيۈك ئادەملەرنىڭ كامالەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئادىل ھاكىملار، ئىمانلىق سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەرنى سۆيۈملۈك قىلىپ كۆرسىتىدۇ، خەستىلىك ۋە سالامەتلىكنىڭ سەۋەبلىرىنى، مەجلىس ۋە سۆھبەتلەرنىڭ ئەدەپلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ھايۋانلارنىڭ تىلىدىن سۆزلىنىدىغان ھېكايەتلەر تەربىيە ئۇسۇلىنى بىلىدىغان ئاياللار ئۈچۈن پۈتمەس-تۈگىمەس خەزىنىدۇر. ئۇلار بۇ ھېكايەتلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق شۇ ھېكايەتلەرنىڭ ۋاستىسىدە پەزىلەت ۋە رىزالەتنى باللارنىڭ كۆڭلىگە پۈتۈنلەي سىڭدۈرۈپ، ئالدىنقىسىغا مۇھەببەت قويۇش، كېيىنكىسىدىن نەپرەتلىنىش يوللىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بالىسى كۆزىتىپ يۈرگەن نەرسىلەردىن ئۆزى خەۋەرسىز بولغان ئانا بالىنىڭ بۇ ئادىتىدىن بىزار بولىدۇ. ئۇنى بۇ ئىشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆگىتىش ئۈچۈن يالغان- ياۋىداق جاۋابلارنى تېپىپ، توغرا سۆزنىڭ ئورنىغا بالىلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالىدۇ. بۇ يالغان سۆزلەر كۆڭلىگە ئورنىشىپ قالغان بالىغا كېيىنچە تەنبىھ بەرگۈچىلەر بولسىمۇ، ئۇزاققىچە ئۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن تا قېرىپ قالغۇچە بۇزۇق ۋە خاتا پىكىرلەر بالىنىڭ زېھنىدىن كەتمەيدۇ. بەزى ئانىلار بالىلىرىنى شەيتان، پەرى، دىۋە، ئەجدىھا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن قورقۇتىدۇ. بەزىلىرى بولسا، موللا كېلىپ سېنى مەكتەپكە ئېلىپ كېتىدۇ، ئوقۇمىساڭ قۇلىقىڭنى كېسىدۇ، دېگەندەك گەپلەر بىلەن بالىلىرىنىڭ يۈرىكىنى ئالىدۇ. ئەقىلگە خىلاپ، بالىنىڭ خۇلقىنى بۇزۇشقا سەۋەب بولىدىغان يالغان- ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق تەربىيە ناچار تەربىيە بولۇپ، تەربىيىچىلەرمۇ ناچار تەربىيىچىلەردۇر. بۇ بالىلارغا ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىنى دۈشمەن قىلىپ كۆرسىتىشكە سەۋەب بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنسىز تەربىيە سەۋەبلىك بالىنىڭ قېنى بۇزۇلىدۇ. ئىنتىلىش ۋە غەيرەت تامامەن يوقىلىدۇ. ھەر تۈرلۈك ۋەھىمىلەرگە مۇپتىلا بولىدۇ، ئاخىرىدا پايدىسىز بىر چۈشەنگە ئايلىنىدۇ. چۈشەن بولسا، ئەڭ ناچار بىر جانزاتتۇر. چۈشەن خەلقى، ۋەتىنى، ئائىلىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايدۇ. بالىلارنى چۈشەن بولۇشقا ئۆگىتىش پۈتۈن ئائىلىنى، پۈتۈن مىللەتنى چۈشەنلىك دەرياسىغا غەرق قىلىش بىلەن باراۋەر. غەرب ئالىملىرى بىر مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتىش يولىدا قىممەتلىك

ھاياتنى ھەدىيە قىلدۇيۇ، نېچۈن بىزلەر ئاساسىغا يەتكەن مەسىلىلەرنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە غەيرەت قىلمايمىز؟! رۇس بايلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ھالىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش نىيىتىدە پۈتۈن راھەتنى پىدا قىلىپ، يىغقان ماللىرىنى سەرپلەيدۇيۇ، بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز مىللەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مىللەتنىڭ نامىنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايدۇ؟! ئىنگلىز ئالىملىرى ھۇزۇر-ھالاۋەتتىن ۋاز كېچىپ، قاششاقلار ئارىسىغا بېرىپ ئىلىم تارقىتىدۇيۇ، نېچۈن بىزلەر ئۆز مەھەللىمىز، ئۆز خەلقىمىز ئارىسىدا بولسىمۇ ئەقىدە، ئەخلاق ئۆگىتىشكە غەيرەت قىلمايمىز؟! ياۋروپالىق بىر ئالىم يوقىلىپ كەتكەن تىللارنىڭ گراممانىكىسىنى تۈرغۈزىدۇيۇ، نېچۈن بىزلەر ھەتتا ئۆز تىلىمىزنىڭ گراممانىكىسىنى بىلمەيمىز؟!

بىر مارجان (ۋېنگرىيىلىك) مۇئەللىم فرانسۇز، رۇس، ئىنگلىز، ياپون، ئەرەب، پارىس تىللىرىنى بىلگەنلىكىنى ئاز كۆرۈپ، ئۇفا ۋىلايىتى، دىم سەھرالىرىدىكى باشقىردلارنىڭ ئىچىدە يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تىل ئادەتلىرىنى ئۆگىنىش مۇشەققىتىنى ئىختىيار قىلىدۇيۇ، بىزلەر ھەر ۋاقىت كېرەكلىك بولغان رۇس تىلىنى نېچۈن ئۆگەنمەيمىز؟!

بۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋاب ھەم ئوچۇق، ھەم قىسقا بولۇپ، «ئۇلارنىڭ تەربىيىلىشى ياخشى، بىزنىڭ تەربىيىلىشىمىز ناچار» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

www.uyghurkitap.com



# ئايالنىڭ ئۇمۇمىي ۋەزىپىسى

ئايالنىڭ ۋەزىپىسىنى يالغۇز ئاش پىشۇرۇش، ئورۇن-كۆرپىلەرنى ھازىرلاش، ئۆي سۈپۈرۈش، بالىسى بولسا ئېمىتىپ بۆشۈككە بۆلەشتىن ئىبارەت دەپ قارىغۇچى ئەرلەرمۇ بار. شۇنداقلا، ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلمىگەنلىكتىن ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى كىچىككىنە ئىشلاردىن ئىبارەت دەپ قارىغۇچى ئاياللارمۇ بار. كىچىك بىر مەملىكەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئائىلىنى ئىدارە قىلىش ئايال زاتىنىڭ زىممىسىدە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاز ئەمەس، بەلكى بىر مەملىكەت ئىشىدەك ئۇلۇغۋاردۇر. ئائىلە ئەزالىرىغا گۈزەل تەربىيە بەرمەك، ئائىلىدە كىرىم-چىقىمنى تەرتىپ ئىنتىزام بىلەن تۇتماق، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلسە، ئىككىلا تەرەپنى مەمنۇن قىلىدىغان دەرىجىدە كېلىشتۈرمەك، قوشنىلار ياكى باشقىلار بىلەن ئائىلە ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەندە دوستلاشتۇرماق قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئايالنىڭ زىممىسىدىدۇر.

«ئايال پەقىرلىككە قارشى بىر ئەسكەردۇر. ۋەتىنى — ئۆي، ئىستىھكامى — تىرىشچانلىق، ئۇسۇلى — ھەربىي

ئىدارە قىلىش، قورالى — يىڭنە بىلەن قايچا» دېگەن گەپ بار. ئايال يالغۇز ئەسكەرلا ئەمەس، بەلكى كىيىنىشتۇرگۇچى، تەربىيىچى ۋە نەسىھەت قىلغۇچىدۇر.

ئەقىللىق ئايال ئائىلە ئەھۋالىنى ياخشىلاشتا قىلچە يەڭگىللىك قىلمايدۇ، ھەر ئىشتا لايىقىدا يول تۇتىدۇ. ئېرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئاتا-ئانىسىغا، قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، بۇرادەرلىرىگە ھۆرمەت-ئېھتىرام كۆرسىتىدۇ. قولىدىن كېلىشىچە يېمەك-ئىچمەكتە تېجەشلىك بولۇپ، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىدۇ. ئېرىنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلماي، مۇمكىنقەدەر روزىغار يىغىدۇ. ئېرى خىزمەتتىن قايتىپ كەلگەندە ۋە ئۇنى كۆرگەندە خۇش مۇئامىلىدە بولىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى سۆزلەشكە، ئۇنىڭ پىكرىنى چالغىتىشقا ئەسلا ئورۇنمايدۇ. ئېرىنىڭ بىرەر خاتا پىكرگە كەلگەنلىكىنى بايقىغاندا، «بۇنداق دېيىلسە قانداق بولار؟» ياكى «مۇنداق دېيىلسە مۇۋاپىقراق بولارمىكىن» دەپ سەمىمىي مەسلىھەت سالىدۇ. ئەسلا مەسخىرە خاراكتېرىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئويىدا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئەسلا مەقبۇل ئەمەس. بىلدۈرگەن پىكرىنى ئېرى قوبۇل قىلسا، خۇش بولۇپ، قوبۇل قىلمىسا، ئۆپكىلىنىش (ئاچچىقلىنىش) ياكى خاپا بولۇش، دىلىدا غۇم ساقلاش ئەيىبتۇر. چۈنكى، ئائىلە سائادىتى ئۈچۈن كۈنۈ-تۈن پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئەرنىڭ بەزى ھاللاردا ئايالغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان پىكىرلەردە بولۇشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئايالىنى سۆيمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئېرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ خاھىشىغا ئەمەل قىلىش ھەرگىزمۇ ئايالنىڭ ھۆرمىتىنى چۈشۈرمەيدۇ، بەلكى بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاپادار، گۈزەل خۇلقلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىشلار ئايالغا نىسبەتەن ھەم ئېرىنىڭ، ھەم باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىنى قازىنىشقا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئىتائەت بىر خىزمەتچىنىڭ باشلىقىغا ياكى بىر ئەسكەرنىڭ دەرىجىسى ئۆزىدىن چوڭ بولغان كىشىگە ئىتائەت قىلىش شەكلىدە ئەمەس، بەلكى دوستىنىڭ دوستىغا، ئۆمۈر يولدىشىنىڭ يولدىشىغا ئىتائەت قىلىش شەكلىدىكى مەرھەمەتلىك بىر ئىتائەتتۇر.

زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سوراپ ئېرىنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇش ۋە ئەكەلگەن نەرسىلەرگە رازى بولماسلىق كەيپىياتىدا بولۇشمۇ ياخشى خۇلقتىن ئەمەس، بەلكى ئورۇنسىز جاپا سېلىشتىن ئىبارەت. تەربىيىلىك ئاياللار كېرەكسىز زىننەتلەر ۋە زۆرۈر بولمىغان كىيىملەر توغرىسىدا ئۆزىنى يەڭگىلتەك ئاياللارغا تەقلىد قىلمايدۇ. ئەر ئائىلە پاراغىتى ئۈچۈن بارچە راھەتلەردىن كېچىپ يۈرگىنىدە، بالىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇش يولىدا ھەر تەرەپكە قاتراپ تەدبىر قىلىۋاتقان چېغىدا، بايۋەچچە ئاياللارغا تەقلىد قىلىپ ئېرىنى بىئارام قىلىش مۇناسىپ ئىش ئەمەس. بالا تەربىيىسى زامانىمىزدا مۇشكۈل مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر بىر ئايال ئېرىنىڭ بايلىقىنى

ئـۆزىنى زىننەتلـەش يولـىدا سـەرپ قىلــىپ ئائىلىسـىنى ۋەيـران قىلسا، ئۇنداق ئايالنىڭ ھالىغا ۋاي!

ئەي ھۆرمەتلىك ئايال، كىچىككىدە ئاتا-ئانىنىڭ ھىمايىسىدە بولـۇپ، ئاچا-سىڭىللىرىڭ بىلەن تورلـۇك ئويـۇن-كۈلكىلـەرنى قىلاتتىڭ، ئاتا-ئاناڭنىڭ پۇلىغا كىيىنەتتىڭ. ئۇ چاغلاردا كۆڭلۈڭ ئـارزۇ قىلغـان نەرسـىلەرنى سـوراپ، شـۇنىڭغا يارىشـا جـاۋاب ئـالاتتىڭ. ئـۇ قىـزلىق ۋاقتىـڭ ئـىدى. ھـازىر بولسـا، ئـۇ كۈنلـەر ئارقاڭداقـالدى. قىــز دوسـتلىرىڭنىڭ ئورنىغـا يـالغۇز بىــر ئــەر دوستۇڭ بولدى. قونچاقلىرىڭنىڭ ئورنىغا باللىرىڭ ئولتۇردى. ئەمدى قىزلىق دۇنياسىدىن چىقىپ، ئانىلىق دۇنياسىغا كىردىڭ. كىيىم-كېچەك ھەممىدە باشقىلارغا تەقلىد قىلىپ، ئۇ ھەقتە باش قـاتۇرۇش ئـەخمـەق ئايـاللارنىڭ ئـادىتى بولغىنىغـا ئوخشـاش، ئـەمدى بۇنداق قىلىش سەندەك ھۆرمەتلىك بىر ئانىغا مۇناسىپ ئەمەس. ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى، ھەر ۋاقىتنىڭ ئۆزىگە يارىشا بىر ئىشى بار. ئـەمدى سېنىڭ غېمىڭ ئېرىڭنى رازى قىلىپ، بالا-چاقىلىرىڭ بىلەن ئۆيگە مەشغۇل بولۇشتۇر.

ئـەقىللىق ئايـالنىڭ ئىشـى مۇنـداق بولـىدۇ. قۇربـى يەتسـە مۇلايىملىـق بىلـەن ئېـرىنىڭ ئـاچچىقىنى يـاندۇرىدۇ، مۇمكىـن بولمىغاندا سەۋر-تاقـەت بىلـەن ئىش كۆرىدۇ. ئـائىلىدە ئېرىگـە يولـداش، ھـەر ئىشـتا سىرداش بولغـان ھـەر بىـر ئايـال ئېـرىنى كۆيدۈرسـە ياخشـى ئەمـەس. ئەرلـەر قوپـال سـۆز، ئـاچچىق مۇئـامىلىنى باشـقىلاردىن كـۆرۈپ چىدىسـىمۇ ئـۆز ئايـالىدىن

www.uyghurkitap.com



كۆرسە، ئەسلا چىدىيالمايدۇ. بۇ هال ئەرلەرنىڭ ئۆز ئاياللىرىنى يات كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى يېقىن دوست، سىرداش دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىدىندۇر.

ئائىلە تەربىيىسى ۋە دۇنيادىكى مەۋجۇت مۇشەققەتلەر ئەرلەرنى بەزى چاغلاردا پەس كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئابرۇيىنى تۆكۈشكە ۋە بەزىدە ئاجىز كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىدىن مەيۇس ھالدا قايتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىنىڭ جەھلى چىقىپ، كۆڭلى پاراكەندە بولىدۇ. بۇنداق ھالدىكى كىشىلەرنى ئايىماق ۋە قولدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەك لازىم. شۇنداق ھالدا بولغان ئەرنىڭ جەھلىنى چىقىرىش ۋە جەھلى چىققان پەيتتە ئۇنى نارازى قىلىش كۆڭلى مەرھەمەت بىلەن تولغا ئاياللارغا ياراشمايدۇ. ئەقىللىق ئاياللار ئەرلىرى، ھەتتا ئورۇنسىز پەيتلەردە ئاچچىقلانسىمۇ ئېغىر ئالماس.

ئەرنىڭ سەتلىكى، كەمبەغەللىكى نۇقسان ئەمەس. ئەركەك ئۈچۈن ئەڭ چوڭ نۇقسان ھاراق ئىچىش ۋە يالغانچىلىققا ئوخشاش ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىشتۇر. ئەگەر بىر ئەر ھاراق ئىچىش ۋە يالغانچىلىق بالاسىغا مۇپتىلا بولسا، ئۇنىڭ بىچارە ئايالىغا ۋاي، ئائىلىسىگە ۋاي! ھاراق ئىچىدىغان ۋە يالغان سۆزلەيدىغانلار قۇرغان ئائىلە مىسالى سۇ ئۈستىگە بىنا قىلىنغان ئۆيگە ئوخشايدۇ. ئازغىنا دولقۇن سەۋەبىدىن ھېچبىر قۇتقۇزۇش مۇمكىن ئەمەس دەرىجىدە ۋەيران بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ھاراققا ۋە يالغانچىلىققا بېرىلمىگەن ئەرلەرنىڭ

كـەمچىلىكلىرىنى ئايـاللار كـەچۈرۈپ، ئـۆزىنى ئىغىـر - بېسـىق تۇتۇشـى لازىـم. ئاتـا كـەبى شەپـقەتلىك، قېـرىنداش كـەبى مەرھەمەتلىك، دۇنيا مەئىشتى ھەم ئاخىرەت سائادىتى ھەققىدە ياردەمچى بولغـان ئـەرنىڭ بـەزى قۇسـۇرلىرىدىن كـۆز يۇمۇلسـا تـېخىمۇ ياخشى. ئـەرنىڭ تۇرمۇشـى ياخشـى بولسـا، ئايـال ۋە پۈتۈن ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ھەم ياخشى بولىدۇ، ئەرنىڭ ھاياتى خەتـەرلىك بولسـا، ئايـال ۋە پـۈتۈن ئـائىلىنىڭ ھايـاتى خەتـەردە قالىدۇ.

بـۇ ئورۇنـدا بـەزى ئەدىبلـەرنىڭ ئـۆز قىزلىرىغـا سۆزلىگـەن نەسـىھەتلىرىدىن مۇناسـىپ بولغـانلىرىنى بايـان قىلمـاقچىمىز: «نىكـاھ ۋاقـتىدىكى بـىرىنچى ئـش بـۇزۇق خۇلقلـۇق ئـەردىن ساقلانماقتۇر. چۈنكى، خۇلق جەھەتتىكى بۇزۇقلۇق بىر خىل كېسـەللىك بولـۇپ، ئۇنىڭدىـن ساقلانماق پـەرزدۇر. ئەگـەر ئـەر بىلـەن قوشـۇلماقچى بولسـاڭ، ئۇنـى ئىخـلاس بىلـەن سۆيۈشكە ئىنتىل. ئېرىڭنىڭ خۇلقى بـۇزۇق بولمىسا، سېنىڭ سۆيۈشۈڭ بىلـەن ئۇمـۇ سېنى سۆيىدۇ. چۈنكى، مۇھەببـەت مۇھەببـەتنى تۇغـدۇ، سـېنىڭ سۆيۈشـۈڭ ھايـا بىلـەن بىرلىكتـە بولسـۇن، تەربىيىلىك ئەرلەرنىڭ ئەقلىنى رام قىلىدىغان نەرسە ھايادۇر».

«ئېـرىڭ توغرىسـىدا بىلگـەن سـىرىڭنى ساقلىغىن، قوشـنا ئاياللارغـا سـۆزلىمە، چۈنكـى ئۇلارنـىڭ كۆپـى سىنىڭ غەزىپىڭ كەلگـەندە سـېنى ھـالاك قىلىدىغـان مەسلىھەت بېـرىدۇ. سـېنىڭ ئورنۇڭـدا مـەن بولسـام ئۇنـداق دەيتـتىم، مۇنـداق قىلاتـتىم

دېيىشىدۇ، ھالبۇكى سىنىڭ ئورنۇڭدا بولسا ھېچ نەرسە قىلىش قولىدىن كەلمەس ئىدى».

«ئەرنىڭ ئالدىدا سەت ۋە كۆرۈمسىز كىيىنىپ، باشقا جايلاردا زىيادە كىيىنىشتىن ئېھتىيات قىل. بۇنداق قىلىش تەربىيىلىك ئەرلەرنىڭ كۆڭلىگە شۈبھە سالىدۇ ۋە مۇھەببىتىنىڭ سۇنۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، ئاياللار ئۇچۇن يات جايلارغا بارغاندا، ئەڭ ياخشىسى ئاددىي كىيىملەرنى كىيىپ، ئەرلىرىنىڭ يېنىدا خۇش پىچىم بولماق لازىمدۇر».

«ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇخالىپلىق ۋە خاتالىق يالغۇز بىر تەرەپتە بولىدۇ. ئەگەر ئۆزۈڭدە خاتالىق بولماسلىقىغا ئىنتىلسەڭ ئائىلە شارائىتىنى ساقلاپ قالغۇچى ئايال بولىسەن».

«ئېرىڭگە تاپشۇرۇۋاتقان ياشلىق گۈللىرىڭ ھەر كۈنى كېمىيىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ ئورنىغا ھۆسن ـ خۇلق، ساداقەت گۈللىرىنى ئۆستۈرمەككە ئىنتىل. بۇنداق ئالدامچىلىق، خۇشامەتكۇيلۇق، زىددىيەت غالىب ئورۇندا تۇرغان زاماندا ئەرلەر ياش ئاياللاردىن كۆرە زىيادە مۇھەببەت ئىخلاسىغا ئىگە ئاياللارغا موھتاجدۇر».

«ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىمدە يالغان سۆزلىمە دېمەكچىمەن، يالغان سۆزلىگۈچى ئايالنىڭ تەربىيىلىك ئەرلەرنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، بەلكى زەبۇن، بەتبەخ ئادەملەر ئارىسىدىمۇ ھۆرمىتى يوقتۇر ۋە ھېچقاچان بولماس».

# ئىلىم ۋە ئايال

ئاياللار ئىلىملىك بولۇشى لازىم. بۇنى ئىنكار قىلىدىغان بىرەر مۇسۇلمان بولمىسا كېرەك. يەنە ئاياللار تەربىيە كۆرگەن بولۇشى لازىم. ئىلىملىك كىشى تەربىيە ئۇسۇلىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم بولىدۇ. ئەڭ تۆۋەن خىزمەت سانالمىش مال بېقىش ئۈچۈنمۇ بەزى نەرسىلەرنى بىلىش كېرەك بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ بالىلىرىمىزنى تەربىيىلىگۈچى ئانىلىرىمىز بىر قىسىم نەرسىلەرنى بىلىشتىن يىراق. ئەلۋەتتە بالىلىرىمىز قەدىر-قىممەت جەھەتتە تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ ياخشى-يامان ئادەتلىرىگە تەقلىد قىلغۇچى بالىلارنىڭ ئانىلىرى نادان بولسا، بالىلىرىغا بىلىمگە مۇھەببەت ۋە ئەخلاق دەرسلىرىنى، ھەر بىر مۆمىننىڭ بىلىشى لازىم بولغان نەرسىلەرنى كىم ئۆگىتىدۇ؟ ئاتىلار قانچىكى مەلۇماتلىق بولسىمۇ بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە يېتىشەلمەيدۇ. مەكتەپ مۇئەللىملىرى بالىلارغا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەتسىمۇ ئانىلار ئۆگىتىدىغان مىجەز-خۇلق توغرىسىدىكى نەرسىلەرنى ئۆگىتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالا تەربىيىسى ھەققىدە بولىدىغان خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئانىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ.

بالىلار خۇددى يېڭى تال نوتىسىدەك ھەر تۈرلۈك تەربىيىگە

www.uyghurkitap.com



ماسلىششچان كېلىدۇ. ئەگەر ئايال ئىلىمسىز بولسا، بۇلارنى قانداق تەربىيىلەيدۇ؟ بىر مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ تەدبىر كېرەك. ئائىلىنى ئىدارە قىلىش ئىشىمۇ بۇنىڭدىن يەڭگىل ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئىلىملىك بولۇشى زۆرۈر. لېكىن، ئىلىم كۆپ، ئۆمۈر قىسقا بولغانلىقتىن، ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىۋېلىشمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاياللار ئانا ھەم ئايال بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى ئۆگىنىشى كېرەك.

ئىنژېنېر بولىدىغان ئادەم گېئومېترىيە ئىلمىنى، سائەتچى بولىدىغان ئادەم سائەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىنى، تېلېگرافچى بولىدىغان ئادەم تېلېگراف ئىلمىنى بىلىشكە مەجبۇر بولغىنىغا ئوخشاش ئانا ھەم ئايال بولىدىغان كىشىمۇ ئۆز ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى بىلىشكە مەجبۇردۇر.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن مۇسۇلمان ئاياللىرى ئۈچۈن مەنتىق، پەلسەپە ۋە چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال ئەخلاق، ئەدەپ-قائىدە، ئۆي ئىچىدە بولىدىغان تەرتىپلەر، ئوقۇش، يېزىش ۋە ئۆي تۇتۇش، ئائىلىنى ئىدارە قىلىش ئىلىملىرىنى بىلىشى كېرەك بولىدۇ.

دۇرۇس ئېتىقاد ۋە زۆرۈر قائىدىلەر بۇزۇق خۇلقىنىڭ داغلىرىنى يۇيىدۇ. بۇنىڭغا (دۇرۇس ئېتىقاد ۋە زۆرۈر قائىدىلەرگە) ئەمەل قىلغان كىشىلەر ئۇلۇغۋارلىق كۆيىنىكىنى

كىيدۇ، سەۋر ئۇنچىلىرى بىلەن تىكىلگەن رازىلىق قالپىقىنى بېشىغا كىيدۇ، قانائەت سىرغىلىرىنى قۇلاقلىرىغا ئېسىپ، پۈختىلىق بىلەن ئىتائەت ئۈزۈكلىرىنى بارماقلىرىغا تاقاپ، بالىلار تەربىيىسى ھەم ئۆي خىزمەتلىرىنى ئەتىرگۈلدەك بېزەپ سائادەتكە ئېرىشىدۇ. بۇنداق ئاياللار يېنىدا روچىلىد (چوڭ بانكىر، 18- ئەسىردە ئۆتكەن) نىڭ بايلىقى ھەم مىسىرنىڭ ۋالىيسى يىپ ئېشەلمەيدۇ.

ئەخلاق ئىلمى ئاياللار ئۈچۈن ھەممىدىن زۆرۈر. ئەگەر ئاياللار گۈزەل خۇلقلۇق بولسا، پۈتۈن ئائىلىنىڭ راھىتىدۇر. ئەگەردە ئەخلاقسىز بولسا، پۈتۈن ئائىلىنى خاراب قىلغۇچىدۇر. ئاياللار تەۋرىسە ئۆينىڭ سەۋەبىدىن ئۆيلەر ۋە شەھەرلەر ۋەيران بولىدۇ. ئاياللار كۈچىسە، شەھەرلەرنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

ئاش پىشۇرۇش، كىيىم تىكىش، ئائىلە تەربىيىسى ۋە قول ھۈنەرلىرىنى بىلىش ئاياللار ئۈچۈن كامالەت ھېسابلىنىدۇ. كونىلار: «ھۈنەر بىچارىلىكتىن ساقلايدۇ» دەيدۇ. ئەگەر بىر ھۈنەرلىك ئايال ئېرىدىن تۇل قېلىپ بالىلىرى يېتىم بولسا، ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئۆزىنىڭ ھۈنىرى سايىسىدا كوچىدا قالمايدۇ.

ئائىلە باشلىقى بولغان ئايال قول ھۈنىرىنى بىلسە، ئۆينىڭ بايلىقى يوق يەرگە سەرپ بولمايدۇ. ئەرمۇ ئېھتىياجى بولغان نەرسىلەرنى تىكتۈرۈش ۋە يامىتىش ئۈچۈن يات كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىشقا موھتاج بولمايدۇ. بۇ ئاياللار ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىشتۇر. قول ھۈنىرىدىن مەھرۇم بولغان ئايال ئۆمرىنى قانداق

ئۆتكۈزىدۇ؟ ئۇخلاش ۋە بوشاڭلىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش ياكى ئىشسىز قىلىش ناھايىتى مۇشكۇل-مۇشەققەتكى، بۇنداق ئازاب دۇنيادا يوق. ھالبۇكى، ئىشلەش قانىنىڭ يۈرۈشۈشىگە، تەننىڭ سالامەتلىكىگە، يېيىش-ئىچىشنىڭ، ئۇيقۇنىڭ لەززەتلىك بولۇشىغا پايدىلىق بولىدۇ.

ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنى خۇشال قىلىدىغان ۋاقتىنىڭ قانداق ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ بۇ شۇنداق ۋاقىتكى، ئايالنىڭ ئۇچۇق چىراي بىلەن بالىلىرىغا ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ تۇرغان ياكى ئولتۇرۇپ قول ئىشى قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۆيىنى ئىدارە قىلىش ئىلمى ئاياللار ئۈچۈن كېرەكلىك ئىلىمدۇر.

ئۆيىنى ئىدارە قىلىش ئىلمىنى بىلىپ، شۇنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇق پىكىرلەردىن، ئىسراپچىلىق قىلىپ ياسىنىش كەبى ئىللەتلەردىن پاكلايدۇ، ئېرىنىڭ نەزىرىدە ھۆرمىتىنى، بالىلىرىنىڭ ئالدىدا مەرتىۋىسىنى ئاشۇرىدۇ، خۇلقىنى تۈزىتىدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىش ئاسان بولغانلىقتىن ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئۆگەنمەكتە. شۇنداق ئىكەن، ئائىلىدە ھۆرمەتلىك ئىشتا بولغان مۆھتەرەم ئايال ئۈچۈن بۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

ئوقۇش، يېزىشنى بىلگەن ئايال ئائىلىدە ھەر تۈرلۈك پايدىلىق رىسالىلەرنى ئوقۇيدۇ. تارىخ، جۇغراپىيە ۋە

ئەدەبىياتتىن خەۋەردار بولىدۇ. ئەستە تۇتۇش لازىم بولغان ۋەقەلەرنى دەپتەرگە يېزىۋالىدۇ، ئېرى سەپەردە بولسا، ئۇنىڭغا خەت يازىدۇ، ئۇنىڭدىن كەلگەن خەتلەرنى ئوقۇيدۇ. ئۇششاق سۆزلەپ غەيۋەتكە بېرىلىش ئەيىبىدىن خالاس بولىدۇ. بۈيۈك ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئېرىگە ئىلىم جەھەتتە تەڭداش، دۇنيا سەپىرىدە ھەمراھ بولالايدۇ.

كىتاب خىلۋەتتە سىرداش، يالغۇزلۇقتا دوست، ھەسرەتلەرگە بەرھەم بەرگۈچىدۇر. ئۇ كۆڭۈللەرگە زىيا بەخش ئېتىدۇ. زىياسىز دوست ۋە قائىدىسىز يولداش بولغان ئاياللار ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش ئەلۋەتتە پايدىلىق. ئوقۇش ئۈچۈن كىتاب تاللاش خۇددى دوست تاللاشتەك مەسئۇلىيەتلىك بولۇپ، بەزى كىتابلار ناچار دوستلاردىنمۇ زىيانلىق بولىدۇ.

نۆۋەتتە كەلگەندە سالامەتلىك قائىدىلىرىدىن ۋە بىمارنى كۈتۈش نىزاملىرىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار بولۇش ئاياللار ئۈچۈن پايدىسىز بولمايدۇ. چۈنكى، بىمارلارنى كۈتۈشتە ئاياللارنىڭ ماھارىتى ئەرلەردىن ئارتۇق بولىدۇ. بولۇپمۇ بالىلار ئاغرىسا ئانىلارنىڭ پۈتۈن زىكرى ئۇلاردا بولۇپ، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇيدۇ. ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك زەخمەتلەرنى چېكىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىدىن خەۋىرى بولغان ئايال بۇ ۋاقىتتا بالىلىرىغا زور ياردەم قىلالايدۇ. بىمارنى كۈتۈش قائىدىلىرىنى بىلىدىغان ھەر بىر ئايال چالا تېۋىپلاردىن ئارتۇق

كىشىلەرنى قىلالايدۇ. ئۇنىڭ يۇمشاق سۆز ۋە مۇلايىم ھەرىكىتى بىمارنىڭ كۆڭلىگە راھەت بېغىشلايدۇ. سالامەتلىك قائىدىسىنى بىلگۈچى ئانىلار يېيىش-ئىچىشتە، كىيىنىشتە پايدىلىقلىرىنى زىيانلىقلىرىدىن پەرقلەندۈرەلەيدىغانلىقى سەۋەبلىك باشقىلارغا نىسبەتەن بۇلارنىڭ بالىلىرى سالامەت بولىدۇ.

# چىراي ۋە ئايال

ئاياللارغا خاس بولغان نەرسىلەرنىڭ بىرسى چىرايدۇر.

چىراي ئىككى قىسىم بولۇپ، بىرى زاھىرى — سىرتقى چىراي، يەنە بىرى باتىنى — ئىچكى چىرايدۇر. ئادەم بالىسى ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز ۋە كامالەت ھېسابلىنىدىغان نەرسە ئەقىلدۇر. قۇياش دۇنيانى نۇرلاندۇرۇپ تۇرغانغا ئوخشاش ئەقىلمۇ ئادەم بالىسىنىڭ پىكرىنى نۇرلاندۇرىدۇ، زېھنىنى ئاچىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. سىرتقى چىراي ئۆتكۈنچى بولۇپ، ھەر كۈنى كېمىيىپ تۇرىدۇ. ئىچكى چىراي ھەر كۈنى ئارتىپ-كۆپىيىپ تۇرغۇچى مەڭگۈلۈك كامالەتتۇر.

ئەقىل ئۆز ئىگىسىنى بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ سۆھبىتى كۆڭۈللەرگە راھەت بېغىشلايدۇ، ھەسرەتلەرگە تەسكىن بېرىدۇ. ھەر كۈنى ئۇنى جان-تېنى ۋە ئىخلاس بىلەن سۆيسە، سۆزى قۇتلۇق زاتلارنىڭكىگە ئوخشاش

نوپۇزلۇق بولىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، ئاياللار ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئەقلىنى تەربىيلەپ، ئۇنى ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىشى كېرەك. ئەقىللىق ئايال ھەر قانداق سىرتقى چىرايىنىڭ كۆپىدىن مەھرۇم قالسىمۇ، ھۆرمىتى ھەر كىمنىڭ كۆزىدە بولىدۇ. چۈنكى، ئەقىل ھەر قانداق ئەيىبنى ياپىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىملاردىن بولغان بىر زات ئۆيلىنىش تەرەددۇتىدا بولغاندا، دوستلىرى تەرىپىدىن ئوخشاش ياشتىكى ئىككى قىز كۆرسىتىلىپ: «بىرىنىڭ كۆزىدە كەمچىلىكى بار، لېكىن ئەقىللىق، ئىككىنچىسىنىڭ ئەقلى بىرىنچىسىدەك دەرىجىدە بولمىسىمۇ، غايەت گۈزەل، قايسىسىنى تاللايسىز» ، دېگەندە، ئۇ: «ئەقىللىقنى» دېگەنىكەن. سىرتقى چىراي بىر خىل ھەدىيە بولۇپ، بۇ ھەدىيىگە ئىگە بولغان ئايال بۇنىڭ بىلەن تەكەببۇرلىشىپ كەتمەي، بەلكى ئۇنىڭغا شۈكرى قىلىش لازىم. ئەگەر سىرتقى چىراي ئۇنىڭ دەرىجىسى سەۋەبىدىن بولسا سۈنئىي، يارىتىلىشى سەۋەبىدىن بولسا، تەبىئىي چىراي دېيىلىدۇ.

سۈنئىي چىراي دېگەندە، يۈز، قول، بويۇنلىرىنى ئاق، قىزىل بوياقلاردا بوياش، چاچنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىش، قاشلارنى تېرىش ئارقىلىق ئىگە بولىدىغان گۈزەللىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل نەرسىلەر ئادەمگە ھۆسن قوشالمايدۇ، بەلكى سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئەرلىرىگە گۈزەل كۆرۈنۈش ئۈچۈن بۇنداق بوياقلار بوياالغۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، تەربىيىلىك ئەرلەر چۈشىنىدىغان گۈزەللىك بۇنداق بوياقلار ئەمەس، بەلكى تازىلىقتۇر. دۇنيادا ئەرلەرنىڭ ياخشى كۆرمەيدىغىنى پاكىز يۈرمەيدىغان ئايالدۇر. بۇنداق ئايال ئېرىنى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرسىمۇ، ئەرنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال ئۆز يېقىنلىرى ۋە دوستلىرىنىڭكىگە قانداق سۈپەتتە بارسا بارسۇن، ئەمما ئېرىنىڭ ھۇزۇرىدا مۇتلەق گۈزەل سۈرەتتە ۋە پاكىز ھالەتتە بولمىقى لازىم.

تەبىئىي چىراي سالامەت تەنلىك، پاك كۆڭۈللۈك، ئۈستى- بېشى ئاددىي بولسىمۇ پاكىز، ئەقلى جايىدا، ئىتائەتلىك بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر بىر ئايالدا مەنىۋى چىرايىنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي چىرايمۇ بولسا، ئەلۋەتتە نۇر ئۈستىگە نۇر بولىدۇ. ئالتۇن ۋە باشقا قىممەتلىك مەدەنلەر تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقىنىدەك بىزنىڭ تەربىيە بېرىشكە تېگىشلىك ئاياللىرىمىز ئەل ئارىسىدا كۆمۈلۈپ تۇرىدۇ. يېزا- قىشلاقلاردىكى قىزلارغا زۆرۈر دەرىجىدە تەربىيە بېرىلسە، ئۇلاردىن ئەڭ قىممەتلىك مىللەت ئانىلىرى چىقار ئىدى.

# بولغۇسى ئايال

بىر-بىرىنىڭ تەبىئەت ۋە خۇلقىنى ياقتۇرمىغان كىشىلەر ھەتتا بىر-ئىككى چاقىرىملىق يەرگىمۇ بىرگە بارالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ دۇنيا سەپىرىدە بىر-بىرىگە ئۆمۈر يولدىشى بولىدىغان ئەر-ئايالنىڭ تەبىئىتى بىر-بىرىگە مۇۋاپىق بولمىسا، دۇنيا سەپىرىنى قانداق داۋاملاشتۇرىدۇ، قانداق قىلىپ بىر جان، بىر تەن بولالايدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سەپەرداش، ئۆمۈر يولدىشى بولىدىغان ئايالنىڭ ھالىنى ئازراق بولسىمۇ بىلىش لازىم بولىدۇ.

بولغۇسى ئايال پاك نەسەبلىك، گۈزەل ئەدەپلىك، ئەقىللىق، تېنى سالامەت، ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىدا تەربىيە ئالغان، ئانىلار ۋە ئاياللارنىڭ زىممىسىدە بولغان ۋەزىپىلەردىن خەۋەردار، دۇنيانىڭ ئاق-قارا كۈنلىرىدە جورىسىغا ياردەم قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. كېلەچەك كۈنلەرنىڭ مەئىشەتلىرىنى گۈزەل تەرتىپ بىلەن تۈزۈش ئىنسانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغىنىغا ئوخشاش خوتۇن ئېلىشتىمۇ بۇ تەرتىپتىن چەتكە چىقىش مۇۋاپىق ئەمەس. بالىلارنىڭ تەربىيىلىك، ئىتائەتلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىدە پىشقان، ئىتائەتلىك بىر ئانا تاللاش كېرەك. چۈنكى، تەربىيىسىز ئايالدىن گۈزەل

www.uyghurkitap.com

تۇلقلۇق بالا چىقىشى ناتايىن.

تەربىيىلىك ئايال ئەقىللىق ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلالايدۇ. ئەرلەر ئاياللاردىن رازى بولسا ۋە كۆڭلى ئۇلارغىلا باغلانسا بۇ ئىشتىن كېلەچەكتە زور مەنپەئەت ھاسىل بولىدۇ. كۆڭلى ئايالىغا باغلانغان ئەر قەيەرلەردە بولمىسۇن نومۇسسىزلىققا بېرىلمەيدۇ. ئۆز كۆڭلىدە ھۆرمەتلىك بولغان ئايالىغا خىيانەت قىلىشنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. كۆڭلى ئايالىغا باغلانغان كىشى ئۆمرىنى ناباب يەرلەردە ئۆتكۈزۈش ئەمەس، ھەتتا ئادەتتىكى سورۇنلاردا ئىسراپ قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇنىڭ بارلىق راھىتى ۋە سەرپ-خىراجىتى ئۆز ئائىلىسىدىكى زۆرۈر نەرسىلەر ئۈچۈن بولىدۇ. ئورۇنسىز يەرلەردە يۈرۈپ سالامەتلىكىنىڭ ئاساسى بولغان ئۇيقۇسىدىن قالمايدۇ ۋە بەدىنىنىڭ قۇۋۋىتىنىمۇ زايە قىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئايالىنىڭ گۈزەل ئېتىقادى ئېرىنىڭ ئالدىدا مەھكەم بولىدۇ. ھىمايىچىم ۋە پاكىز ئېرىم دېگەن ئېتىقادنى ئايالىنىڭ كۆڭلىدە شەكىللەندۈرۈش لەززىتىنى، ئىپپەتلىك ئەر بولماقنىڭ ۋە ھامىيلىقنىڭ بۈيۈك بىر مەرتىۋە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇنداقلا ساپ ھەم ئىپپەتلىك ھامىي ئەر بولىدۇ.

ئەقىللىق ۋە نىيىتى دۇرۇس ئەر ئايالىغا پۈتۈن دۇنياسىنى بېغىشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېچقاچان ئىپپىتىنى نابۇت قىلماي، جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ئايالىنى يامان پىكىرگە ئېلىپ كېلىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. تەربىيىلىك ئايالغا ئەر بولغان ئادەم

ئايالنى تالاق قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ مەئىشەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ.

ئەمما، بولغۇسى ئايالنىڭ تەربىيىلىك ياكى ئەمەسلىكىنى، مۇلايىم ياكى ئەمەسلىكىنى، چەزىبىلىك ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىش ئاسان ئەمەس. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە بولغۇسى ئايالنىڭ تەربىيىسىنى بىلىش بولۇپ، سىرتقى گۈزەللىكىنى بىلىش ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىشتۇر. نىكاھ قىلىش نىيىتى پۈتۈلگەندە بولغۇسى ئايالنىڭ يۈزىنى، قولىنى، چېچىنى كۆرۈشكە شەرىئەت يول قويىدۇ. ئەمما، پەقەت مۇشۇلارنى بىلىش بىلەنلا ئىنسانىنىڭ مىجەز-خۇلقىنى تامامەن بىلىش مۇمكىن ئەمەس. كۆپلىگەن كىشىلەر كۆرگەنلىرى ۋە بىلگەنلىرىنى تەتۈر تەرىپلەپ، باشقىلارنىڭ مەئىشىتىنى بەربات قىلىشنى قوش ئۈۋۈسىنى تۇزۇتقانچىلىك ھېساب قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىش ئالدىنىش بىلەن باراۋەر.

بولغۇسى ئايالنىڭ ئەھۋالىنى ئىنساپلىق ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەر ئارقىلىق بىلىش لازىم. بۇنداق ئادەملەر ئارقىلىق بولغۇسى ئايالنىڭ تەربىيە ۋە ئەخلاقىنى بىر قەدەر چۈشىنىش، جورا تېپىش ھەققىدە بەزى مۇشكۈللەرنى يېڭىش كېرەك. سۈتنى سېغىپ ئىچىش ئۈچۈن سېپىر ئالغان ئادەممۇ ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن باشقا ئۇنىڭ خۇي-پەيلىنى ئەتراپتىكىلەردىن سۈرۈشتۈرىدۇ. سەپەرگە چىققان ئادەم بىر كۈن

بولسىمۇ كېمە ۋە پويىزلاردا ياتىدىغان ئورنىنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئىستەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قولاي ئورۇن تېپىشقا تىرىشىدۇ.

شەھەرگە بېرىپ ئىككى، ئۈچ كۈن مېھمان بولماقچى بولغان ئادەم تۇرىدىغان جاينىڭ تىنچ، ئازادە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇ مەقسەتتە تۇرار جاي تاللايدۇ. شادلىق ۋە ھەسرەتلەرگە بەرھەم بولماقچى، باللىرىنى تەربىيە قىلماقچى، ھەر بىر قولۇپ-زەنجىرلەرنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ئايالنىڭ ھالىنى ۋە تەبىئىتىنى بىلىش ئۈچۈن مۇشەققەت چېكىش، زەخمەت تارتىشقا توغرا كەلسە ئەيىب ئەمەس.

ئەرلەر بىر قانچە جەھەتلەردە ئاياللاردىن ئارتۇق، ھەتتا ئاياللارغا موھتاجسىز دەرىجىدە تۇرۇپمۇ بولغۇسى ئاياللىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئاياللارنىڭ ئۆزى سېغىندىغان ئەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى نىكاھتىن بۇرۇن، ئىختىيار قولدىن كەتمىگەن چاغدا بىلىشى تولىمۇ مۇھىم.

ئەر بولغۇچى كىشىنىڭ مال-دۇنياسى، كىيىم-كېچەكلىرى گۈزەل بولسىلا ھېساب ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ توغۇلۇپ ئۆسكەن ئائىلىسى، ئاتا-ئانىسىنى بىلىش كېرەك. ئاتلىرى سېمىز، ھارۋىلىرى زىننەتلىك، ئۇستىۋېشى ياخشى يىگىتلەرنىڭ كۆپلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ ئەخلەت مىسالى ئەرزىمەس ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇنداقلاردىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ.

تېۋىپلار ھايۋانلاردىكى كېسەللىك ۋە ئۆلۈم ئەھۋاللىرىنى دەلىل قىلىپ يېقىن قېرىنداش، نەسىلداشلار ئارىسىدا قىز ئېلىپ، قىز بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىكاھتا بۇنىڭغا ئېتىبار بېرىلسە، يامان بولمايدۇ. ئەخلاققا ئائىت بەزى كىتابلىرىمىزدا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارمۇ بار.

# نەسەب جەھەتتىكى ئوخشاشلىق

ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا ئائىلە نىزامىغا ئاساسەن قۇرۇلغان بىرلىك ۋە مۇھەببەت ھەر ئىككىسىنىڭ نەسەب جەھەتتە بىر-بىرىگە ماس كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق بولمىغاندا نەسەب جەھەتتە يۇقىرى بولغان تەرەپ تۆۋەن بولغان تەرەپنى ھېسابقا ئالمايدۇ. ئەر بىلەن ئايال ھەر ۋاقىت بىر-بىرىنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلمىسا، ئىككىسى ئاخىر ئازاب-ئوقۇبەتتە بەختسىز بولىدۇ.

كۆپ ساندىكى كىشىلەر بولغۇسى ئاياللىرىنىڭ ياكى بولغۇسى ئەرلىرىنىڭ بايلىقىدىن باشقىلارغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇنداق قىلىش ئائىلە قۇرۇشتىكى يېڭىلىشلارنىڭ ئەڭ ئېغىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئاچچىق ئاقىۋىتى ئاز كۈن ئىچىدە ئاشكارىلىنىدۇ. نەسەب جەھەتتىكى ئوخشاشلىق قانداق نەرسىلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟! ئاددىي خەلققە نىسبەتەن نەسەب

جەھەتتىكى ئوخشاشلىق مال ـ مۈلۈك ھەم مەنسەپ كەبى نەرسىلەردە، مەرىپەت ئەھلىلىرىگە نىسبەتەن تەربىيە جەھەتتىن ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە باراۋەر بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئاددىي خەلققە نىسبەتەن، دېھقانىنىڭ ئوغلى باققالنىڭ قىزىغا نەسەب جەھەتتىن باراۋەر بولمىغىنىدەك. مەرىپەت ئەھلىلىرىگە نىسبەتەن، مەنسەپدارنىڭ قىزى ئازدۇر ـ كۆپتۇر كىتابتىن باشقا ھېچ نەرسىسى بولمىغان، ئىلمىلىك ۋە تەربىيىلىك ئىلىم شەيداسىغا نەسەب جەھەتتىن باراۋەر بولۇش شارائىتىدىن مەھرۇمدۇر.

تەربىيە دېمەكتىن مەقسەت شىلەپە كىيىش، يۈزىگە ئاق ـ قىزىل بوياقلارنى سۈرتۈش، كۆزەينەك تاقاپ، سايىۋەن كۆتۈرۈش، تىياتىرغا بېرىش، چوڭ سەللە ئوراپ باشنى سىلىپ ئولتۇرۇش، ناھايىتى ئاز نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ كۆپ نەرسىنى بىلىدىغان قىياپەتتە كۆرۈنۈش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد ـ ئەقىدە جەھەتتە پاك بولۇپ، نەقەدەر بىچارە، نام ـ ئاتاقسىز بولسىمۇ ئىلىم ۋە پەزىلەتتە ئۆزىنى تەربىيىلەپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

پەقىر، لېكىن تەربىيىلىك بىر قىزغا چوڭ سودىگەر ياكى چوڭ سودىگەرنىڭ بالىسى نەسەب جەھەتتە ماس ئەمەس، بۇنداقلار تەربىيىلىك قىزلارغا ئەر بولۇش ئەمەس، ھەتتا مۇلازىم بولۇشقىمۇ يارىمايدۇ.

مەئىشەت دۇنياسىدىن لەززەت تاپقان كىشىنىڭ بۇ كۈندە ھەمىيتى ئالتۇنغا تولغان بولسىمۇ، يالاڭ ئاياغ كوچا كېزىپ يۈرگۈچى قىلىقسىزلاردىن پەرقى بولماس، چۈنكى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇمۇ شۇنداقلارنىڭ بىرى بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر بايلىققا ھېرىسمەن بولغىنى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە تەربىيىسىزلەرنىمۇ ئىختىيار قىلىدۇ. لېكىن، بۇنداقلارغا «ئائىلە ئۈچۈن دوست ئىختىيار قىلدى» دېگەندىن كۆرە «پۇل ھېسابىغا ۋىجدانىنى ساتتى» دېيىش مۇۋاپىقتۇر.

راھەتنى بېرىپ پۇل تېپىشتىن ياكى راھەتسىز بايلىق ئارتتۇرۇشتىن نېمە پايدا بار؟ دۇنيادا سالامەتلىك بىلەن كۆڭۈل راھىتىدىن ئارتۇق بايلىق يوققۇ. ئائىلە شەرىپىنى ساقلىغۇچى ئايال دۇنيانىڭ قانداق ئېغىرچىلىقىغا ئۇچرىسىمۇ ئېرىگە خىيانەت قىلماس، بالىلىرى ھەم نەسىللىرىنىڭ يۈزلىرىنى يەرگە قاراتماس.

ئائىلىگە ئاتا بولماق ھەم قول ئاستىدىكىلەرگە سايىۋەن بولماق مەرتىۋىسىنى بىلگۈچى ئەر ئەزىز ئۆمرىنى ھەرگىزمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم نىكاھ ۋاقتىدا ھەر ئىككى تەرەپ بار نەرسىدىن باشقا ئۇششۇ سۆزلىگەنلىرىمىزگە دىققەت قىلىشى كېرەك. ياش يىگىت، ياش قىزلار ئارزۇلىرى بۇيۇك بولغانلىقتىن بۇ ھەقتە گۈزەل پىكىر قىلىشقا بەلكى ئۈلگۈرمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى ئېتىبار بېرىشى كېرەك. بولغۇسى ئايالنىڭ

گۈزەللىكدىن ۋە بولغۇسى ئەرنىڭ بايلىقىدىن باشقا تەرەپلەرگە كۆپ ئېتىبار قىلىنمىغان ياكى كەمچىلىكلىرى نۇقسان دەپ قارالمىسا، ھەر ئىككى تەرەپمۇ خاتا قىلىدۇ.

ئائىلە شەرىپىنى ساقلىيالمىغان ياكى ئېرىدىن تۇل قالغىنىدا بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە كۈچى يەتمىگەن، پىشۇرۇپ يېدۇرۇش، ئىچۈرۈش، كىيىم تىكىش ۋە ياماش قاتارلىق ئىشلار قولىدىن كەلمىگەن ئايالنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ئائىلە ئۈچۈن قانداق پايدىسى بار؟!

ئايالى ۋە بالىلىرى سۆھبىتىدىن قېچىپ ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتكەن، بارلىق بايلىقىنى ئەمەل ھەم شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارغا سەرپ قىلغان ئەرنىڭ بايلىقىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟!

پۈتۈن جاھان خەلقى پۇل بېرىپ راھەت ئېلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق ئەرنى ئىختىيار قىلغۇچى ئايال راھەت سېتىپ پۇل ئالغان بولۇر.

تەربىيە كۆرگەن قىزلارنىڭ يامان نام ئېلىپ قالغان يىگىتلەرگە بېرىلگەنلىرىمۇ بولىدۇ. بۇنداق يىگىتلەرنىڭ بۇزۇقلۇقلىرىنى ئاتىلىرىنىڭ بايلىقلىرى بىر ئاز پەردىلەپ تۇرسىمۇ كېيىنچە بۇ پەردە ئېچىلىپ، يىگىتنىڭ ھالى مەلۇم بولۇر. شۇلارغا مۇپتىلا بولغان قىزلار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئېتىبارسىزلىقلىرى سەۋەبىدىن بىر ئۆمۈر قايغۇ-ھەسرەت تارتىدۇ.

# ياش جەھەتتە مۇۋاپىقلىق

ھەر نەرسىنىڭ تەبىئىي بىر ئۆلچىمى باردۇر. ئۆلچەمسىز ئىش ھېچ ۋاقىت پايدا بەرمەيدۇ. نىكاھنىڭمۇ مەلۇم ۋاقتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن قىلىش يا تىببىي، يا ئەخلاق جەھەتتە نىسبەتەن زىيانلىقتۇر. نىكاھ ۋاقتىدا ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا ياش ئېتىبارىغا قاراپ مۇۋاپىق بولۇش تەبىئىي بىر ئىشتۇر. تەبىئەتكە خىلاپ بولغان نىكاھ ھەقىقىي نىكاھ بولماي، بەلكى پەقەت رەسىم-قائىدىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق نىكاھلارنى نىكاھ دېيىشتىن كۆرە، نىزا ۋە ئۆكۈنۈش ياكى بولمىسا تىجارەت دېيىش مۇۋاپىقتۇر. مەسىلەن، قېرى بىر ئادەم بايلىقى سەۋەبىدىن ياش بىر قىزنى نىكاھلاپ، پۇلنىڭ كۈچى بىلەن بىر قىزنىڭ كۆڭلىنى ئەمەس، بەلكى ياشلىقىنى سېتىۋ ئالىدۇ. بۇ ئىش قانۇنىي جەھەتتىن خىيانەت بولمىسىمۇ، ئەخلاقىي جەھەتتىن خىيانەتتۇر. قېرى بىر ئادەم بىلەن ياش بىر ئادەمنىڭ تەبىئەتلىرى ئارىسىدا تەبىئىي خىلاپلىق بولغىنى ئۈچۈن ئوتتۇرىدا بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق بولمايدۇ.

نىكاھ ئۈچۈن تەبىئىي بولغان ياش ئەرلەر يىگىرمە بىلەن قىرىق ئارىسىدا، قىزلاردا ئون سەككىز بىلەن ئوتتۇز ئارىسىدىدۇر. بۇنىڭدىن كېيىن ۋە بۇرۇن بولغان نىكاھلار

www.uyghurkitap.com

پايدىسىز بولىدۇ. ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى پەرق ئۇنى ياشتىن ئارتۇق بولماسلىقى كېرەك. پەقەت زۆرۈرىيەت يۈز بەرسىدىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن. ئىتتىپاقتىن مەھرۇم بولغان ئائىلە پەقەت نامىدىلا ئائىلە بولۇپ، ھەقىقەتتە ئائىلە ئەمەستۇر.

ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى مەلۇم ئەمەس. ياشلارنىڭ جىنازىلىرىنى قېرىلار ئۇزىتىپ بارغان ئەھۋاللار كۆرۈلسىمۇ، ئۆلۈم نۆۋىتى ياشلاردىن ئاۋۋال قېرىلارغىدۇر. بۇنداق بولغان ئەھۋالدا، ئەللىك ياشلىق ئادەمگە تەگكۈچى ئون سەككىز ياشلىق قىز ئون يىلدىن كېيىن بىر ئىشقا يارىمايدىغان قېرى بىلەن كىچىك باللارنىڭ مۇشەققىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. تېۋىپلارنىڭ تەجرىبىسىگە قارىغاندا سالامەت بەدەنلىك، قۇتلۇق كىشىلەرنىڭ باللىرى كۆپ ۋاقىت سالامەت بولۇپ، قېرى كىشىلەردىن تۇغۇلغان باللار خەستە، زەئىپ بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق ئايالنىڭ باللىرى خەستە، زەئىپ بولسا، بىچارە ئايال زەخمەت ئۈستىگە زەخمەت چەككەن بولىدۇ ۋە دۇنيادا قانچە ياشىسا، شۇنچە بالادىن بېشى بوشىمايدۇ.

## توي

توي كۆپىنچە كىشى ئۆمرىدە بىر قېتىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇراسىم شاد-خۇراملىققا چۆمگەن بولىدۇ. ئەگەردە

ئىسراپ چىگرىسىدىن چىقمىسا زىيىنى يوق. ئادەتتىن تاشقىرى چوڭچىلىق قىلماق ياكى شەرىئەت يولىدىن چىقىپ كېرەكسىز ھالدا مال- دۇنيا سەرپىلىمەك مۇناسىپ ئىشلاردىن ئەمەس. قانداق توغرا كەلسە، شۇنداق مال سەرپ قىلماق مەردلىك بولمىغىنىدەك، ئادالەتسىزلىك بىلەن مال تۆكمەكتىن ساقلانماقمۇ بېخىللىق ئەمەس. بېخىللىق ۋە مەردلىكنىڭ مىزانلىرى بار. مىزانغا سېلىپ تارتىلغاندىن كېيىن بېخىللىق بىلەن ئىسراپ بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ.

ئەقىللىق كىشى پەقەت ئاۋامنىڭ مەدھىيىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا ئۆز مالىنى نابۇت قىلماس. مەئىشەتنى يار بەرمىگەن ھالدا باشقىلارغا تەقلىد قىلىپ سەرمايىسىنى سورىۋەتمەس. بۇ سۆزلەردىن مەقسەت قازان شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تويلىرىدىكى ئىسراپچىلىقلىرىنى مەنئى قىلماق ئەمەس. بىزنىڭ ئاجىز قەلىمىمىز ئۇلارغا نىسبەتەن ۋائىزلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەس. بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇنداقلار توغرىسىدا قازانلىقلارغا تەقلىد قىلماق مۇناسىپ ئەمەس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر. چۈنكى، ھەر قانداق ئەقىللىق كىشىنىڭ ئىشى بارچە خەلق ئۈچۈن تەقلىدگە سالاھىيەتلىك بولۇپ كەتمەس. روسىيە مۇسۇلمانلىرى دېگەندە قازان شەھىرىدىكى بايلار ۋە باي سۈرىتىدە كۆرۈنگۈچى زاتلار ئەمەس، بارلىق مۇسۇلمانلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قىشلاقلاردا ياشاۋاتقان ساپ كۆڭۈللۈك، قانائەتلىك، مېھنەتكەش ئوچۇق يۈز بىلەن

خىزمەت قىلغۇچى، كىبىر، تەكەللۇپسىز ئادەملەردۇر. بىزنىڭ يازغانلىرىمىز ۋەنەسىھەتلىرىمىز شۇلار ئۈچۈندۇر. بۇلار قىممەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك ئادەملەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە زىرەرسىز خۇلقلىرىنى شۇ گۈزەللىكىدە ساقلىماق لازىم.

تويدا ئادەتتىن تاشقىرى مال ئىسراپ قىلماق بىلەن ياخشى نام چىقسا ئىدى، ئابباسىيلار خەلپىلىرىدىن مەئمۇنىڭ دەبدەبە بىلەن بولغان تويىنىڭ ياخشى نامى قالغان بولار ئىدى. ھالبۇكى، مەزكۇر توي مەئمۇن تارىخىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا سەۋەب بولغانىدى. تويلاردا يالغۇز شانۇ شۆھرەت ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان بايلىق قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئىستىقباللىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ياكى ئىلىم، مىللەت پايدىسىغا سەرپ قىلىنسا ئەڭ گۈزەل بىر ئىش بولۇر ئىدى.

ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىماقلىقلىرى كىچىك ھادىسىلەردىن ئەمەس. لېكىن، بۇنىڭغا ئادەملەر كۆنۈكۈپ كەتكەنلىكلىرىدىن كۆپ ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. بۇنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا قانۇنىي بولغان نىكاھ ھەمدە نىكاھ ۋاقتىدىكى تويدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نىكاھ-توي ۋاقتىدا ئەر بىلەن ئايال ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، بارلىق دوست-بۇرادەرلىرى ئىخلاس بىلەن ئاللاھتىن خەير سورىماقلىرى لازىم. بۇ كەبى ئەھمىيەتلىك سائەتلەرنى ئېتىبارغا ئالماي،

بارچە يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى بولغان ئىچىملىكلەرنى ھازىرلاپ، ئىچىشبازلىق مەجلىسى قۇرماق توينى بۇلغاشتۇر.

چۇۋاش خەلقى ئېكىن ئىشلىرى ئۇچۇن تۇنجى قېتىم دالاغا چىققانلىرىدا ئۆز ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئاساسەن تۇۋا-ئىستىغپار، ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە ئائىلە تەشكىل قىلىش كەبى ھەم ئەقىل، ھەم شەرىئەت نەزىرىدە ھۆرمەتلىك بولغان توي مەجلىسلىرىنى ئىچىملىك كەبى كېرەكسىز نەرسىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشنى نانكورلۇق دەپ بىلىدۇرلەر.

ئىچىملىك ئىچىلىپ تەشكىل قىلىنغان ئائىلىنىڭ خۇشۋاق ھايات كەچۈرمىكى ھەمدە بۇنداق نىكاھتىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ تەۋپىقلىق بولغانلىرى ئاز ئۇچرايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، يارىماس ئىشلار بىلەن توي قىلغۇچى ئاتا-ئانىلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار كۆزلىرىنىڭ نۇرى بولغان بالىلىرىنىڭ بەختسىزلىكلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ۋەھشىيلەردۇر. ئادەم بالىسىنىڭ بۇنداق ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقىنى بولغاندىن كۆرە بولمىغىنى ياخشىراقتۇر.

## نىكاھ تويى

نىكاھ تويى-ئارىلىرىدا نىكاھ بولغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ دەسلەپكى مەرتە كۆرۈشمەكلىرىدۇر. رەپىقە بولمىش ئايال

بىلەن كۆرۈشكەندە شەپقەتۇ ئېھتىرام بىلەن سالام بەرمەسلىك، مۇلايىم، ئوچۇق چىراي بىلەن سۆزلەشمەسلىك ئەدەپتۇر. ھەممىدىن ئەۋزىلى ئەر بىلەن ئايال ئىككىسى ناماز ئوقۇپ، ئاللاھتىن خەيرلىك مەئىشەت، ھالال رىزىق ۋە ئېزگۈ تۇرمۇش سوراپ تىلەك تىلىسە گۈزەل بولۇر. خۇسۇسەن بۇ ۋاقىت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىگە مۇلايىملىق تەسىر قىلۇر. تىلەك تىلىمەك ئۈچۈن بۇنداق چاغلار غەنىيمەتتۇر.

ئايالغا ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ غەيۋەتلىرىدىن، نىكاھ ۋاقتىدا تۇغقانلار ئارىسىدا بولغان بەزى مۇناسىۋەتسىز ۋەقەلەرنى تىلغا ئېلىشتىن، مېھرى-مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە مال-مۈلۈكنىڭ ئازلىقىدىن، باشقىلارنىڭ توينىڭ شۆھرىتى ۋە مال-مۈلۈكنىڭ كۆپلۈكىدىن، باشقا ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە بولغان ھۆرمەتلىرىدىن سۆز ئېچىش ياخشى ئەمەس، چۈنكى بۇ سائەتلەر ئاياللارنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەمەس، بەلكى كۆڭۈللىرىگە تەسكىن بېرىلىدىغان ۋاقىتتۇر. نومۇسلۇق كىشى بۇنداق نەرسىلەر ھەققىدە توي ۋاقتىدىلا ئەمەس باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئايالغا سۆزلىمەس، ھەتتا ئۆمۈر بويى ئارىدا ماجىرا چىقارماس. توي مۇراسىمى ۋە باشقا ۋاقىتلاردا كۆپ كۈلۈش ياكى دائىم ئاچچىقى كەلگەندەك تۇرۇش باشقا ئاياللارنى ماختاشمۇ تەربىيىلىك ئەرلەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

توي مۇراسىمى ۋاقتىدا يېقىنلاردىن بىرەرسىنىڭ قىزنى ئۆزىنىڭ ھامىيسى بولغان ئېرىنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىش

مۇناسىپ بىر ئىشتۇر. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا نامەھرەم كىشىلەرنىڭ بىرگە بولۇشى ياكى بىر نەچچە قىزلارنىڭ ياسىنىپ - تارىنىپ قىز بىلەن كۆيئوغۇلنىڭ يانلىرىدا ئولتۇرۇشلىرى مۇۋاپىق ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئادەم بالىسى ئۆيلىنىشكە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن مەجبۇر بولسىمۇ، ئەسلىي مەقسەت ئىپپەت بىلەن ياشاش ۋە كۆڭۈلنى تەربىيە قىلىشتۇر. كۆپ ئەندىشە، كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن تىندۇرۇلغان بولغۇسى ئايالنىڭ كۆڭلى گەرچە مەلۇم جەھەتتىن ئاشۇ قىزلارنىڭ تاماشاغا كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى كۆرۈپ يېرىم بولغۇسى. بەلكى، ئاشۇ سائەتتە بولغۇسى كۆيئوغۇلنىڭ كۆڭلى ئىككىنچى بىر قىزغا باغلىنىپ قېلىشى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆز ئايالىنىڭ ھۆرمىتى سۇسلاپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ئادەتنى توغرا دەپ بولمايدۇ ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك.

## ئۆيلىنىش ۋە مۇھەببەت

بۇ دۇنيادا ئادەم بالىلىرىنى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلاپ، پۈتۈن جامائەت تەشكىل قىلدۇرغان نەرسە ئېھتىياجدۇر. ھاياتتا بىر - بىرىگە موھتاج بولۇش ئادەم زاتىنىڭ مەدەنىيەت يارىتىشىغا

سەۋەب بولغاندۇر. لېكىن، ئەر بىلەن ئايالنى بىر-بىرىگە باغلاشقا قانداق نەرسە سەۋەب بولىدۇ؟

ئەر بىلەن ئايالنى بىر-بىرىگە باغلىغۇچى نەرسە مۇھەببەتتۇر. ئەگەر ئۆيلىنىش بىر كۆۋرۈككە ئوخشىتىلسا، مۇھەببەت كۆۋرۈكنى مەھكەملىگۈچى مىخلارغا، ئەگەر ئۆيلىنىش بىر بىنا قۇرۇلۇشىغا ئوخشىتىلسا، مۇھەببەت ئۇنى مۇستەھكەملىگۈچى ئاھاكقا ئوخشىتىلىدۇ. مۇھەببەت بولغان يەرگە پاراۋان تۇرمۇش ھەم مەدەنىيەت، بولمىغان يەرگە خارابلىق كېلۇر.

پۈتۈن دۇنيانىڭ نىزامى مۇھەببەت بىلەن بىرگىدۇر. ئادەم بالىسىغا پەزىلەت كەلتۈرمەكچى، خۇلقىنى كۆركەم قىلىپ، ئەقلىنى تەربىيە قىلغۇچى نەرسىمۇ مۇھەببەتتۇر. مۇھەببەت ئادەم بالىسىنى ھەر تۈرلۈك زىلالەتلەردىن پاك قىلىدۇ.

ئەڭ يېقىملىق ۋە زۆرۈر بولغان مۇھەببەت ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا بولغان مۇھەببەتتۇر، چۈنكى بىر-بىرلىرىگە مۇھەببەتلىرى بولغان ئەر بىلەن ئايال دۇنيانىڭ راھەتلىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا مېھنەتلىرىدىمۇ ئۆمۈرلىرىنى سائادەتلىك ئۆتكۈزىدۇ. مۇھەببەت پاك ۋە ساپ بولۇش شەرتى بىلەن ئەر-ئايالنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇلقىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئەقىللىرىنى تەربىيىلەيدۇ. بىر-بىرىگە مۇھەببەتلىك بولغان ئەر بىلەن ئايال ئائىلىسىنى، ھەتتا قوشنىلىرىنىمۇ نارازى قىلمايدۇ. لېكىن، مۇھەببەت ھاسىل

قىلىش ئۇچۇن ئەر بىلەن ئايالنىڭ شەخسەن بىر مۇنچە ئۆلۈشلىرى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ ئىككى يۈرەك بىر- بىرىگە ئىنتىلىدىغان بولسا يوق مۇھەببەتنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ئەسلىدىن بار بولسا، مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن بىر- بىرىگە ئىنتىلمىگەن ھالدا «ئارىمىزدا مۇھەببەت يوق» دەپ شىكايەت قىلغۇچى ئەر بىلەن ئايال ھەقلىق ئەمەس. بۇنداق ھال يۈز بەرگەندە ھەر ئىككى تەرەپ ئەسلى سەۋەبنى بىلىپ، ئائىلىنى تىكلەشكە ئىنتىلىشلىرى لازىم. سەۋەب ھەققىدە يېزىشتىن مەقسىتىمىز سۆيكۈشلىتىش ياكى تۇمار يېزىپ ئېلىپ يۈرۈش ئەمەس، بۇنداق نەرسىلەردىن ھېچقانداق پايدا يوقتۇر. بىزنىڭ مۇرادىمىز ئەخلاق ئالىملىرى تەرىپىدىن مۇھەببەتنىڭ سەۋەبلىرى دەپ كۆرسىتىلگەن نەسىھەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈش كېرەك دېمەكتۇر.

ئەخلاق ئالىملىرىنىڭ نەسىھەتلىرى مۇنداق: ئەر ئەگەردە ئايالنىڭمۇ ھەببىتىنى ئارزۇ قىلسا، ئۇنىڭ خۇلقىنى تەربىيىلىسۇن، چۈنكى مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ تەربىيىگە موھتاج بولغىنىدەك، ئاياللارمۇ تەربىيىگە موھتاجدۇر. ئايالمۇ بىر مېۋىلىك دەرەختۇر. ياخشى مېۋە بەرمىگەندە دەرەخنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىگىسىگە تەنبىھ بەرگەن كەبى ئايالمۇ ناچار بالا تەربىيىلىسە، ئېرىگە تەنبىھ بېرىلىدۇ.

ئەر ئايالنىڭ تەبىئىتىنى ياخشى بىلىپ شۇنىڭغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئاياللارنىڭ ئاچچىقى تېز رەك كېلىدۇ،

ئىچمۇ تارراق بولىدۇ. كۆپىنچە ئويۇننى چىن دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، كەمچىلىكلىرىدىن كۆز يۇمۇشقا، ئۇلار بىلەن دە تالاش قىلماسلىققا، ئاچچىق سۆز ئىشلەتمەسلىككە، تەبىئىي ئېغىر، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولۇشقا مايىل بولۇش، ئورۇنسىز كۇنلەمچىلىك قىلماسلىق، ھەممىلا نەرسىنى سۈرۈشتۈرۈۋەرمەسلىك، ئەپۇچان بولۇش كېرەك. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئەرنىڭ ئايال ئالدىدىكى ھۆرمىتىنى يوقىتىدۇ، ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدۇ، ئۆينىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامىنى بۇزىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى جەلپ قىلغۇچى نەرسە ئۇلۇغۋارلىق بىلەن شەپقەتتۇر. ئەر ئىچمىلىك ئىچمىسۇن، قىمار ئوينىمىسۇن، قورقۇنچاق، يۈرەكسىز بولمىسۇن، يوق ئىشلارنى بار قىلىپ خوتۇن، بالىلىرىنى تاشلاپ يۈرمىسۇن، ئايالى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن مۇھەببەتكە بىلمىگەندەك مۇئامىلە قىلماي، ياخشى جاۋاب قايتۇرسۇن.

ئەر ئايالنى كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك توغرىسىدا ئادەتتىن تاشقىرى نەرسىلەرگە، ئىسراپچىلىقلارغا ئادەتلەندۈرمىسۇن، ئاز خىراجەت ۋە ئاز نەرسىلەرگە ئۈگەتسۇن، چۈنكى زىننەت، لەززەت ۋە ئىچمىلىككە بېرىلگەن كىشى ھەمىشە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەبلەغ تاپالماس نىيىتىدە بولىدۇ. (نەتىجىدە يامان يولغا كىرىپ قالىدۇ — تەييارلىغۇچىدىن).

ئايالنىڭ خۇلقى ھەر ۋاقىتتا ئەرنىڭ خۇلقىغا تەۋە بولغانلىقتىن ئايالنى تەربىيلەشكە كىرىشكەن ئەر ئەڭ ئاۋۋال ئۆز خۇلقىنى تەربىيلىسۇن. ئايال ئەگەر ئېرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئارزۇ قىلسا، ئۆزىنىڭ ئاللاھ ياراتقان مەۋجۇدات ئىچىدە ئەڭ گۈزەللى ئىكەنلىكىنى خاتىرلەپ، ھەر ۋاقىت پاك بولۇشنى ئادەت قىلسۇن. چۈنكى، ناپاك ئايال مۇھەببەتكە سازاۋەر ئەمەس. پاكلىقنى ئادەت قىلمىغان ئايال ئېرىگە گويا «مېنى سۆيمە، چۈنكى مەن سۆيۈملۈك شاراپەتتىن مەھرۇممەن» دېگەندەكتۇر.

ئېرى يوق ۋاقىتتا ياكى باشقا جايغا بارغاندا ئاددىي كىيىملەر بىلەن بولۇپ، ئېرىنىڭ ھۇزۇرىدا گۈزەل كىيىملەر بىلەن زىننەتلىنىپ يۈرسۇن. ھۆسن ۋە زىننەت ئەرلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئەر بىلەن ئايال بۇلارغا رىئايە قىلسا، مۇھەببەتلىك بولىدۇ.

## ئەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى

گۈزەل مۇئامىلىلىك بولماق ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىرىنچى قائىدىلىرىدىندۇر. گۈزەل مۇئامىلىنىڭ ئەڭ زور قىسمى ئايال بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدۇر. ئاياللار دىنىمىز نەزىرىدە ھۆرمەتلىك بولۇپ، ئۇلارغا رىئايە قىلغۇچى ئەرلەرمۇ ئەڭ

ھۆرمەتلىك ئەرلەردۇر. قۇرئانى شەرىپ ئاياللار بىلەن گۈزەل مۇناسىۋەت قىلىشقا بۇيرۇغاندۇر. مەزكۇر پەرمانى بەجا كەلتۈرمەك ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ زىممىسىگە چۈشىدىغان لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئايالىغا زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ھازىرلاشقا ۋە ئايالنى ھەر بىر ئېغىرلىقلاردىن ساقلاشقا بۇرچلۇقتۇر. بۇنداق مۇئامىلىدە بولغۇچى ئەرنىڭ دۇنياسى تۈزۈك، ئاخىرىتى راھەت بولۇر.

ئايالغا گۈزەل مۇئامىلە قىلغۇچى ئالىي تەبىئەتلىك ئەرلەر شەرىئەت ھەم ئەقىل تەرىپىدىن مەنئى ئېتىلگەن نەرسىلەرگە ئايالىرىنى يولاتمايدۇ ۋە ئەڭ ئەزىز بالىسىغا بولغان مېھرـ شەپقىتى دەرىجىسىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئايالنى بارلىق مۇشەققەتلەردىن ساقلايدۇ، ئۇلارنى قۇربى يەتمىگەن خىزمەتكە بۇيرۇمايدۇ. ئايالىرىمىز ئاتاـ ئانىلىرىنىڭ ئەزىز بالىلىرى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ قارىلىرى بولغان ھالدا ئۇلاردىن ئايرىلىپ بىزلەرگە يار بولماقتىلەر ۋە ھەر بىر ئىشارەتلىرىمىزگە تەييار تۇرماقتىلەر. بىرىنچىدىن، ئائىلە نىزامىغا رىئايە قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، بىزلەرگە ياراش ئۈچۈن كېچىسى ئۇيقۇسى، كۈندۈزى راھەتلىرىنى پىدا قىلىپ بالىلىرىمىزنى پەرۋىش قىلماقتا. ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ غەيرەتلىرىگە تايىنىپ بىزنىڭ كۆپ خىزمەتلىرىمىزنى قىلۇرلەر. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئېزگۈلۈكلىرىدىن كۆز يۇمۇپ، ئۇلارنى ياخشى مۇكاپات بىلەن تەقدىرلەش ئورنىغا يامان مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق، ئەرلەر توگۇل، ئاددىي

ئىنسانچىلىقىمۇ مۇناسىپ بولمىغان قاباھەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنى قىلغان بولىمىز. بۇ سۆزلەردىن مەقسەت، ئەقىل ۋە شەرىئەت يول قويغان رەۋىشتە ئاياللارغا گۈزەل مۇئامىلە قىلىش كېرەك ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتۇر. ئايال بىلەن بولىدىغان مۇئامىلە ھەددىدىن ئوشۇق ياكى ھەددىدىن تۆۋەن ئەمەس، ئادالەت بىلەن بولۇش كېرەك. تەربىيىلىك ئەر ئايالىغا گۈزەل مۇئامىلىدە بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى ھەم ساقلاپ قالىدۇ، ئۆزى ھۆرمەت قىلىش بىلەن ھۆرمەتكە ئېرىشىشىمۇ بىلەر. ئىشلىرىدا ئايالى بىلەن مەسلىھەت قىلار، قەيەرگە بارسا بارىدىغان يېرىنى بىلدۈرۈپ قويار، شۇنداق قىلسا، تاسادىپەن بىرەر ھادىسە بولۇپ قالسا، خەۋەر بېرىشتە ئايالىغا قولايلىق بولىدۇ. ئېرىنىڭ مەسلىھەتى ۋە ئۆزىنى بىلدۈرۈپ يۈرۈشتىن رازى بولغان ئايال ئېرىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئەمىن بولىدۇ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزىمۇ ساداقەتلىك بولىدۇ.

ئاياللار قىرلاردا يۈرگۈچى ھايۋانلار كەبى ئەقىلسىز ھەم مەسلىھەتكە قابىلىيەتسىز ئەمەستۇر. بەزى ئاياللار باركى، ئەگەر ئەقىللىرى مىزانغا سېلىنسا كۆپ ئەرلەردىن غالىب كېلىدۇ. »ئەبۇ بەكرى رەزىياللاھۇ ئەنھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ ئوغۇللىرى قىزلىرىغا ئوخشاش ئەقىللىق بولسا ئىدى، ھەززەت ئۆمەر جانابلىرىغا قارىغاندا خەلىپىلىكى كۈچلۈك بولار ئىدى« دېيىشىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئايال تەرىپىدىن بېرىلگەن پىكىر توغرا دەپ قارالمىسا، ئەر ئۇچۇن بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى

مۇناسىپ دەلىل كەلتۈرۈپ ئىسپاتلاپ بېرىش لازىمدۇر. بۇنداق بولغاندا ئايال، بىرىنچىدىن، ؟ ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدىن، ئىككىنچىدىن؛ خاتا پىكىر ئېيتقانلىغانلىقىدىن ئىككى تۈرلۈك پايدا كۆرگەن بولىدۇ.

ئېرىنىڭ شەپقەت قانىتى ئاستىدا بولغانلىقىنى بىلگۈچى ئايال ئېرى ھەققىدە ھەممىگە ياخشى پىكىر ئېيتىدۇ ۋە دائىم ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈمىدىدە بولىدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن، بارلىق تۇغقانلىرىدىن ئارتۇق سۆيىدۇ. ئۇنىڭ شەپقىتىگە نىسبەتەن ھەم ئالدىدا، ھەم كەينىدە خىزمىتىنى غەنىيمەت بىلىدۇ.

ئۆي ئىچىدىكى چىنە- چەينەك، ئىدىش- ئاياغ ۋە باشقا نەرسىلەر سۇنغاندا ئەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋارقىراش- جارقىراش ئەمەس، بەلكى بىلمىگەنگە سېلىپ تۇرۇۋېلىش. تاسادىپەن چوڭ ئىدىش سۇنۇپ ئايال ئۆزى كېلىپ «مېنىڭ نۇقسانىمدىن بولدى» دەپ ئۆزرە سورىسا، ئەر «خۇدايىم بۇنىڭدىن چوڭ قازالاردىن ساقلىسۇن، بېشىمىز ئامان بولسا مال تېپىلار، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىشقا تىرىشىڭ» دەپ مۇلايىم سۆزلەر بىلەن نەسىھەت تەلەپپۇزدا تەربىيە بەرمىكى لازىم. ئادەتتە شۇنداق مىجەزلىك بولغان ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ئالدىدا ھۆرمىتى ئاشار ۋە مەرتىۋىسى ئۆسەر.

ئاياللار ئەرلەرنىڭ قىيناشلىرىدىن ئەمەس ئەپۇلىرىدىن، سۆركۈلۈشلىرىدىن ئەمەس چىرايلىق نەسىھەتلىرىدىن قورقىدۇ.

لېكىن، بۇ قورقۇش قويلارنىڭ بۆرىلەردىن قورقۇشلىرى كەبى دۈشمەنلىك قورقۇشى ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ۋە هايا بىلەن بىرىككەن قورقۇشتۇر.

ئەرلەر بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قانداق نەرسىلەر ۋە مۇئامىلىلەرنى سۆيۈپ- سۆيمەيدىغانلىقلىرىنى، دوستلار ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ ھاللىرىنى ئاياللىرىغا ئاز- ئاز بولسىمۇ بىلدۈرۈشى كېرەك. بۇنداق قىلىش ئاياللارنىڭ خاتالىقلاردىن ساقلىنىشىغا سەۋەب بولار. ئەمما، ئادەم بالىسى ئۇنتۇش ۋە خاتالىشىشتىن خالىي بولمىغانلىقتىن شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلماق زور ياخشىلىق بولۇر. ئەگەر ئايال شەرىئەت يول قويمايدىغان خاتا ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش ئەلۋەتتە توغرا بولمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئەر مەزكۇر ئىشنىڭ ئەيىب ئىكەنلىكىنى ئايالىغا بىلدۈرسۇن، ئەگەر بۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا ئايالىنىڭ يېقىنلىرىغا مەلۇم قىلىپ ئۇلاردىن ياردەم سورىسۇن. ئەمما، ئاغزى بۇزۇق، جېدەللەشكەن، ئىچى يامان زاتلارغا شىكايەت قىلىش كەبى ئىشلاردىن ساقلانماق ھەممەتتىندۇر.

ساھابىلەردىن بىرى ئايالىدىن شىكايەت قىلىش ئۈچۈن شۇ ۋاقىتنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا خەلىپىنىڭ ئايالىنىڭ خەلىپىگە جاۋاب قايتۇرغىنىنى ئاڭلاپ يولىدىن قايتىپ كېتىدۇ. خەلىپە ھەزرەتلىرى بۇ ئادەمنى كۆرۈپ قېلىپ چاقىرتىپ كېلىدۇ- دە، نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتكىنىنى

www.uyghurkitap.com

سورايدۇ. ساھابە: «ئەي، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئايالىم ئاچچىق سۆزلۈك بولغانلىقتىن ھەزرىتىڭىزگە شىكايەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم، لېكىن ئايالىڭىزنىڭ سىزگىمۇ جاۋاب قايتۇرغىنىنى ئاڭلاپ، بۇ قايغۇدىن خەلىپىنىڭ ئۆزىمۇ ئامان ئەمەس ئىكەن، دەپ قايتىپ كېتىۋاتاتتىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن خەلىپە ھەزرەتلىرى «ئەي قېرىندىشىم! ئاياللىرىمىز ئۆيلىرىمىزنى سىرىپ ـ سۈپۈرىدۇ، كىيىم تىكىپ ئۇستىمىزگە كىيدۈرىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەكنى ھازىر قىلىدۇ، كىرلىرىمىزنى يۇيىدۇ، بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرىدۇ، قايغۇلۇق سائەتلىرىمىزدە كۆڭلىمىزگە تەسەللى بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئەجىرلىرى بار. دىنىمىزغا زىيان كەلتۈرمىگەن ھالدا ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن بەزى ۋاقىتلاردا ھۆرمىتىمىزنى بەجا كەلتۈرۈش جەريانىدا بىرەر كەمچىلىك سادىر قىلسا، ئۇنى ئەپۇ قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟!» دېگەنىكەن. ساھابە ئۆيگە كېلىپ ئۇشبۇ ۋەقەنى ئايالىغا سۆزلەپ بەرگەنىكەن، ئايالى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېرىگە ئىتائەت قىلىشقا ئەھدى قىپتۇ.

ئاياللار ئەرلىرى تەرىپىدىن ھەر ۋاقىت ھۆرمەت كۆرۈشكە لايىق بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر ئاياغ ۋاقىتلىرى ۋە تۇنجى بالىسى تۇغۇلغاندا يەنىمۇ ئارتۇق ھۆرمەت كۆرۈشكە لايىق بولىدۇ. بۇ كۈنلەر ئاياللار ئۈچۈن مۇشەققەتلىك، ئېغىر كۈنلەر سانىلىدۇ.

ئاياللار ئەڭ ئېغىر بالالارغا سەۋر قىلىسىمۇ ئۆز ھەقلىرىنىڭ پايخان قىلىنغانلىقىغا رازى بولمايدۇ ۋە بۇنى ئېغىر مەسخىرە ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالنىڭ ھەققىنى پايمال قىلماسلىق كېرەك. ئايالنىڭ ھەققى ئادا قىلىنسا، ئائىلىنىڭ شارائىتى ساقلىنار ۋە ئايال شاد ھەم سالامەت بولىدۇ. ئايالنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىنى ئىستىگەن ئەر ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ئىپپەتلىك بولسۇن.

ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلمىگەن كىشىنى ئەر دېمەك توغرا ئەمەس. پاھىشىخانىلاردا يۈرگۈچى، قىمار ئويناپ بايلىقى ۋە قىممەتلىك ئۆمرىنى نابۇت قىلغۇچى كىشىنىڭ ئائىلە باشلىقى بولمىقىدىن زەررىچە پايدا كۆرۈلمەس. ئائىلە باشلىقلىرىدا بولغان يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا بۇزۇقلۇقلار بالىلىرى ۋە ئەۋلادلىرىغا مىراس قالار. بۇنىڭ نەقەدەر زور بەتبەختلىك ئىكەنلىكىنى ھەر كىم ئۆز ئەقلى بىلەن بىلسە كېرەك.

## تالاق ۋە ئاجرىشىش

تۇرمۇش قۇرۇش ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئائىلە تەشكىل قىلىپ، بىرلىكتە ياشاش، بىرلىكتە بالا ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئارا قۇرغان ئەھدۇ-ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، تالاق ۋە ئاجرىشىش ئۇشبۇ ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئائىلە تەشكىل قىلىپ بىر جان- بىر تەن بولۇپ بىرلىكتە ياشاش ئۈچۈن بىرىنچى شەرت، ئائىلە قۇرۇۋاتقانلار ئارىسىدا بىرلىكنىڭ بولۇشىدۇر. چۈنكى، تۇرمۇش قۇرۇش بىر- ئىككى كۈنلۈك سەپەر ئەمەس، بەلكى ئۆمۈر بويى بىر- بىرىگە يولداش بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. تەبىئىتىدە بىرلىك بولمىسا بىرگە ياشىماق مۈمكىن ئەمەس. ئۆمۈر بويى بىر- بىرىگە گىنە- ھەسەت قىلىپ ياشاش ۋە بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن ئىنسان بالىسىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەردە ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىدا بىرلىك بولمىسا، ئۇنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ھەر قانچە ھەرىكەت قىلىسىمۇ ئۈمىد كۆرۈلمىسە، بىر- بىرىدىن ئاجراشماقلىرى ھەققىدە شەرىئەت تەرىپىدىن رۇخسەت بېرىلىدۇ. بىر- بىرىگە زىت بولغانلىقلىرىدىن كۈچلۈك ئازاب ئىچىدە ياشىغاندىن كۆرە شەرىئەت يولى بىلەن ئاجراشماق ۋە ھەر بىرى ئۆز بەختلىرىنى سىناپ كۆرمەكنىڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىگە شۈبھە يوقتۇر. تالاق ۋە ئاجرىشىش ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەبىئىي بىر ئىش بولۇپ، ھەر قانداق قوۋم، ھەر قانداق مىللەتتە مەۋجۇتتۇر. بەزى خەلقلەر ئارىسىدا ئاجرىشىش قانۇنى ئاساستا بولمىغان ھالەتتە بولسىمۇ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى بۇنى قانۇنلاشتۇرغان.

بەزى ھاللاردا ئەر بىلەن ئايالدىن بىرى بۇزۇق يولغا كىرىپ بەتناملىق يۈز بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئادەملەر نەپرەتلىنىشكە باشلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن نەسلى- نەسەبى مەسخىرىدە

قالدۇ. بۇنداق بالالار يۈز بەرگەندە ئاجرىشىش يولى بىلەن ئىككىنچى تەرەپ ئۆزىنىڭ شارائىتىنى ساقلايدۇ ۋە تالاقتىن پايدىلىنىدۇ. لېكىن، ئىسلام شەرىئىتى تالاققا رۇخسەت بەرسىمۇ، پەقەت زۆرۈرىيەتنى چىقىش قىلىپ بېرىدۇ. ئەمما، ئەدەپ-ئەخلاق جەھەتتىن قارىغاندا تالاق ئاللاھقىمۇ خۇش كەلمەيدىغان بىر ئىشتۇر. چۈنكى، تالاق بولغان ئائىل ئەگەر بارىدىغان جايى، ئىنساپلىق بىرەر قېرىندىشى بولمىسا كوچا-كويدا قالىدۇ ياكى ھەر تۈرلۈك ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قالىدۇ، ئاخىر بېرىپ مەئىشەتخانىدا كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، بۇ ياخشى ئەمەس. شۇڭا، تالاق سەۋەبىدىن تىلەمچىلەر كۆپىيىپ، پاھىشىلەر ئاۋۇيدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرى مىللىتىمىز ئۈچۈن زەھەرلىك مىكروبلار ئىكەنلىكى مەلۇم. تالاق بولغان ئائىلىدىن بالا تۇغۇلسا ئىش يەنىمۇ مۇشكۈللىشىدۇ. چۈنكى، ئاجراشقان ئائىلىنىڭ باللىرى ئاتا-ئانىلىرى سالامەت بولغان ھالدىمۇ يېتىم بولۇپ ئۆمۈر كەچۈرىدۇ. كۆپ ھاللاردا ۋاپات بولغان ئائىلىدىن قالغان باللارنى ئۇلارنىڭ ئۇستىگە كەلگەن ئانا مېھرىبانلىق بىلەن تەربىيە قىلسىمۇ، ئاجرىشىپ كەتكەن ئائىلىنىڭ باللىرىغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق باللار ھېچكىمدىن تەربىيە ئالماي، پەزىلەت ئۆگەنمەي، ئەخلاقسىز بولۇپ يېتىلىدۇ. بۇلار تالاقنىڭ زەرەرلىرىدۇر.

بەزىلەر ئائىللار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە شەرىئەت ھۆكمىگە كۆرە ئەرلەرنىڭ مەسئۇل بولمىغانلىقىنى، ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ

ئايالنى سۆيۈش ياكى دۈشمەن كۆرۈشتە، قىياش ياكى ئاجرىشىشتا ئىختىيارلىق ئىگىلىكنى سۆزلىشىدۇ. بۇلارغا نىسبەتەن ئايال ئەرنىڭ قولىدا مىسالى جانسىز بىر تاياق ئورنىدا بولار ئىمىش. بۇنداق قاراش بىزنىڭ خەلقىمىز، ئاۋاملىرىمىز ئارىسىدا مەشھۇردۇر. لېكىن، بۇ بۇزۇق ئېتىقادتۇر. بۇنداق بۇزۇق پىكىرلەر ۋە قۇرۇق سۆزلەرنىڭ تارقىلىشى خەلقىنىڭ ئارىسىدا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئېنىق يەتكۈزگۈچىلەر، ئۇلارنىڭ زېھنىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئەخلاقلىرىنى ئىسلاھ قىلغۇچىلارنىڭ ئازلىقىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئائىلە ئەھۋالى ئېغىر ھالدا بۇزۇقتۇر.

بىر خوتۇننى ياخشى تەربىيەلەپ ئاسراشقا كۈچى يەتمىگەن ئەھۋالدا، ئىككىنچى، ھەتتا ئۈچىنچى خوتۇن ئالغۇچى، پەرىشتە كەبى ئايال بولۇپ تۇرۇپ پاھىشىلەر ئارىسىدا ئۆمۈر ئۆتكۈزگۈچى، كىچىك بالىسىنى ھارۋا بىلەن تارتىپ يۈرۈپ ئورما ئورىغۇچى ئايالنى قىزىل قانغا پاتۇرۇپ قىيىنغۇچى، كەشىنىڭ بوغقۇچىنى يېشەلمىگىنىگە قىزىرىشىپ بالىلىرىنى ئانىسىدىن ئايرىۋەتكۈچى، پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىلارغا ياش قىزلارنى نىكاھلاپ بەرگۈچى، مىراس بۆلۈش ئۈچۈن تۇغقانلىرى بىلەن ئۆمۈرۋايەت دۈشمەن بولغۇچى كىشىلەر بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېسابسىزدۇر.

پۈتۈن قىشلاق، شەھەرلەردە يېتىم بالىلار، پەقىر تىلەمچىلەرنىڭ تولىلىقى ئائىلىلىرىمىزنىڭ بۇزۇقلۇقىدىندۇر.

ئىسلام شەرىئىتى قۇللارنى ئەپۇ قىلماق، مۆمىنلەر بىلەن قېرىنداش بولماق، ئومۇمەن ئادەم باللىرى بىلەن گۈزەل مۇئامىلە قىلماق، ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ رەھىمدىل بولماقلىقنى بۇيرۇيدۇ. ئەمما، بىزدە ساپ كۆڭۈل، مەرھەمەتلىك ئاياللار ھەققىدە يىرتقۇچلارغا قىلىنمىغان مەرھەمەتسىزلىكلەر قىلىنماقتا. «ئايالىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، شۇنىڭ ئۇچۇن تالاق قىلىمەن» دېگۈچىگە ھەزرىتى ئۆمەر «ئايالىڭنى سۆيمىسەڭ نىكاھقا ۋاپا، رىئايە قىلىش يوقمۇ؟ يوق بولسا، دۇنيادىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچى مۇھەببەت بىلەن تولغانمۇ؟» دەپ تەنبىھ بەرگەنىدى.

ئاياللارغا ۋاپا قىلماق، ئۇلارغا شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك بولماق ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ھادىسىلەر بار.

# ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋەزىپىسى

ئۇلۇغ ۋەزىپىلەرنىڭ ئۇلۇغى ئاتا-ئانا ئۈستىدىكى بالا ھەققىدۇر. بالا ھەققى ئۈچۈن ئاتا-ئانا ياكى ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولغان ئىگىلەر بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەسئۇلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقلەرنى بىلمەك ۋە زۆرۈر ۋاقىتتا ئادا قىلماق پەرھىزدۇر. كۆندۈرۈلمىگەن ئات ھارۋا تارتىشقىمۇ، ساپان سۆرەشكىمۇ يارىمىغاندەك، تەربىيە بېرىلمىگەن بالىمۇ بىرەر ئىشقا يارىمايدۇ. ئىنسان تەربىيە بېرىلگەندىلا ئىنسان بولىدۇ. ئەمما، تەربىيە بېرىلمىسە ۋەھشىي ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن بىر مەخلۇق بولۇپ قالىدۇ.

بالا ياش ۋاقىتدا ھەر تۈرلۈك تەربىيىگە قابىل بولغانلىقتىن بۇ ۋاقىت ئۇلۇغ غەنىيمەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىنى ۋاقتىدا تەربىيلەش لازىم. بالا ھېچقانداق ئۇرۇق چېچىلمىغان يەر ياكى ھېچقانداق خەت يېزىلمىغان ئاق قەغەزگە ئوخشاش بولۇپ، قانداق ئۇرۇق چېچىلغان بولسا، شۇنداق ھوسۇل بېرىدۇ، قانداق خەت يېزىلغان بولسا، شۇنداق ئوقۇلىدۇ. بالىغا ئەگەر گۈزەل تەربىيە بېرىلسە ياكى ھايۋانغا ئوخشاش تاشلاندۇق قالدۇرۇلسا، بىچارە بالا ھالاك بولىدۇ، گۇناھى ئىگە-چاقىسىغا بولىدۇ.

بالا تەبىيلىگۈچىلەر بالىغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ياخشى ـ يامان نەرسىلەرنى بىلدۈرۈشى كېرەك. بولۇپمۇ تازىلىق، پاكىلىقا ئادەت قىلدۇرۇشى، يامان ئادەتلىرىنى تۈگىتىپ، قائىدىگە چۈشۈرۈشى كېرەك. بالىلارنىڭ ئەقلى يېتىلگەندە ئۇلارنىڭ زېھنىنى تەبىئىي نەرسىلەرگە بېغىشلاش كېرەك. مەسىلەن، يۇرت ـ ئىمارەت، تاغۇ تاش، جىلغىلار، بۇلاقلار، يەر ـ ئاسمان، ئاي، يامغۇر ۋە قار، بوران ۋە شامال كەبى نەرسىلەر ھەققىدە قىسقا بولسىمۇ مەلۇمات بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بۈيۈك ئالىملار ۋە مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ ماقالىلىرىنى سۆزلەش كېرەك ھەمدە ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ۋە مىساللارنى سۆزلەپ بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىش كېرەك.

پاكلىق، ئۇيقۇدىن سەھەر تۇرۇش، ھەر ئىشنى قائىدىگە ئاساسەن بېجىرىش، تەننى مۇمكىن قەدەر كېسەللىك سەۋەبلىرىدىن ساقلاش، ئات مىنىش، ياراغ ئىشلىتىش، سۇ ئۈزۈشنى بىلىش، يېزىقنى چىرايلىق، توغرا يېزىش، سۆزنى ئەدەپ بىلەن سۆزلەش، سۆھبەت، مەجلىسلەرنىڭ ئەدەپلىرىنى جايىدا بەجا كەلتۈرۈش، راست سۆزلۈك بولۇش، ۋەتەن ۋە مىللەتنى سۆيۈش، ئەمگەكچان، غەيرەتلىك، پىداكار بولۇش قاتارلىق پەزىلەتلەر گۈزەل ئادەت ھېسابلىنىدۇ.

بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن تەربىيە قىلغۇچى ئاتا ـ ئانىلار ياكى ئۇستازلارنىڭ ئۆزلىرى تەربىيىلىك بولماقلىرى شەرتتۇر. ئەگەر ئۇلار بېرىلىدىغان تەربىيىگە ئۆزلىرى ئەمەل

قىلمىسا، ئۆمۈرۋايەت تەربىيە قىلسىمۇ پايدىسى كۆرۈلمەس، تەربىيىچىلەرنىڭ راستلىق بىلەن تەربىيە قىلماقلىرى بالىلارنىڭ ھەر بىر ئىشتا راست سۆزلۈك، توغرا بولۇشىغا، يالغان سۆزلەر بىلەن تەربىيە قىلىشى بالىلارنىڭ يالغانچى بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىككى تەربىيىچىنىڭ بىر-بىرىگە خىلاپ رەۋىشتە تەربىيە قىلىشلىرى بالىلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىشىغا سەۋەب بولغۇسى.

ئاتىلار ئەگەر بالىلىرىنىڭ ئانىسى بىلەن گۈزەل ھايات كەچۈرسە ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت قىلسا، بالىلار بۇ ھالدىن ئالىيجانابلىق ۋە مۇناسىۋەت ئەدەپلىرىنى ئۆگىنەر. ئۆز ئانىلىرىغا بۇ ھالدا مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرگەن بالىلار ئاتىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر سۆيەر ۋە قايىل بولۇر. ھەدىيىنى بالىلارغا تەڭ بەرمەك ئۇلارغا ئادالەت دەرسى ئۆتمەك بىلەن باراۋەر. بىرىگە بېرىپ «دىققەت قىل، ئاكا-ئۇكىلىرىڭغا ئېيتما» دېمەكلىك ئۇلارغا ھىيلە ۋە خىيانەت ئۆگەتمەك بىلەن باراۋەر بولۇر. بالىلارغا بىلدۈرۈپ يالغان سۆزلىمەك ئۇلارغا يالغان سۆزلەشنى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىراۋنى سۆكمەك، ئەرزىمىگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئۇرماق ئۇلارغا ئەدەپسىزلىك، جەبىر-زۇلۇمنى ئۆگەتمەك بىلەن باراۋەردۇر. بالىلارنىڭ بۇزۇق سۆزلىرىگە ئېرەنسىزلىك قىلماق، ئەرزىمىگەن ئىشلىرىغا تەھسىن ئوقۇماق ئۇلارنى ئۇياتسىزلىق، بەتبەختلىككە ئادەتلەندۈرمەكتۇر. ساۋاق ئالغۇچى بالىلارغا بىراۋنىڭ نازارىتىدە گۈزەل ئويۇنلارنى

ئويناتماقلىق ئۇلارنىڭ زېھنىنىڭ ئېچىلمىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ئوقۇش ۋاقتىغا يەتكەندە بالىلارنى مەكتەپكە ئەۋەتمەك ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن زۆرۈر ۋەزىپىلەردىندۇر. ياش بالىلارنى يىراق جايلارغا ئەۋەتىش ئېغىر بولسىمۇ ئوقۇش ئۈچۈن غەيرەت قىلىش كېرەك. كۆز نۇرلىرى بولغان ياش بالىلىرىنى يات كىشىلەرنىڭ خىزمەتلىرىگە تاپشۇرغىنىدا ئورۇن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدىغان كىشىلەر كۆپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتكەن ئاتا-ئانىلار كۆپرەك شۈكۈر قىلىشى، سەۋر قىلىش كېرەك.

ئەر ئوغۇل بالىلىرىغا، بولۇپمۇ قىز بالىلارنىڭ تەربىيىسى ئۈچۈن بارلىقىنى، ئەڭ ئەزىز ۋاقتىنى پىدا قىلىشى كېرەك، چۈنكى قىز بالا ئازغىنا ۋاقتتىن كېيىن يات كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېتەر، بىر ئۆينى ئىدارە قىلار، بىر ئائىلىگە ئانا بولۇر. ئەگەر قىز بالا ئەقىدە-ئېتىقاد يولىنى ئۆزى بىلمىسە، بالىلىرىغا قانداق ئۆگەتكۈسى؟! قىز بالا ئەرنىڭ ھەققى-ھۆرمىتىنى بىلمىسە، بۇ ھەقتە كەمچىلىككە يول قويغۇسى ۋە ئائىلىنىڭ خارابلىقىغا سەۋەب بولغۇسى. ئۆينى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا مەلۇماتسىز بولغان قىز يېمەك-ئىچمەكنى قانداق ھازىرلىيالايدۇ، كىيىملىرىنى قانداق تىكىپ-ياميالايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ھالىدا ئىشەنچ بولمىغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتكارلىرى ئىشلەر، دەپ بالىنى تۇرلۇك تەربىيىدىن نېسىۋىسىز قالدۇرماقلىق ئاتا-ئانا ئۈچۈن گۇناھتۇر. بۇگۇن باي بولغان ئايال ئەتە بىر پۇلغا

www.uyghurkitap.com

مۇھتاج بولۇشى مۇمكىن. خىزمەتكارلارنى ئىشلىتىش ئۈچۈنمۇ ئىلىم كېرەك.

ئادەتتىن تاشقىرى ياسىنىپ كوچىلاردا كېرەكسىز يەرلەردە يۈرمەكتىن، ئىشسىز كەبى بىكار ئولتۇرماقتىن، ئەقىدە توغرىسىدا قۇرۇق سۆزلىمەكتىن قىزلارنى ساقلاش لازىم. چۈنكى، ئائىلە باشلىقى بولغۇسى ئايالنىڭ ئېتىقاد، ئەخلاقتا نىسبەتەن ئېتىبارسىز بولۇشى ئىلكىدىكى ئائىلىنىڭ ئېتىبارسىزلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ئېتىقاد دېگەندەك پۇختا بولمىغان ئائىلىگە دىيانەتلىك، تەقۋادار ۋە ھايالىق بىر ئايال كىرسە، پۈتۈن ئائىلىنى توغرا يولغا سالار، ئەدەپ، خۇلق ئۆگىتەر.

## ئاتا-ئانىنىڭ بالىلارنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىشتىكى ۋەزىپىسى

قىز بالىنى ئەرگە بېرىش ۋاقتى كەلگەندە مال-دۇنياسىز، مەنسەپسىز بولسىمۇ دىيانەتلىك، تەقۋادار، تەربىيىلىك كىشىگە بېرىشكە ھەرىكەت قىلىش ئاتا-ئانىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەخلاقلىق كىشىلەر ئايالىنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە جاپاغا سالمايدۇ. مال-مۈلۈك، مەرتىۋىگە كۆز تىكىپ ئېتىقادى بۇزۇق، ئەقىدىسىز،

ئىمانسىز كىشىلەرگە قىز بەرمەك مۇناسىپ ئەمەستۇر. مال- دۇنياسى نەقەدەر كۆپ بولسىمۇ، دەرىجىسى نەقەدەر بۈيۈك ھېسابلانسىمۇ پەرۋا قىلماسلىق، ئېتىقادسىز كىشىلەر ئاخىرەت ئىلمىگە كۆرە يوقنىڭ ئورنىدىدۇر.

بالىلارنى ئۆيلەندۈرگەندە ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا باقماسلىق توغرا بولمىغاندەك، تامامەن ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا بېرىپ بىر چەتتە كۆرەرمەن بولۇپ تۇرماقمۇ مۇناسىپ ئەمەستۇر. چۈنكى، تامامەن ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەندە ياشلىق قىلىپ ئادىشىشلىرى، ئۇنىڭدىن غاپىل بولۇپ كېيىن پۇشايمان قىلىشلىرى مۇمكىن.

زۇلۇم بىلەن بولغان نىكاھتا كۆڭۈللەر بىر- بىرىگە ئوخشىمىغانلىقتىن يېگەن- ئىچكىنى زەھەرلىك بولار. بالىلارنىڭ سائادىتى تەلەپكە ماس بولغىنىدا زورلاپ نىكاھ قىلماق راۋا ئەمەس. زۇلۇم بىلەن بولغان نىكاھنىڭ كۆپرەك سەۋەبى قىزلىرىنى بايلارنىڭ ئايالى قىلماق نىيىتىدە قېرى بايلارغا بېرىشتۇر. لېكىن، سائادەت ھېچقاچان مال بىلەن سېتىپ ئېلىنمايدۇ. تەربىيىلىك قىزلارنى تەربىيىسىز بايلارغا بەرمەكلىك سائادەتلىك نىكاھ ئەمەس، بەلكى مالنى دەپ ۋۇجۇدنى ساتماقتىن ئىبارەتتۇر.

شەرئەت كۆرسەتمىسىگە نىسبەتەن جايىدا بولغان نىكاھ ھەر تەرەپنىڭ رازىلىقلىرى ۋە سۆيۈنۈشى بىلەن بولغان نىكاھتۇر. ئەگەر بالىلار تەجرىبىسىزلىكى سەۋەبىدىن ئاتا- ئانىلار

www.uyghurkitap.com



مۇۋاپىق كۆرگەن كىشىگە نىسبەتەن مەمنۇنىيەتسىزلىك ئىزھار قىلسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى شۈبھىلەرنى توغرا سۆز بىلەن تۈگىتىش، مۇرادىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش لازىم. ھەر قانداق بولسىمۇ بالىلارنى زۇلۇم بىلەن نىكاھ قىلماقلىق راۋا ئەمەستۇر، چۈنكى بالىلار بىراۋغا ساتىسا بولىدىغان مال ئەمەس.

تەربىيە جەھەتتىن بىر-بىرىگە تەڭ، بىر-بىرىنى خالىغان يىگىت-قىزنىڭ نىكاھىغا پەقەتلا كەمبەغەللىكنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ رازىلىق بەرمىگەن ئاتا-ئانىلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئەخلاقى گۈزەل كىشىنىڭ كەمبەغەللىكى ئەيىب ئەمەستۇر. مالسىز ئادەم ئادەمسىز مالدىن خەيرلىكتۇر.

## بالىنىڭ ۋەزىپىسى

بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدە پايدا-زىيان جەھەتتىن ھەققى بار. بۇنداق ھەقلەرنىڭ ئۇلۇغى ئاتا-ئانىنىڭ بالا ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.

ئاتا-ئانا بالىنىڭ سائادىتى ئۈچۈن كۈن-تۈن ھەرىكەت قىلىپ، ئۇلارنى تەربىيە قىلىدۇ، ئۇلارنى مەكتەپكە بېرىپ ھۈنەر-سەنئەت ئۆگىتىدۇ. بۇ ھەقتە چەككەن زەخمەتلىرى

تىنمىسىز بولۇپ، شۇنىڭ يۈزىدىن بىر ھەققىنى بولسىمۇ قايتۇرۇشقا ئاز كىشىلەرلا مۇيەسسەر بولىدۇ.

قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئاتىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بېقىۋاتقان بىر ئىنساپلىق زات نۆۋەتتى كېلىپ ئاتىسىغا «ئەي مۆھتەرەم ئاتا! سىز كىچىك ۋاقتىمدا مېنى قانداق تەربىيە قىلغان بولسىڭىز مەنمۇ ھەم سىزنى شۇنداق تەربىيە قىلماقتىمەن، بەلكىم سىزنىڭ ئاتىلىق ھەققىڭىزگە ۋاپا قىلىپ، سىزنىڭ مۇشەققەتلىرىڭىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىمەن» دېگەنىكەن، بۇنىڭغا جاۋابەن ئاتىسى «ئەي ئەزىز ئوغلۇم! سەندىن ئاللاھ رازى بولسۇن، كۆتۈشىڭدىن مەن رازى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن تەشەككۇر بىلدۈرىمەن. لېكىن، مەن سېنىڭ يىگىتلىك كۈنلىرىڭنى كۆرۈپ راھەتلەنمەك نىيىتىدە ئۇزاق ئۆمۈرلۈك، سالامەت بولمىقىڭنى ئۈمىد قىلىپ باققاندىم. ئەمما، سەن مېنىڭ دۇنيادىن ئۆتمىكىمنى ئارزۇ قىلىپ باقماقتىسەن. چۈنكى، مېنىڭ ئىستىقبالىمدىن ئۈمىد ھەم پايدا يوقتۇر. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ تەربىيەم بىلەن سېنىڭ تەربىيەڭ قانداق تەڭ بولسۇن» دېگەنىكەن.

بالا تەربىيىسىدىكى مۇشەققەتلەرنىڭ ئەڭ مۇشكۈلى ئانىلارنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىگە يۈكلەنگەن كۆپ خىزمەتلەرنىمۇ ئۆز ياخشىلىقلىرى بىلەن بېجىرىدۇ.

بىچارە ئانا ئۆزى ئاچ بولسىمۇ بالىسىنى تويدۇرىدۇ، ئۆزى ئۇخلاشقا پۇرسىتى يەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ بالىسىنى

ئۇخلىتىشقا تىرىشىدۇ. بالىسىنىڭ شادلىقى بىلەن شادلىنىدۇ، بالىسىنىڭ قايغۇسى بىلەن قايغۇرىدۇ. بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئۈستىگە يەنە ئېرىنىڭ ئۈستۈپشى ۋە مېھمانلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. كۆپ ساندىكى ئانىلار بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بىرگە كۈن بويى ئورما ئورۇش ۋە باشقا دالا خىزمەتلىرىنى قىلىدۇ. پەقەت ئانىلارلا بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. بۇنداق ئاياللارنىڭ ھەر بىرىگە مىلڭ رەھمەت ئېيتىپ كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرىش لازىم بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرلىرى ۋە قېيىنانىلىرىدىن تەنبىھ ئاڭلاپ تۇرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەس. بۇنداق ئايالالارنىڭ ئۈمىدلىرى پەقەت بالىلىرىدا بولار. شۇنىڭ ئۈچۈن شادلىق ۋە قايغۇ كۈنلىرىدە ئاتا-ئانىلارنى ئۇنتۇش ئەمەس. بەلكى قان-تەر بىلەن ياردەم بېرىش، يىراق يەردە بولۇپ قالسا، زىيارىتىگە بېرىش ياكى خەت بىلەن بولسىمۇ ھالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، ياخشى ئىشلارنىڭ ساۋابىنى ئۇلارغا بېغىشلاش لازىم. باللار كەلگۈسىدە ھەر قانداق بۈيۈك بىر زات بولسىمۇ ئۇشبۇ بۇرچلاردىن ھېچ ۋاقىت خالاس بولمايدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچى بالا بالا ئەمەس، بالادۇر. بۇنداق بالا ياكى بالاغا ھېچبىر ئىنسان ساھىبى مۇپتىلا بولمىسۇن.

بالىلار ئەگەر ئاتا-ئانىلىرىغا مۇھەببەت بىلەن خىزمەت قىلسا، ئۇلارمۇ ئۆز بالىلىرىدىن شۇنداق خىزمەت كۆرەر. ئەگەر

ئۇلار ئاتا- ئانىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى جايىدا بەجا كەلتۈرمىسە، ئۆز بالىلىرىدىنمۇ ھۆرمەت كۆرمەس. بۇ تەجرىبىدە ئىسپاتلانغان بىر ئىشتۇر.

ئوغۇل بالىلار بالاغەت يېشىغا يەتكەندە ئەر قاتارىغا كىرىپ، بىرەر كەسىپ، ھۈنەر بىلەن ئاتا- ئانىلىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ مۇشەققەتلەردىن خالاس قىلار. قىز بالىلار بولسا، چوڭ بولغۇچە ئاتا- ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە ۋە كۈتۈشىگە موھتاج بولىدۇ. قىزلار بالاغەتكە يېتىپ، ھەتتا ئەرگە تەگكەندىن كېيىنمۇ ئاتا- ئانىسىنىڭ خاتىرىسىدىن چىقمايدۇ. ئاتا- ئانىلار ھەمىشە ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىز بالىلار ئاتا- ئانىسىنىڭ قەدرىنى ناھايىتى ئارتۇق بىلىشى ۋە ئۇلارغا چەكسىز مۇھەببەت، ھۆرمەت كۆرسىتىشى كېرەك.

قىز بالا تۇغقانلىرىغا نىسبەتەن شەپقەتلىك بولۇشى، ھەر ۋاقىت ئۇلارنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن ئىنتىلىشى لازىم. ئاتا- ئانىغا ئىتائەت قىلىش، قېرىنداشلىرىنى يېقىن كۆرۈشمۇ قىزلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەزىپىلىرىدۇر. قىزلىق ئۆمۈر ساناقلىق كۈنلەر بولۇپ تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۈگۈن قونچاقلىرىنى كىيىندۈرۈپ ياكى ئانىسىنىڭ قېشىدا قونچاقلىرىغا سېلىنچا تىكىپ ئولتۇرغان قىز ئەتە بىر ئۆيگە ئانا بولىدۇ ۋە بالىلىرىنىڭ قاتار تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئاتا- ئانىغا ئىتائەتلىك بولۇپ ئۇلارنىڭ ياخشى دۇئاسىنى ئالغان قىزلار ئۆز بالىلىرىدىن ئىززەت- ھۆرمەت كۆرىدۇ. ئاتا- ئانىغا ئىتائەتلىك بولۇشنىڭ نەقەدەر

www.uyghurkitap.com



شەرەپلىك بىر ئىش ئىگىلىكىنى شۇ چاغدا تەجرىبىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

ئاتا-ئانا بۇ دۇنيادىن ئۆتكەندە ئۇلارغا ياخشى تىلەك تىلىمەك، سەدىقە-ئېھسان قاتارلىق ياخشى ئىشلار بىلەن ئۇلارنىڭ روھلىرىنى شادلاندۇرماق بالىلارنىڭ ئۇلۇغ بۇرچلىرىدىندۇر.

ئاتا-ئانىلىرى ۋاپات بولغاندا مىراس بۆلۈشۈش توغرىسىدا تۇغقانلىرى ۋە باشقا يېقىنلىرى بىلەن دەۋالىشىپ قېرىنداشلىق يىپلىرىنى ئۈزگۈچى، بىر-بىرى ھەققىدە يامان سۆز ۋە ئەخمىقانە گۇمانلارنى قىلىپ، جانۋالار قىلمىغان ياۋۇزلۇقلار بىلەن مال-دۇنيانى نابۇت قىلغۇچى بالىلارمۇ بولىدۇ. بۇنداق بالىلار ئاتا-ئانىلىرىغا نىسبەتەن قىلىنىدىغان ۋەزىپىلەرنى ئاياغ-ئاستى قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ نامىنى خار قىلىپ ئۆزلىرىمۇ بەختسىز بولىدۇ.

ئائىلىنىڭ شەرىپىنى، ئاتا-ئانىنىڭ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈشنى نىيەت قىلغۇچىلار ئىنساپ يولىدىن چىقماسلىقلىرى لازىم. ئىنساپلىق كىشى جېنىنى پىدا قىلار، ئەمما دۇنيا ئۈچۈن قېرىندىشىدىن ۋاز كەچمەس، باشقىلارنىمۇ ھۆرمەتسىز قالدۇرماس.

قىز بالىلار تۆۋەندىكى ئەدەپلەرگە كۆپرەك رىئايە قىلىشلىرى كېرەك: ئاتا-ئانىنىڭ ھوزۇرىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشى، قول، پۇت، يۈز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز قاتارلىق ئەزالىرىنى ۋە

كىيىم-كېچەكلىرىنى پاك تۇتۇشى، شۇنداقلا چىشلىرىنى ھەر ۋاقىت مسىۋاك (چىش تازىلىغۇچ) بىلەن يۇيۇپ تۇرۇشى، چىچىنى ھەر كۈنى تارىشى، كۆپ كۈلۈشتىن، ئارتۇقچە ۋارقىراپ سۆزلەشتىن، ئاتا-ئانىلار ۋە باشقىلاردىن بىر نەرسە سوراشتىن، ئۆيىنىڭ تاملىرىغا ۋە ئېگىز بىنالارغا چىقىپ ئەتراپنى تاماشا قىلىپ تۇرۇشتىن، يامان قىزلار بىلەن دوست بولۇشتىن، تىرناقلىرىنى ئۆستۈرۈپ يۈرۈشتىن، بارماقلىرى بىلەن بۇرۇن كولاشتىن، تار كىيىملەرنى كىيىشتىن ساقلانماقلىرى لازىم.

ئەي ھۆرمەتلىك بالىلار! كېلەچەك كۈنلىرىڭلارنى ئويلاڭلار، ياش بالا تەربىيىسىدە تۇرۇش ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئاتا-ئاناڭلار سىلەر ئۈچۈن ھەممىلا ۋاقىت پۇل خەجلەپ تۇرالمايدۇ. بىر ۋاقىتلار كېلىپ ئۆزۈڭلەرگە كېرەك بولغان نەرسىلەرنى ئۆزۈڭلەر تېپىشقا مەجبۇر بولىسىلەر، بەلكى ئۆزۈڭلەردىن باشقا بىر ئايال ۋە بىر قانچە بالىلارنىڭ تەربىيىسى ئۈستۈڭلەرگە يۈكلەنگۈسى. ئەگەر ھۈنەر، تىرىشچانلىقىڭلار بولسا، شۇ كۈنلەرنى ئاسان ئۆتكۈزەرسىلەر، ئەگەردە ھۈنىرىڭلار بولمىسا، ئۈنىڭ ئۈستىگە خۇلقىڭلار ناچار بولسا، بۇ قارا كۈنلەرگە ۋاي!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# گۈزەل مۇناسىۋەت

ئائىلىنىڭ راھەتلىك، بالىلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ۋە ياخشى نام قالدۇرۇشنى نىيەت قىلغان ئەر بىلەن ئايال ھەر ۋاقىت ئىتتىپاق ياشىمىقى لازىم. ئەر بىلەن ئايال ئىناقلىقتا بىر-بىرىگە ھۆرمەت بىلەن ياشىسا ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئىنساپ بىلەن ياشايدۇ.

بەزى چاغلاردا كىچىككىنە ئىشلار ئۇچۇن ئارىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ ۋاقىتدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇچقۇندىن تۇتاشقان ئوت كەبى زورىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە ۋاقىتدا ئالدىنى ئالماي، پىتنە قوزغىتىپ چوڭايتىۋەتكەنلىكى ئۇچۇن ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھەر ئىككىسى ئەيىبداردۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ئائىلىدە ئازغىنا ئىختىلاپ ئالامىتى سېزىلسە، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي ھەر ئىككى تەرەپ كېلىشىش يولىغا كىرىش لازىم. پۈتۈن نەرسە كۆيۈپ كۈل بولسىمۇ ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسى تۈزۈك بولسا ھەسرەت يۈز بەرمەس. چۈنكى، بۇنداق ئىشلار ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، گۈزەل مۇناسىۋەتنىڭ راھىتى بىلەن ئۇنتۇلار. ئەمما، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق كۆيسە بۇنىڭغا چارە يوقتۇر.

ئـەر بولغـان كىشـى ئـۆزىنىڭ ئايالىغا شەپـقەتلىك بولـۇپ، ئۇنىڭغـا بىـر خـادىم ئەمـەس، بـەلكى رەپـىقەم دېگـەن نـەزەردە قارىسا، ئايالمۇ ئېرىنى مەرھەمەتلىك ھامىيسى بىلىـپ، ئۇنىـڭ ھـەققىنى ئايـاغ-ئاسـتى قىلمىسـا، ئىككىسـى بىـر ئېغىـزدىن سۆزلەپ، بىـر قـۇلاق بىلـەن ئاڭلىسـا، بىرگـە قـايغۇرۇپ، بىرگـە شادلانسا، ئەلۋەتتە بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببەتلىرى كۈچىيىپ ئارىدىكى ئىتتىپاقلىق بىناسى مەھكەم بولىدۇ. ئەكسىچە، ياخشى ياشـاش ھـەققىدە قولىدىـن كېلىدىغـان ئىنتىلىشـىنى قىلمىسـا، تـەقدىردىن رەنجىـپ بىـر-بىرىگـە ئـەيىب يۈكلەشـىنىڭ ئـۆزى ئادىمىيلىكتىن ئەمەس.

ئـەقىللىق ئەرلـەر ئايـاللارنىڭ كـۆڭلىنىڭ نـازۇك، غـەمكىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇلارنى مۇشەققەتلەردىن ھىمايە قىلار. يوق ئەيىبلەرنى ئىزدىمەي، كۆرۈلگەن ئەيىبلەردىن مۇمكىنقەدەر كۆز يۇمـار. ھۇرۇنلـۇق، ئىشىسـىزلىق بـارلىق يامانلىقلارنىڭ ئانىسـى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالىنى ئىشسىز قويماس. ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىشكە كۆپـرەك ئېتىبـار بېرەر. خەۋەرلـەردە: «ئايـاللار بىلـەن يېتىملەر ھەققىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭ»، «سىزنىڭ خەيرلىك بولغـانلىقىڭىز ئايـاللىرىڭىز بىلـەن قىزلىرىڭىزغـا خـەيرلىك بولغـانلىقىڭىزدۇر»، «مۆمىنلـەرنىڭ كـامىل بولغـانلىقى ئايـالى بىلـەن گـۈزەل مۇئـامىلىدە بولغـانلىقىدۇر» دېگـەن مـەزمۇندا ۋەسىيەتلەر ئېيتىلغاندۇر.

تەربىيىلىك ئايال ئېرى تەرىپىدىن بېرىلگەن نەرسىلەرگە قانائەت قىلىپ، باشقىسىنى ئارزۇ قىلماس، ئېرىنىڭ ھوزۇرىدا پاك، گۈزەل يۈرەر، ھەر قانداق كېرەكلىك نەرسىلەرنى ۋە ھەر بىر سىرىنى ئېرىگە ئېيتار، ھەر قاچان ھۆرمەت، ئىتائەت بىلەن بولار، تەربىيىگە خاس بولمىغان سۆزلەرنى قىلىدىغان ئاياللارنى ئۆيىگە يولاتماس، ئۇلار بىلەن ھەر قانداق مۇناسىۋەتتە بولماس، چۈنكى ئۇنداق ئاياللار ئائىلىلەرنى ئەمەس، ھەتتا شەھەرلەرنىمۇ خاراب قىلار.

دۇنيادا ئەڭ بۈيۈك سائادەت گۈزەل تۇرمۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە تالاش-تارتىش قىلىش توغرا ئەمەس. ئاباسسىيلار خەلىپىلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بولغان ئەل مۇتەۋەككىل ئىبنى جەفەرگە بىراۋ: «يەر يۈزىدە سىزدىن بەختلىك ئادەم بولماس» دېگەندە، خەلىپە: «خاتا سۆزلىدىڭىز، گۈزەل ئۆيى، ياخشى ئايالى، ياخشى تۇرمۇشى بولغان كىشى بىزلەرگە نىسبەتەن بەختلىكتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

# ئائىلە ۋە دۇنيا

ئائىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن دېھقانچىلىق، سودىگەرچىلىك ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك كەبى رىزىق سەۋەبلىرىدىن بىرەر تۈرى لازىم بولىدۇ. ئائىلە ئۆزىگە مۇۋاپىق كۆرۈلگەن

كەسپلەردىن قايسى بىرىنى بولمىسۇن تاللىشى كېرەك. ئەمما، ھايالىق، گۈزەل مۇئامىلە، ئىقتىسادچىل بولماق شەرتتۇر.

ئىقتىسادچىل بولۇش — پايدىسىز يەردە پۇل سەرپ قىلماسلىق دېمەكتۇر. لازىم بولمىغان يەردە بايلىق سەرپ قىلماقلىق ئەقىلسىز، ئاچ كۆز، شۆھرەت ئۈچۈن سەرمايىنى سورىغۇچى ئەخمەقنىڭ ئىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھال ئائىلىگە مۇناسىپ ئەمەس. ئادەم بالىسىغا كەسىپ - ھۈنەر ئۆگىنىش بۇيرۇلغاندۇر. «مەڭگۈلۈك دۇنيانىڭ، ئەتىكى ئاخىرەتنىڭ ئۈچۈن كەسىپ ئىگىلە» دېگەن گەپلەر بار. كەسىپ تاللىماق، ئىشلىمەك ئادەم بالىسىنىڭ سالامەتلىكى ۋە كۆڭۈلنىڭ ساپلىقىغا سەۋەبتۇر. ھورۇن كىشىلەر، بوزۇق يەرلەردە يۈرگۈچىلەر كۆپ ھاللاردا كېسەللىككە مۇپتىلا بولۇپ، ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

كەسىپ ئەگەر ئائىلىگە ئىتائەت قىلماق، بالىلارغا ھالال نەپىقە بەرمەك، يوقسۇللارغا ھەمدەمدە بولماق، ئىلىم يولىغا ياردەم قىلماق نىيىتى بىلەن بولسا بىر ئىبادەتتۇر.

كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئائىلىدە نىزام بولۇشى، ھەر كىمنىڭ مەلۇم بىر ئىشى، ھەر ئىشنىڭ مۇئەييەن بىر ئادىمى بولۇشى، ھەر كىم ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى شاد - خۇراملىق بىلەن ئادا قىلىشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# ئائىلە ۋە ئۆلپەت

ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا دوستلۇق، ئۆلپەتلىك ھۆكۈم سۈرۈشى كېرەك. ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا ئۆلپەتلىك، مۇھەببەت قالمىسا، پۈتۈن دۇنيانى ۋەھىمىگە سېلىپ تۇرغان كۈچلۈك دۆلەتلەر، شۆھرەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىدە تۇرغان مىللەتلەرمۇ ئىنتىرازغا ئۇچرايدۇ. ئۆلپەتسىزلىك سەۋەبىدىن بۇنداق دۆلەتلەر پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئارىدا ئۆلپەتچىلىك بولمىسا، ئائىلە قانداق پۇت تىرەپ تۇرالىسۇن؟! ئارىغا دۈشمەنلىك ۋە مېھىرسىزلىك چۈشكەندىن كېيىن ئۆلپەتچىلىكنى جايىغا كەلتۈرمەك مۈشكۈل بولغانلىقتىن، ئۆلپەتسىزلىكنىڭ سەۋەبلىرىنى باشتىلا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقاتماق لازىم. باشتا ھەر قانداق نەرسە ئاجىز بولغانلىقتىن ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئاساندۇر.

ئۆلپەتچىلىك ۋە مۇھەببەتكە يېقىن تۇرماق ھەممىدىن ئاۋۋال ئائىلە باشلىقلىرىغا زۆرۈردۇر. ئەگەردە ئۇلار بۇ ھەقتە ئۆرنەك بولسا، باشقىلار ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.

ئەقىللىق ئايال ئېرىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا، باشقا يېقىن قېرىنداشلىرىغا، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا ۋە كېلىنلىرىگە ھەر ۋاقىت مۇھەببەت، ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەرنىڭ يېقىنلىرىغا ھۆرمەت قىلماق ئەر

بىلەن گۈزەل مۇناسىۋەت قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئېرىنىڭ يېقىنلىرىنى ھۆرمەت قىلغۇچى ئايال ئېرىدىن ھۆرمەت كۆرىدۇ.

بەزى ئاياللار ئازغىنا سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ قىزلىرى بىلەن كۈيئوغۇللىرى، ئوغۇللىرى بىلەن كېلىنلىرى ئارىسىنى بۇزىدۇ. بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ھالدۇر. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى بۇزۇلغان ئائىلىلەرنى تۈزىتىش بولۇپ تۇرۇپ، تۈزۈك ئائىلىلەرنى بۇزۇپ بەختسىزلىككە سەۋەب بولۇشلىرى جىنايەت ۋە ۋەھشىيلىكتۇر.

## خىزمەتكارلار، بالا باققۇچىلار، قوشنىلار، دوستلار ۋە زىيارەت

خىزمەتكارلار ئۆز خىزمەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى شۇ. لېكىن، قوسۇر پەيدا قىلغاندا ئۇلارنى خورلاشقا، سۆكۈشكە، ئۇرۇشقا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەققى يوق. گۈزەل خۇلقلۇق كىشىلەر خىزمەتكارلىرىغا شەپقەتلىك بولار. ئۆزلىرىنىڭ ئۇلار كەبى كىشىلەرنىڭ خىزمىتىگە مۇيەسسەر بولالىغانلىقىغا شۈكۈر ئېتىبار قىلىپ، خىزمەتكارلىرىنىڭ قۇسۇرلىرىنى كەچۈرۈپ، ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىدا ئابرۇيىنى ساقلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىزمەتكارلار بىلەن ئويناپ-كۈلمەك، ئۇلار بىلەن كىرەكسىز نەرسىلەرنى سۆزلىشىپ ئولتۇرماق، ئەرزىمىگەن نەرسىلەر ئۈچۈن تەنە، تەنبىھ بەرمەك ئۇلۇغۋارلىق ئەمەس.

ئۆيدىكى سىر-ئەسرالار ياتلارغا خىزمەتكارلار ئارقىلىق تارقىلىدۇ. ئۇلار ئائىلىدە سىر ساندۇقلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدە بولغان يوشۇرۇن ھاللار ياتلاردىنمۇ بەكرەك خىزمەتكارلاردىن يوشۇرۇلۇشى لازىم.

بالا باققۇچىلار بالا تەربىيىسىگە ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكۈچىلەردۇر. بالىلار ھەر قانداق بۇزۇق ئادەت ۋە بۇزۇق خۇلقلارنى ئۆزلىرىگە تەربىيە قىلغۇچىلاردىن ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلماق كېرەك. زامانىمىزدىكى ئەدىبلەردىن بىرى: «بىزلەرگە قارىغۇچىلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزگە ئالغىنىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ ۋەھشىي ھايۋانغا ئايلىنىپ ئورمانغا قاچماي ئىنسان بولۇپ يۇرگىنىمىزگە تەئەججۈپلەنمەكتىمىز» دېگەنىدى. بالا باققۇچىلارنىڭ ياش بالىلارنىڭ زېھنىگە سالغان تۇرلۇك يالغان خەۋەرلىرى ۋە تۇرلۇك ۋەھىملىرى بالىلارنى ئەمەس، ھەتتا چوڭ، ئەقىللىق ئادەملەرنىمۇ بۇزىدۇ.

شەرىئەتتە قوشنىلار ھەققى ئۇلۇغ بولغانلىقتىن قوشنىلارغا ھۆرمەت كۆرسەتمەك، كېسەل بولغاندا ياردەم بەرمەك، ئائىلىسىدىكى ئاياللاردىن ئۆزىنى قاچۇرماق، مېلىغا قول ئۇزارتماقتىن ساقلانماق ئائىلە ئۈچۈن ئۇلۇغ بۇرچتۇر.

قوشنىلارنىڭ ھەققى يالغۇز ئۆلارغا ئەرزىيەت يەتكۈزمەسلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆلارنىڭ ئەرزىيەتلىرىگە چىداپ، ھەمىشە گۈزەل مۇئامىلىدە بولماقلىق بىلەن ئادا ئېتىلۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي سېتىش، يۇرت ئېلىشتىن ئاۋۋال قوشنىلىرىنى بىلىش، ئۆلارنىڭ ھاللىرىنى چۈشىنىش لازىم. قوشنىلارنىڭ ھەققى ئۇلۇغ بولۇپ، ئۆلارغا ۋاپا قىلماقلىق توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن كۆپ ئەمىر، نەسىھەتلەر كەلتۈرۈلگەن.

ئىنسان ھالىنى تەجرىبە قىلىدىغان كىشى دوستىدۇر. بىر كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دوست تاللىغاندا تەقۋادار، نەسەبى ئېسىل، توغرا پىكىرلىك، ئەدەپلىك، گۈزەل خۇلقلۇق زاتلارنى ئىزدىمەك. ئەگەر بۇنداق كىشى تېپىلسا ئۆلۈمدىن باشقا نەرسىنىڭ ئۆلارنى ئايرىماسلىقىغا سۆز بەرمەك لازىم.

دوست دېمەك — قايغۇ ھەم شادلىقلارنى ئورتاقلاشقۇچى، ئېغىر چاغلاردا كېڭەشكۈچى، ئەھدۇ پەيمانغا رىئايە قىلغۇچى دېمەكتۇر. بۇنداق بولمىغان كىشىلەرنىڭ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىغا ئالدانماق، بەرگەن ۋەدىسىگە ئىشەنمەك قىلماق جائىز بولماس. دوستلارنى سىنايدىغان ۋاقىت راھەتلىك كۈنلەر ئەمەس، بەلكى مۇشەققەت سائەتلىرىدۇر.

قېرىنداش، دوست، تونۇش-بىلىشلەرنى زىيارەت قىلىش ۋاقتى ھەر يەر، ھەر زاماننىڭ ئۆزىگە خاس مەخسۇس ئادەتلىرىگە ئاساسەن بولىدۇ. زىيارەت ۋاقتىدا ھەددىدىن

ئاشماسلىق شەرتى بىلەن ئەھۋال سورىماق، سالامەتلىك ئەھۋالىنى بىلمەك ئەدەپتىندۇر. لېكىن، كىر كىيىملەر ۋە مۇناسىپ بولمىغان قىياپەتتە زىيارەت قىلماق ئەيىپ بولغىنىدەك، زىيارەت قىلغۇچىلارنى شۇنداق ھالدا كۈتۈۋالماقمۇ مۇناسىپ ئەمەس. مەجلىسلەردە ئەدەبىيات ياكى ئەخلاقى ئومۇمىي ئېھتىياج ھەققىدە مۇنازىرە قىلىنسا خۇلق-مىجەز ئۈچۈن پايدىلىق بولار. بىر-بىرىنىڭ كىيىمگە قاراپ ئولتۇرماق (بۇنداق مەجلىسلەر كۆپرەك ئاياللارغا خاس بولار) ياكى غەيۋەت قىلماقتىن ئىبارەت بولغان مەجلىسلەردىن ھېچكىم ئۈچۈن پايدا كۆرۈلمەس.

ئاللاھ ھەممىمىزگە ئۆزى رىزا بولغاندەك ئېتىقاد ۋە ئەزگۈ ئىشلار قىلىشقا، گۈزەل نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ ئۇنى بەجا كەلتۈرۈشكە مەدەت بەرسۇن. ئەقىل ساھىبى بولغان ھەر بىر كىشى غەيرىيلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى تۈزىتەر، سالامەتلىك مانا شۇندىندۇر.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەزىزى، مىراس ژۇرنىلى 2002-يىلى 5-6-سانىدىن ئېلىندى.

# تىرىشچانلىق ئايال

## مۇقەددىمە

جانابىي ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇشبۇ ئالەمنى يارىتىپ، ھېسابسىز مەۋجۇداتلار ئارىسىدا ئىنسانلارنى ئەقىل-پاراسەت بىلەن باشقىلاردىن ئايرىم-ئالاھىدە ياراتقاندۇر. بۇ ئالىي مەۋجۇداتنى كۆپىيىش بىلەن بىللە، ياراتقۇچىنىڭ بىر ئۆزىگە مەلۇم بولغان ۋاقىتقا قەدەر ياشاشلىرى ئۈچۈن، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى بىر-بىرىگە مايىل قىلىش مەقسىتىدە مۇھەببەتمۇ ئاتا قىلدىلەر. جانابىي ئاللاھ ئادەم بالىسىغا ئەقىل، ئىلىم بەرگىنى سەۋەبلىك، بۇ ئالەمنىڭ قائىدە-قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىدە سائادەتمەن بولۇشلىرىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ناشايان ئىشلارنى قىلىشنى مەنئى قىلغاندۇر. دۇنيانىڭ قائىدىسى شۇدۇركى، ئادەملەرنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش ھالدا بولۇشلىرى مەشرۇ سۈرەتتە، يەنى نىكاھ ئەھدى نىكاھ بىلەن بىرلىشىشىدە كۆرۈنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇھەببەت نىكاھى يالغۇز نەپسى مۇرادى ئۈچۈن بولماي، بەلكى ئاللاھ تەرىپىدىن ئېھسان ئېتىلگەن مۇبارەك بىر ئالىي ھەدىيەدۇر. چۈنكى، نەپسىنىڭ پادىشاھلىقى قالمىغان قېرىلىق چاغلىرى ياكى خەستىلىك ۋاقىتلىرىدىمۇ ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى مۇھەببەت ھەمىشە دائىملىقتۇر. دۇنيا سەرپ قىلىپ تاپالمىغان خاتىرىلەر، ئەسكەر چېقىرىپ ئېرىشەلمەيدىغان مۇراد-مەقسەتلەر گۈزەل خۇلق-مىجەز بىلەن قولغا كېلىدۇ. بۇ خىل پەزىلەت ئىنسان بالىسىغا ھەر ۋاقىتتا لازىمدۇر. ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى بۇ خىل مۇئامىلىنىڭ بەكمۇ كېرەكلىكىنى سۆزلەشكە ھاجەت يوقتۇر.

ئەگەر ھاجەت دەپ بىلىنسە، جانابىي ئاللاھ تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان نىكاھ نېمىتىنى كۆپ ئېتىبار بىلەن ساقلاپ، بىرەر قېتىم ئازراق بولسىمۇ خاتاغا يول قويماسلىققا ئىنتىلىش — ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھەر ئىككىسىگە زۆرۈر بولغان شەرتتۇر. ئەر-ئايالچىلىق ئەدەپىي ھەر ئىشتا ئادالەت بىلەن ئىش كۆرۈش دېمەكتۇر. يەر ۋە كۆكمۇ ئادالەت بىلەن ئۆز ئوقىدا تۇرۇرلەر. ئەر-ئايال ئارىسىدا ئەدەپ-ھايا بولغاندا، نىكاھ نېمىتىمۇ بەركاماللىق بىلەن ياشايدۇ ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئەر-ئاياللار ئۈچۈن شەرىئەت، ئەقىل تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مەلۇم ۋەزىپىلەر باركى، ھەر بىر ئەر، ھەر بىر ئايالنىڭ بۇ ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشلىرى قەرز ھەم پەرزدۇر. زۆرۈر بولغان

ئەدەپ ـ ھايا بولمىغاندا، بىر ـ بىرىگە رىئايەتلەر بولمايدۇ ـ دە، مۇھەببەتلىرى بۇزۇلىدۇ. مۇھەببىتى بولمىغان ئادەم ھەر ۋاقىتتا قارشى تەرەپنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ، ئەرزىمەس ئىشنىمۇ يۇزىگە سالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئارىدا زاھىر بولغان دەۋا غوۋغاغا ئايلىنىپ، باش ـ ئاخىرى چىقمايدۇ. بۇ رەۋىشتە ئۆتكەن ھاياتتا قىلچىمۇ لەززەت بولمايدۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئەقىللىق، تەربىيە كۆرگەن ئەرلەر ۋە ئاياللار ئەدەپ ـ ھايالىق تۇرمۇشنى ئۇلۇغ بىر نېمەت بىلىشسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن بولمىغۇر ـ يامان ئىشلاردىن ھەر ۋاقىتتا يىراق يۈرسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلار ئارىسىدىكى ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇش كۈندىن ـ كۈنگە مۇستەھكەملىنىپ، بارغانسېرى لەززەتلىك بولىدۇ.

بىز، بۇ يەردە تەربىيىلىك ئاياللارنى تەرىپلەپ يازماقچىمىز. يازغانلىرىمىزدا ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقچىمىز. ئەگەردە، ئاياللار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان ئۇشبۇ ۋەزىپىلەرنى كەمچىلىكسىز ئادا قىلىدىغانلا بولسا، شەك ـ شۈبھىسىز ئەرلىرىنىڭ مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بولىدۇ. بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق بىلەن ساۋابقا مۇۋەپپەق بولۇپ، مۇكاپات ئالۇرلەر. تەربىيىلىك ئاياللار تەربىيىسىز (پەزىلەتسىز) ئاياللارغا نىسبەتەن بەختلىك ياشايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئۇلۇغلۇق ۋە مەڭگۈلۈك مەرتىۋىسىگە ئېرىشۇرلەر. تەنلىرى تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلسىمۇ،

ئىسىم-شەرىپى ھەر قاچان سورۇنلاردا ھۆرمەت بىلەن سۆزلىنىدۇ. دۇئا ۋە يادلاش بىلەن زىكىر قىلىنىدۇ، ھەتتا كىتابلارغا يېزىلىپ، كەلگۈسىدىكىلەرگە ئۆرنەك قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما، تەربىيىسىز ئاياللار بولسا، تەربىيىسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن قانچىلىغان جەبرى-جاپالارنى تارتىپلا قالماي، يەنە يامان ناملىرىنى قالدۇرۇپ ئاخىرەتنىڭ جەھەننەمگە كېتىدۇلەر. بۇنداق پەزىلەتسىزلەر ئۇ دۇنيادىمۇ راھەت كۆرەلمەس، كەينىدىنمۇ ياخشى ناملىرى ئاڭلانماس. تۇرمۇشتىكى ئەدەپلەر توغرىسىدا ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بىز تۆۋەندە ئەڭ مۇھىملىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئېتىقاد

تەربىيىلىك ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىنى بۇزۇق تۇتماقتىن كامىل ئېتىبار بىلەن ساقلىنىدۇ. ئۇلار شەرىئەت بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئېنىق ئاڭلاپ ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ، شەرىئەت مەنئى قىلغان نەرسىلەرگە ھەرگىز ئېتىقاد قىلماس. سېھىرگەر، پالچى، كىشىلەر ئارىسىنى مەنىۋى سەۋەبلەر بىلەن بۇزىدىغان ياكى تۈزىتىدىغان جىن، پەرىلەرنى خىزمىتىگە سېلىشنى داۋا قىلغۇچى كىشىلەرگە ئەسلا ئىشەنمەس. بۇنداق كىشىلەر پەقەت ئالدامچى، كۆز بويامچى بولغانلىقى ئۈچۈن

تەربىيلىك ئائىلىلەرگە يورۇق يۈز كۆرسەتمەس، ئەرلىرىنى قوبۇل قىلماس. سىھىرگەرگە، پالچىغا بىر ئائىلە ئىشەنسە، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىپرىمۇ ئاستا-ئاستا ئىشىنىشكە باشلايدۇ. بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ يامان ئېتىقادى باللىرىغىمۇ مىراس بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا يۇرت ئىچىدىمۇ ئىمان، ئېتىقاد قالمايدۇ، كىشىلەر ھەممە نەرسىدىن شەك-شۈبھىگە چۈشۈپ، پۈتۈنلەي قورقۇنچلۇق خىيال ئىچىدە قالىدۇ. بۇنداق يۇرتنىڭ ھالى ئاق قۇرت چۈشكەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشايدۇ.

## ئىتائەت

تەربىيىلىك ئائىللار شەرىئەت ۋە ئۆز ئەقلىگە خىلاپلىق قىلمىغان ھالدا ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇلەر. چۈنكى، ئائىلىلار ئۇستىدە ئەرلىرىنىڭ كۆپ ۋە شۇ نىسبەتتە ئۇلۇغ بولغان ھەقلىرى باردۇر. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلغان، ھەر ئىككى دۇنيادا شادلىق كۆتكەن ئائىل كىشى ئۇچۇن ئېرى بىلەن گۈزەل مەئىشەت قىلماق، سۆزلىرىنى جان-دىل بىلەن ئاڭلاپ، ئىتائەتتە بولماق لازىمدۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئائىل ھاياتىدا ھامان ئۆكۈنىدۇ. ئاخىرەتلىكىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ. رەسۇل ئەكرەمنىڭ: «ئېرىنى رازى قىلغان ھالدا ۋاپات بولغان ئائىل جەننەتتۇر»، «مۇبادا بەندىلەرگە سەجدە

قىلىش شەرىئەتىمىزدە دۇرۇس بولغاندا ئىدى، (ئاياللارنى) ئەرلەرگە سەجدە قىلىشنى بۇيرۇغان بولۇر ئىدىم». دېگەن كەلىمىلىرىدىن ئەرلەرگە ئىتائەت قىلىش ئاياللار ئۈچۈن بۇرچ بولۇپلا قالماي، كېلەچىكىنىڭ بەختلىك بولۇشىدىنمۇ بېشارەتتۇر.

ئۆيدىن سەۋەبسىز، رۇخسەتسىز چىقىپ كەتكەن ئايال قايتىپ كەلگەنگە قەدەر پەرىشتىلەرنىڭ لەنىتى ئاستىدا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەردە مەلۇماتلار باردۇر. (ئايال كىشىنىڭ) ھەر قانچە يېقىنى، ھەتتا ئاتا-ئانىسى ئاغرىق بىلەن جان بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئېرىدىن رۇخسەتسىز كېتىشى مەنئى قىلىنغاندۇر. شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان ئەھۋالدا، ھەر ۋاقىت ئەرلەرگە ھۆرمەت، ئىتائەتتە بولۇپ، ئۆزرە بىلەن ھايات ئۆتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئاياللارنىڭ شان-شەرىپى ئەرلەرگە ئىتائەتتە. سائادەتلىرى بولسا، بىر ئۆينى ئوبدان تۇتۇشتا بولىدۇ. ئەگەر ئەرلىرى تەرىپىدىن شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارغا بۇيرۇلسا ئىتائەت قىلمىسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەكسىچە ئىتائەت قىلسا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا نىسبەتەن ياردەمچى بولۇش، يامان ئىشلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان بولىدۇ.

تەربىيە كۆرگەن ئاياللار پەزىلەتسىزلىك قىلىپ ئەرلىرىنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى ۋاقىتسىز ئاقارتىشتىن، بولمىغۇر سۆزلەر بىلەن كەيپىياتىنى بۇزۇشتىن، ئۆمىد-ئارزۇلىرىغا كاشىلا قىلىشتىن

ئىلاجىنىڭ بارىچە ساقلىنۇر. بىر ئەر نەقەدەر ناچار، جاھىل بولسىمۇ، ئايالى تەربىيىلىك بولسا، ئۆز ۋەزىپىسىگە رىئايە قىلىپ، ئەرنىڭ ھالىنى تۈزەپ، كۆڭلىنى ئېلىپ، بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ئېرىشەلەيدۇ. يۈزلەرچە ئادەمنىڭ كۈچى بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان بەختلىك بىر ھاياتنى، گۈزەل خۇلق- مىجەز بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مال- دۇنيا بىرىپمۇ سېتىۋالغىلى بولمىغان نەرسىنى ياخشى خۇلق- مىجەز بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. گۈزەل تۇرمۇش دېگىنىمىز ئەنە شۇدۇر.

# ئەرنىڭ يېقىنلىرىنى ھۆرمەتلەش

تەربىيىلىك ئاياللار قېيىنئاتا، قېيىنئانىلىرى، ئۆلارنىڭ بالا- چاقىلىرى، ئېرىنىڭ ئەل- ئاغىنە، دوست- يارانلىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىكى، دوست بىلەن دۈشمەنگە نەپرىتى ئېنىق بولۇشى لازىم. دۈشمەننى دوست، دوستنى دۈشمەن ھېسابلاش تولىمۇ ئەقىلسىزلىق ھېسابلىنۇر.

بىر كامىل مۇسۇلمان، ئايالنى دەپ ھېچقاچان ئاتا- ئانىلىرىغا ۋە ئۆز يېقىنلىرىغا قىلىنغۇسى ھۆرمەت- ئىكرامنى يەرگە ئۇرماس. شۇنداقلا تەربىيە كۆرمىگەنلىكى تۈپەيلى پەزىلەتسىزلىكى، ئادەمگەرچىلىكىنىڭ يوقلۇقى، يېقىنلىرىنى

ھۆرمەت قىلمىغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر نادان ئەرنىڭ ئايالى بولسىمۇ تەربىيە كۆرگەن بولسا، ھۆرمەت - ئىكرامىغا رىئايە قىلىشتىن باشقا بەتخۇي ئېرىنىمۇ ئەدەپ قانۇنلىرىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئامال قىلۇر. مېۋىلىك دەرەخلەر بىر- بىرىگە قوشۇلغان، بىنالار بىر- بىرىگە ياندىش بولغاندەك، بىر جان، بىر تەن بولغان يېقىنلارنىڭ ھۆرمەتلىرى، قوشنىلارنىڭ ھەققىلىرى بولىدۇ. بۇنى ھەر قانداق بىر كىشى بىلسۇن ۋە پىكىر قىلسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلىرىنىڭ يېتىم بالىلىرى بولغاندىمۇ، ئۇلارنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرۈپ تەربىيىلەش- ئۆستۈرۈش ئاياللار ئۈچۈن مۇھىم ئىشتۇر. بۇنىڭ بەدىلىگە كىشىلەرنىڭ رەھمىتىنى ئېلىپلا قالماي، ئاللاھنىڭمۇ رەھمىتىگە، ئېرىنىڭمۇ رازىلىقىغا نائىل بولغاي.

ئادەمنىڭ كۆڭلى نەقەدەر قاتتىق، ئاچچىقى يامان بولسىمۇ، ئۆز بالىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن خورلىنىشىغا چىدىمايدۇ. بەزىبىر ئۆگەي ئانىلار تەرىپىدىن زۇلۇم قىلىنغان بالىلىرىغا قاراپ، ئاتىلىرىنىڭ ئېغىز ئاچماي جىم تۇرۇشلىرى رازىلىقىغا ياكى بالىسىنى سۆيمىگەنلىكىگە ۋە ئايالىنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈشكە ئالامەت بولماس. بەلكى، ئۇنىڭ باشقا بىر تەرىپىمۇ باردۇر. پەرەز قىلىڭكى، بىر ئاتا ئۆزىنىڭ يېتىم بالىسىغا قاراش بىلەن بىرگە ئايالىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەن بولسۇن. ئايالىنىڭ ئاچچىق سۆزلىرى، زەھەرلىك كۆزلىرى، زەخمەتلىك مۇشتلىرى ئاستىدىكى بالىسىنىڭ ئېزىلىشىگە

قايغۇرمىسۇنمۇ دەيلى، بىراق يېتىم بالىنىڭ ئاھ-زارىنى باشقا ئاڭلىغۇچى يوقمىدۇ؟ ئەلۋەتتە بار. شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، بۇنداق ئاياللار ئۆزىنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرىغا بىر-بىرلەپ جاۋاب بېرىپلا قالماي، بەلكى باشقىلارغا قىلغانلىرىنىڭ ئىككى باراۋەر جاجىسىنى تارتىدۇ. يېتىمنىڭ ھەققى سۇ ئەمەس سىڭىپ كېتىدىغان، شامال ئەمەس تاراپ كېتىدىغان.

ئۆگەي بالىلارغا شەپقەتسىز بولغان ئاياللار ئايال ئەمەس، يىرتقۇچتۇر. ئۇ ئۆز بالىسىنىڭ باشقا بىر باغرى قاتتىق ئايال تەرىپىدىن خورلىنىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قارىغاندا، ئاندىن بۇ دېگەنلىرىمىزنىڭ چىنلىقىغا ئىشىنەر. يېتىملارغا شەپقەتسىزلىك قىلىش ئېغىر گۇناھ بولۇپ، يالغۇز ئۆگەي ئانىلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆگەي ئاتىلار ۋە شەپقەت بابىدىكى يېقىنلارغا، ھەممىسىرلەرگىمۇ تېگىشلىكتۇر. دېمەك، ئۆگەي بالىلارنى ياخشى ئۆستۈرۈپ تەربىيىلىگەن ئاياللارنىڭ ھۆرمىتى، مۇھەببىتى باشقىچە بەختىياردۇر. كۆزى ئوچۇق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۇ قاتتىق ئىبرەت بولۇپ قالسۇن. گەپنىڭ قىسقىسى، ئەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە باشلاپ مەجبۇسسەملەشتۇرۇشنى ئويلىغان بىر تەربىيە ئانىسى يېتىم-يېتىمە بالىلارغا، قېيىناتا، قېينانا ۋە ئەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنە، يار-بۇرادەرلىرىگە ھۆرمەت ۋە قەدىرلەش نىيىتىدە بولسۇن. تەربىيىلىك ھەم ئەقىللىق ئاياللار بۇ ھەقىقەتنى ئوبدان چۈشىنىپ قائىدە بىلەن يول تۇتسا، بۇ ئەمەللىرى

ئۈچۈن بۇ دۇنيادا راھەت، ئاخىرەتتە ئۆزلىرى ئويلىمىغان ئىنئاملارغا ئېرىشىدۇ. دەرۋەقە، بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاسماندىكى بۇلۇتقا ئوخشاش تارقىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ھاياتلىق ئۆمرىدە ئىگىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئاتا-ئانىسىغا خىزمەت قىلغان بالىنىڭ، ۋاقتى كەلگەندە بالىسىمۇ ئۆزىگە خىزمەت كۆرسىتىدۇ. قېيناتا بىلەن قېينانىغا خىزمەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئېرىنى چەتكە قاققان كېلىننىڭ كەلگۈسىدىكى كېلىنىمۇ شۇنداق قىلۇر، ئەلۋەتتە. شۇڭا «يەرگە نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن» دېگەن گەپ باردۇر.

## ھەمسۆھبەت

تەربىيىلىك ئاياللار ياخشى، پەزىلەتلىك ئاياللار بىلەن ھەمسۆھبەت قىلىپ، بۇزۇق، يامان تەبىئەتلىك ئاياللار سۆھبىتىدىن يىراق تۇرۇشى، ئۇلارغا نەپرەتلىنىشى لازىمدۇر. چۈنكى، ياخشىلار بىلەن بولغان سۆھبەت، دوستلۇق-ياخشىلىققا سەۋەب بولسا، يامانلار بىلەن بولغان سۆھبەت ۋە يېقىنلىق يامانلىققا، بۇزۇقچىلىققا سەۋەب بولىدۇ. يامان ئايال، ئايال ئەمەس بەجايىكى بىشەم شەيتاندۇر. بۇ خىل ئاياللارغا ئوچۇق چىراي ئاچماسلىق، ئۆيگىمۇ يولاتماسلىق كېرەكتۇر. «ئۆزۈم ياخشى بولغاندىكىن، ئۇنىڭ يامانلىقىنىڭ ماڭا نېمە

زىيىنى» دېيىلمىسۇن، شەيتان بىلەن بولغان دوستلۇقنىڭ قىلچىمۇ پايدىسى چىقماس، بەلكى زىيىنى چىقۇر، بۇنىڭغا ھەربىر ياخشى نىيەتلىك، تەربىيە كۆرگەن ئايال گۇمان قىلمىسۇن.

ئادەم بالىسىنى بىلىش كېرەك بولغاندا، ئەڭ ئاۋۋال «دوستلىرى كىملەر؟» دەپ سورىشىدۇ. ئارىلاشقان دوستلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇنداق ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ بىز دە: «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ ئالىسى» دېگەن گەپ بار. يامان ئاياللاردىكى ھىيلە-مىكىرگە شەيتانمۇ ھەيران قالغانىكەن. بۇنداق ئاياللار كىرگەن ئۆيدىن بەرىكەت كېتىشكە ئالدىرايدۇ. بىچارە ئادەم بالىسى نەقەدەر ئەقىللىق بولسىمۇ، گەپ-سۆزلەرگە ئىشىنىدۇ. چېقىمچى-پىتنىخور ئاياللارنىڭ مەقسەتلىك توشۇغان پىتنە-پاساتلىرىغا قۇلاق سالىدۇ. گەرچە ئىشەنمىسىمۇ، رەت قىلماستىن ئاڭلايدۇ. ئاڭلىغانسېرى گەپ يىپلىرى چۇۋۇلىدۇ... بىر مۇنچە ۋاقتىنى زايە قىلىدۇ. ئىشكتىن كىرىپلا ساختىپەزلىك بىلەن ئۆزىنى يېقىن قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەر بىلەن ئايال ياكى ياخشى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن ھەر خىل ئۆسەك تارقىتىش، قەسەم قىلىپ ساپ كۆڭۈللەرنى سوۋۇتۇش يامان، لولا، بىشەم، ئازازۇل ئاياللارنىڭ ئادەتلەنگەن مىجەزىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# سىر ساقلاش ھەققىدە

تەربىيىلىك ئاياللار ئۆز ئەرلىرىنىڭ مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن ساقلاشقا تېگىشلىك سىرلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەشتىن، پاش قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. سىرى پاش بولغان كىشى مۇراد-مەقسىتىگە كۆپ مۇشەققەت تارتىش يولى بىلەن ئېرىشسۇر ياكى ئېرىشەلمەس. شۇڭا، سىرنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش زىيانلىقتۇر. سىرنىڭ ساندۇقى كۆڭۈل، ئاچقۇچى تىلدۇر. ساندۇق ئاچقۇچنى ياخشى ساقلىمىغان، كۆڭۈل ئاچقۇچى بولغان تىلىنىڭ تىزگىنىنى ياخشى تۇتمىغان كىشى شۈبھىسىزكى ئەخمەقتۇر.

دېمەك، ئەرنىڭ سىرنى بىلىپ تۇرۇپ ياخشى ساقلىمىغان، باشقىلارغا پاش قىلغان ئايال ئېرىگە خىيانەت قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئۆز سىرنى ساقلىماي ئىككىنچى بىر ئادەمگە: «ساڭىلا دېدىم، زىنھار ھېچكىمگە دېمە» دېگەن ئادەم دۇنيادىكى ئىككى ئەخمەقنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئۆز سىرنى ئۆزى ساقلىيالمىغان ئەھۋالدا، باشقىلارنىڭ ئۇ سىرنى ساقلاشقا قانداقمۇ قۇربىتى يەتسۇن؟! بۇ تولىمۇ ئەقىلسىزلىقتۇر. باشقىلارنىڭ ئۇنۇلغان ئالتۇنلىرىنى ساقلاش، كىچىككىنە سىرنى ساقلاشتىن ئاسان، دېگەنىكەن بىر ئاقىل. سىر ساقلىيالمىغان

ئادەمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ خەلق ئىچىدە ئېتىبارىمۇ قالمايدۇ. ئېرىنىڭ سىرىنى باشقىلارغا ئاشكارىلىغۇچى ئايال، ئاياللىققا لايىق ئەمەستۇر.

سىر ساقلىيالايدىغان ئاياللارغا ئەرلىرى ئىختىيارسىز ئامراق كېلىدۇ. ئەرلىرىنىڭ سىرلىرىنى ساقلاش قاچانغىچە، ھەتتا ئۆلگۈچە شەرت قىلىنغان بولسا، تاكى شۇنىڭغىچە ساقلاش، تەربىيىلىك ئاياللارنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرچلىرىدىندۇر. بەزىبىر سىرلار ئىنسان يۈرىكى بىلەن بىللە كېتىدىغان بولسۇن.

# قانائەت ۋە شۈكرى قىلىش

تەربىيىلىك ئاياللار ھەر قانداق ۋاقىتتا قانائەتلىك بولىدۇر. قانائەت - قولىدا بارىغا ياكى تېپىلغىنىغا رازى بولۇش دېمەكتۇر. بۇ، ئەر - ئاياللار ئۈچۈن بىر سۈپەت ۋە سىناقتۇر. قانائەت بىر خەزىنىدۇركى، ئاسانلىقچە كېمەيمەس. نورمال ھاياتتىن رازى بولمىغان ئادەمگە تاغدەك بايلىقنى تاشلاپ بەرسىمۇ قانائەت قىلمايدۇ. قانائەتسىزلىك — ئادەم بالىسىدىكى بىر خىل ئاچ كۆزلۈك ۋە كېسەللىكتۇر.

ئاچ كۆزلۈك ۋە قانائەتسىزلىككە مۇپتىلا بولغان كىشى تۇرمۇشتا كۆپ مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولۇپلا قالماي، ئاخىرەتتىكى توغرا يولدىنمۇ ئادىشىپ قالارمىش. قانائەتسىز

كىشىنىڭ ھاجەتمەن بولىدىغان نەرسىلىرى كۆپ، ئاچ كۆزلىكى چەكسىز بولغانلىقتىن، نەپسى مۇرادىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ھەر دائىم يالغان سۆزلەيدۇ.

مۇبادا، ئىنسان ئۆزىدىن بىچارە ھالدىكى كىشىلەرنى دائىما كۆرۈپ، ھازىرقى ھالىدىن تېخىمۇ يامان بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى كۆڭلىگە كەلتۈرسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئەقلىنى يىغىپ بارىغا قانائەت قىلغان، ئىشلەپ تاپقان ئىقتىسادىنى ئېتىبار بىلەن تېگىشلىك جايغا سەرپ قىلغان، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن رازى بولغان ھەم شۈكرى قىلغان بولاتتى.

# ئۆزىنى تۇتۇش ھەققىدە

ئۆي ئىچىگە قاراش، يېمەك-ئىچمەك جەھەتلەردە تەدبىر كۆرۈش — ئاياللارنىڭ زىممىسىدىكى ئىشلادۇر. تەربىيىلىك ئاياللار ھەر بىر ئىشتا ئويلىنىپ، تەرتىپ بىلەن ئۆلچەپ ئىش قىلىدۇ. ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىدۇ. چۈنكى، دۇنيادا ياشىماق، بالىلارنى باشقىلارغا موھتاجسىز بىر ھالەتتە قالدۇرۇش مال ۋە بايلىققا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۆلگەن كىشى كېپەنگە موھتاج بولغاندەك، تىرىكلەرنىڭمۇ مال-دۇنياغا موھتاج بولۇشى شۈبھىسىزدۇر.

خۇسۇسەن، بىزلەر شۇنداق بىر زاماندىمىزكى، ئادەمنىڭ

ئېتىبارى ئۇنىڭ بايلىقىدا، خار بولۇشى كەمبەغەللىكىدىندۇر، ھالبۇكى، بايلىقنى تېپىش ئاسان ئەمەس. تاپقان بايلىقنى تۇتۇپ تۇرۇش قانداق ئىشلىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۆي ئىچىدە بولىدىغان خىراجەتلەر ۋە خىزمەتلەر ئاياللار قولىدىن ئۆتۈپ تۇرغىنى ئۈچۈن، ئەرلەردىنمۇ بەكرەك ئېتىبار بىلەن كۆڭۈل بۆلۈشى لازىمدۇر.

مەردلىك — ئەرلەر ئۈچۈن ياراشسىمۇ، ئاياللار ئۈچۈن ئەيىبراق سانىلىدۇ. مال-دۇنيانىڭ قەدرىگە يەتكەن ئايال نان ئۇۋاقلىرىغىچە دىققەت قىلىپ زايە قىلمايدۇ، ناننىمۇ ھاجەتتىن ئارتۇق سۇندۇرمايدۇ، نان پارچىلىرىنى خالىغان يەرگە تاشلىمايدۇ. نەزەرىمىزگە ئېلىنمىغان نان پارچىلىرى ئۈچۈن قانچىلىك ئەمگەك سەرپ قىلىنغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بىر بۇردا نان ئۈچۈن دۇنيادا بەزەن كىشىلەر جان بەرمەكتە. يەر يۈزىدە بىر پىيالە سۇ بىلەن بىر بۇردا نان ئۈچۈن پۇتۇن مۈلكىنى بېرىشكە تەييار تۇرغانلارنىڭ تېخى ھازىرمۇ بارلىقىنى كۆز يۇمۇپ ئىنكار قىلىش، ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىزلىق ياكى ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ!

تەربىيە كۆرگەن قىز-ئاياللار كىيىم-كېچەك، زىبۇزىننەت ئېلىشنى ئويلىغاندا «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن تەمسىلنى ئۆزلىرىگە بىر قائىدە بىلىپ ئەمەل قىلسۇن ۋە ئۇنى ھەر قاچان ئېسىدە ساقلىسۇن. دۇنيانىڭ ئۇچى ئۇزۇن بولۇپ ئاخىرىسى يوق، پۇل تېپىش ئاسان ئەمەس. ئاياللارغا نىسبەتەن

گۆرگەنلا نەرسنى ئېلش، بايۋەتچلەرنى دوراش، ئىسراپچىلىق ئىشىكنى ئاچقانلىقتۇر. ئىسراپخور ئادەمدە بايلىق ئۇزاق تۇرمايدىغانلىقى، بىر مەرتىۋە كېلىپ كەتكەن دۆلەتنىڭ قايتا يېنىپ كەلمەيدىغانلىقى بەرھەقتۇر. دۆلەت تۇتۇشنى بىلمىگەن ئايالنىڭ ئېرى كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ پۇل تاپسىمۇ، يەنىلا موھتاجلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ-دە، مىڭ ئىشلىسەمۇ بولۇشۇم شۇ تۇرسا، دەپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ بىچارە ئەر خارلىق-زەبۇنلۇقتا ھالاك بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۈرۈنقى زامانىمىزنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئايال-قىزلىرى ئۆز ئەرلىرىنى بۇ خىل يامان ئاقىۋەتتىن ساقلاش ئۈچۈن غايەت قانائەتلىك بولۇشقاندى. ئەرلىرى ئەتىگەن تۇرۇپ ئىشقا ماڭغاندا، ھارام ئىش قىلىپ قويماڭ، ئاچ قالساق سەۋر قىلايلىكى، ناتوغرا ئىش تۇپەيلى دوزاخ ئوتىدا كۆيمەيلى، دەپ تىلەك تىلەشكەن. ئاللاھنىڭ بۇ ئۇلۇغ زېمىندا ئاشۇ خىل ئايال-قىزلىرىمىز ھازىرمۇ باردۇر، بەلكىم كۆڭۈل كۆزى كۆرگەن ئادەم ئۈچۈن بۇ خىل ئالىيجاناب ئايالنىڭ ئېرى بولۇش — بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھى بولۇشتىنمۇ ياخشىراقتۇر. ئەگەر ئايال كىشى ئاچ-يالىڭاچ قالمىغىنىغا شۈكرى قىلىشىنىڭ ئورنىغا ئېرىنىڭ تەرلەپ-تەپچىرەپ تاپقان پۇلىنى تۇتۇشنى بىلمەي، ئۇدۇل كەلگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ، بۇزۇپ-چېچىپ تۈگەتسە ياكى كۈنلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويغان پۇللىرىنى كېرەك بولمىغان زىننەتلەر، زامانە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە سەرپ قىلىپ زايە قىلىۋەتسە، بۇ

بىچارە ئەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

ئۆز ھالىنى بىلمىگەن، بىرىلگەن نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالمىغان بۇنداق تەربىيە كۆرمىگەن ئايال بىلەن بىللە ياشىماق، جەننەت بىلەن جەھەننەم ئوتتۇرىسىدا توساق تام بولمىغانلىق بىلەن باراۋەردۇر.

شۇڭا، ئايال- قىزلىرىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ساۋاتلارنى، ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئىقتىساد باشقۇرۇش ۋە ئائىلە باشقۇرۇشتەك تىرىكچىلىك يولىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىتىش كېرەكتۇر. ئەقىللىق ھەم تەربىيىلىك بىر ئايال بار بولغان ھەر قانداق بىر ئۆي ھېچقاچان بىراۋغا موھتاج ياكى خار بولماس.

## پاكىزلىق — زىننەت دېمەكتۇر

تەربىيىلىك ئاياللار ئۆزىنىڭ ئۇستىۋاشلىرىنى دائىم پاكىز تۇتۇپ يۈرگىنىگە ئوخشاش، ئۆي ئىچىنىمۇ پاكىز- رەتلىك تۇتىدۇ. چۈنكى، پاكىز يۈرۈش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر.

تەربىيىلىك ئاياللار ھەر ۋاقىت ئەرلىرىگە ھۆسن- كامالەتلىك كۆرۈنگىنىدەك، ئۆي ئىچىنىمۇ پاكىز- رەتلىك تۇتۇش ئۇلارنىڭ يەنە بىر زىننىتىدۇر. «ئۆي ئىچىنىڭ مەينەت قالايمىقان تۇرۇشى خاراب بولۇشنىڭ بىر ئالامىتىدۇر». ئۆي ئىچىدە تەربىيىلىك بىر

www.uyghurkitap.com

ئايالنىڭ بارلىقىغا ئۆينىڭ پاكىزلىقى، يوقلۇقىغا بولسا ئۆينىڭ پاسكىنىلىقى دەلىل بولىدۇ. ئەرلەرگە قىزغىن كۆرۈنۈش ئۈچۈن پاكىز بولۇش، ئەھۋالغا قاراپ كىيىنىش، خۇش بۇي نەرسىلەرنى مۇۋاپىق سۈرۈش راۋا بولۇپ، پاكلىقتا خىلاپلىق ئەمەستۇر. شۇڭا، تەربىيىلىك ئاياللار ئەرلىرى خالىغان رەۋىشتە پاكىزلىقنى ئادەت قىلىپ، ساپ قەلبى بىلەن ئىتائەتلىك كېلۇر. ئەرلىرى يېنىدا خۇشال ھالەتتە، مۇلايىم سۈپەتتە تۇرۇپ، يامان پۇراق، بولمىغۇر قىياپەتتە كۆرۈنۈشتىن ساقلىنۇر. ئاياللارنىڭ تەربىيىلىك بولۇشلىرى پۈتۈن ئائىلە ئۈچۈنمۇ مۇھىم بىر ئىش بولغىنىدەك، كىيىنىش – زىننەتلىنىشمۇ يالغۇز ئەرلىرى ئۈچۈن بولۇشى كېرەكتۇر. ئەكسىچە، توي، باغچە، كۆڭۈل ئېچىشتەك سەيلە – تاماشىلارغا بېزىنىپ ـ ياسىنىپ بېرىپ، ئۆيلىرىگە – ئەرلىرى قېشىغا رىغبەتسىز قىياپەتتە كونا كىيىملىرىنى كىيىپ كىرگۈچى ئاياللار تەربىيىسىز ئاياللاردۇر.

ئەرلىرىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن پاكىزلىق كېرەك، دېدۇق. پاكىزلىق دېگەن نېمە؟ پاكىزلىق دېگىنىمىز — سائەتلەپ سوپۇنلاپ يۇيۇنۇش، ھەر كۈنى كىر يۇيۇش ئەمەس، بەلكى ھاجەت ۋاقىتلىرىدا كېچىكتۈرمەي يۇيۇنۇش، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن نەرسىلەرنى، ئەزالارنى پاكىز ھالىچە تۇتۇش دېمەكتۇر. ئەكسىچە، ئۆردەكتەك بىر تەرەپتىن سۇغا چۈشۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن پاتقاقتا چۆمۈلۈش ھەرگىز پاكلىق ۋە

پاكىزلىق ئەمەس. بۇنداق قىلىش ئىجىسلىقتىنمۇ يامان بىر سۇپەتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر تەرەپتىن تازىلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇلغىنىش، سۇ، ئوتۇن، سوپۇن، ۋاقىتنى زايە قىلىش دېمەكتۇر. گۈزەل كۆرۈنۈش ئۈچۈن كىيىنىش ۋە ياسىنىش راۋا ھېسابلانسىمۇ، لېكىن لايىقىدا بولۇش كېرەك. بەزەن ئەرسىلەر بىلەن ياسىنىش مۇناسىپ ئەمەس، مەسىلەن:

1. ئۆز چېچىغا باشقا كىشىلەرنىڭ چېچىنى ئۇلىماق. دۇكانلاردىكى چاچلارنىڭ كۆپىنچىلىرى يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلگەن ئاياللاردىن كېسىپ ئېلىنغاچقا، ئۇنى ئىشلىتىش خەۋپلىك. بۇ، ھەدىستىمۇ ئېنىق چەكلەنگەندۇر. شۇڭا، باشقىلارنىڭ چېچىنى تاقاش توگۇل يېقىن كەلتۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ.

2. يۈز-قوللارنى بوياش. بوياقلارغا زەھەرلىك ماددىلار قوشۇلغانلىقتىن، ياش ئاياللارنىڭ يۈز تېرىسىنى زەھەرلەپ، موماي‌لارنىڭ يۈزلىرىگە ئوخشاش قورۇق پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە زىننەتلەش (بوياق) مەقسەتنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل بوياقلارنىڭ بەزىلىرى كۆز بىلەن ئەقلىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ. مەسىلەن، تېرىمىزدىكى كىلىتكىلار ئارقىلىق ئىچكى ئەزالارغا ھاۋا كىرىپ تۇرىدۇ. تەر شۇ تۆشۈكچىلەردىن چىقىدۇ. سالامەتلىك ئۈچۈن بۇ تۆشۈكچىلەرنى تازا تۇتماق لازىم. بىراق، ئۇپا، بوياق قاتارلىق ئەرسىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن يۈز-قوللارنى بويىغاندا، تۆشۈكچىلەر ئېتىلىپ قالىدۇ-دە، سالامەتلىككە زىيان بولىدۇ.

3. چاچ تەڭگە تاقاش. چاچلىرىغا چاچ تەڭگە تاقاش، بويىنىغا كۈمۈش، ئالتۇن تەڭگىلەرنى ئېسىش زىيانلىق بولۇپ، بۇ نەرسىلەر ئېغىر بولغاچقا، باش ۋە بويۇنلارغا زىيانلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ نەرسىلەر ساپ پۇل بولغاچقا، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشۈپ، نىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، بۇلارنى ئېسىپ يۈرگەندىن كۆرە بۇ پۇللارنى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن ياخشى.

# ھايا ۋە ئىپپەت

ھايا ۋە ئىپپەت تەربىيىلىك ئائىلىلەرگە ئادەتتۇر، ئەرلەرگە سۆيۈملۈك كۆرۈنۈشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئەدەپسىز ئائىلىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ھاياسىز يۈرۈش-تۇرۇشلىرىغا ئار-نومۇسلۇق ھەر بىر ئەر كىشى نەپرەت قىلىدۇ. ئائىلى ھەر قانچە تېپىلمايدىغان پەرىزات بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نومۇسسىز بولسا، ئەرنىڭ شۇ سائەتتىن باشلاپ ئىخلاسى قايتىپ، مۇھەببىتى سوۋۇپ، نەپرەتلىنىشكە باشلايدۇ. چۈنكى، نومۇسسىزلىق بىلەن ھاياسىزلىق خەلق ئالدىدا ھېچقاچان ئەپۇ قىلىنمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئاللاھقىمۇ دۈشمەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تەربىيىلىك

ئاياللار بىر تەرەپتىن، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ خىل ھاياسىزلىقتىن يىراق تۇرىدۇ. ھايالىق-نومۇسچان كىشى نەقەدەر كەمبەغەل بولسىمۇ، كىشىلەر ئالدىدا ھۆرمەتلىنىدۇ. لېكىن، ھاياسىز-نومۇسسىز كىشىلەر قانچىلىك باي، قانچىلىك مەرتىۋىلىك بولغان بىلەنمۇ ئېتىبارى يوقتۇر.

شەرم-ھايا ئىسلام دەرىخىنىڭ بىر شېخى بولۇپ، شاخلىرى دۇنيادا بولسىمۇ، يىلتىزى جەننەتتىدۇر. بۇ شاخلارغا يېپىشقان زات ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تومۇرلىرىغىمۇ تۇتىشىدۇ. تەربىيىلىك ئاياللارنىڭ يۈزلىرىدە ئەكس ئەتكەن قىزىللىق ھايانىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ ئەرلەرنىڭ كۆڭلىگە چاقماقتەك تەسىر قىلىپ، مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ. غەيۋەت-شىكايەت، چېقىمچىلىق، ئۆسەك تېرىش ۋە يالغان سۆزلەشتەك بۇزۇق مىجەزلەر ھاياسىزلىقتۇر. تەربىيىلىك ئاياللار بۇ خىل يامان ئىللەتتىن خالىيدۇر. ئەگەر پەزىلەتلىك ئاياللار بۇ خىل ئىللەتكە ئۆز تەبىئىتىدىن ئورۇن بېرىدىكەن، گۇناھى ئىككى ھەسسە ئاشىدۇ. ئاتا-ئانىسىغا، ئېرىگە، يېقىنلىرىغا يالغان ئېيتقان ئايال ئەڭ ئۈچىغا چىققان بۇزۇق ھەم تەربىيىسىز ئايال ھېسابلىنىدۇ. پەزىلەتلىك كىشىلەر يالغانچىنى ئايال قىلىپ تۇتۇش تۇگۇل، ھەتتا خىزمەتچى قىلىپمۇ ئىشلەتمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# تەدبىر - غەيرەت

تەربىيىلىك ئائىلىلەر ئۆي ۋە ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەرتىپىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. تەرتىپ ـ ئىنتىزام ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆز جايىدا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەئىشەت ئىلمىنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان بابىدۇر. ئۆي لازىمەتلىكلىرى ئۆزىگە يارىشا جايىدا تۇرغاندا ئۇبدان ساقلىنىپلا قالماي لازىم بولغاندا ئاسان تاپقىلى بولىدۇ. ئائىلىلەرنىڭ تەربىيىلىك، ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەت نېمە؟ ئاشخانىسى پاكىز، يېمەك ـ ئىچمەك سايمانلىرى ساپ ۋە تازا، قاچا ـ قومۇچلىرى خۇددى دۇكاندىكىدەك تىگىشلىك ئورۇنلىرىدا بولۇشى، شۇ ئائىلىنىڭ ئىش بىلەرمەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ. دېمەك، ئائىلە كىشى تەربىيىلىك بولسا، ئۆيمۇ تەرتىپلىك، تەربىيىسىز بولسا، ئۆيمۇ تەرتىپسىز ھالەتتە بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قانچىلىك باي، قانچىلىك مەرتىۋىلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولسىمۇ، ئۆي ئىچىنى كۆزەتمەك، ھەر بىر نەرسىنى نازارەت قىلماق تەربىيىلىك ئائىلىلەرنىڭ ئادىلىق ۋەزىپىسىدۇر.

ئەگەر ئۆي ئىچىدە بۇ رەۋىشتە بىر كۆز بولمىسا، ھاجەتلىك

نەرسلەرگە مەخسۇس بىر نىزام بولمايدۇ-دە، جىددىي پەيتتە ئاددىي بىر نەرسىنى ئىزدەش ئۈچۈن بىر مۇنچە ۋاقىت ئىسراپ بولىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ھەر بىر ئۆيدە ھەر بىر سائەتتە پات-پات كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاشخانا ۋە ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەر توغرىسىدا نىزام تۈزۈپ، قائىدە بىلەن ئىش كۆرگەن ئايال ساماۋار قويغۇدەك بولسا، بەش مىنۇتتا داستىخان ھازىرلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، بەش مىنۇتتا ئەمەس بەش سائەتتىمۇ ساماۋاردىن تاۋۇش چىقمايدۇ. كۈتۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ تاقىتى تۈگەپ كېتىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا بىر قەپەس جېدەل چىقىدۇ. ئۆينى ۋە ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تەرتىپكە سالمىغان ئايالنىڭ قىلغان ئىشى، شەيتاننىڭ بوينىغا مىنىۋېلىپ ناخشا ئېيتقان ئادەم بالىسىنىڭ تۈگىمەس ناخشىسىغا ئوخشاش قىزىقى يوق، ئاخىرى چىقماستۇر. بۇخىل تەرتىپسىز رەۋىشتە مېھمان كۈتكەن ئايالنىڭ ئۆزىمۇ ئورۇنسىز جاپا چەككەچكە، ئېرىدىنمۇ رەھمەت ئالالماي، ئاخىر ھاياتلىق لەززىتىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئايال كىشى دېمەك — بىر ئۆينى قائىدە-تەرتىپ بىلەن تۇتقۇچى دېمەكتۇر. ئۇنداق قىلماي، ئىشلەيدىغان ئادەملىرىم بار، دەپ كۆرپىدە ئولتۇرۇپ سېغىز چاينىسا، قوشنا ئاياللارنى يىغىپ گەپ ساتسا، ئۆتكەن-كەچكەنلەر ھەققىدە سۆز تاراتسا ۋە ئەل ئارىسىدا بولغان ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تېتىقسىز ئايالدىن نېمە پەرقى؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# سالامەتلىكنى ئاسراش ھەققىدە

سالامەتلىك بىر چوڭ بايلىقكى، ئۇنىڭ ھەققى ھېچقاچان ئادا بولماس. پۈتۈن دۇنياغا پادىشاھ بولغان بىلەنمۇ، تەن ساق بولمىسا ئۇنىڭ نېمىگە كېرىكى؟!

كېسەلنىڭ تۈرلىرى كۆپ، سەۋەبلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، تەجرىبە ئارقىلىق بەزىلىرىنىڭ سەۋەبلىرى باردۇر. كېسەللىك سەۋەبلىرىدىن مۇمكىنقەدەر ساقلانماسلىق ئاللاھتىن ئېھسان قىلىنغان سالامەتلىك نېمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلىشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئاياللار سالامەتلىككە زىيان قىلىدىغان نەرسىلەردىن ئالاھىدە ساقلىنىدۇ. بەزى ئاغرىقلارنى داۋالاشنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئايالارنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، شەپقەتلىك بولغاچقا، كېسەلنى ئوبدان، مۇلايىملىق بىلەن كۈتۈشنى بىلىدۇ.

سالامەتلىككە زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغانلىرى، بەدەن قىزىغاندا ۋە مۇزلىغاندا سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك، كۆمۈر ئىسىدىن ساقلىنىش، ئۆي ۋە ئورۇننى نەملىكتىن ساقلاش، مايلىق تائاملارنى كۆپ يېمەسلىك، كەيپ قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچمەسلىك، قىمار ئوينىماسلىق، زىنا قىلماسلىق، چېكىملىك چەكمەسلىكتۇر. سالامەت بولۇش ئاساسلىقى بەدەن، كىيىم-كېچەك، تۇرغان ئورۇننى پاكىز

تۇتۇش، تازىلىقتا رىئايە قىلىش، تەنھەرىكەت قىلىپ بېرىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

ئەخلاقىي پەزىلەتنى مەدھىيىلەش يولىدا بىر خىزمەت بولۇپ قالسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن يازغان «تەربىيىلىك ئاياللار» دېگەن رىسالىمىز تامام بولدى. كۆڭلىمىزدىكى باشقا ئويلىغانلىرىمىزنى يەنە يېزىش ئۈچۈن ئاللاھتىن مەدەت تىلەيمىز.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلھەمىد ياقۇپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997-يىللىق (2-3-) سانىدىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# تۇرمۇش ئەدەبلىرى

مۇئەللىپە تەرپىدىن

مەلۇمكى، كۆپچىلىك تۈرلۈك - تۈمەن پىكىر - ئەندىشىلەر بىلەن بەند بولۇپ ياشايدۇ. بۇ خىل پىكىر - ئەندىشىلەر مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن بەربىر ئۇنىڭ ساھىبىغا پۈتۈنلەي گۈزەل كۆرۈنۈشى، ئاجايىپ تۇيۇلۇشى تەبىئىي بىر ھالدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەندىمۇ بىر پىكىر بار، ئۇ شەرىئەت بىلەن ئەقلگە مۇۋاپىق بولغىنى ئۈچۈن، بۇ پىكرنى توغرا دەپ بىلىش ئۈچۈن بىللە، مۇتلەق ئېتىقاد قىلماقتىمەن. بۇ پىكىر جىنسدىشىمىز بولغان خوتۇنلار تائىپىسى ئارىسىدا ئىلىم - مەرىپەت تارقاتماق، ئۇلارنى مەلۇمات ساھىبلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

چۈنكى، دۇنيادا مەۋجۇت بولغان ئىنسانلارنىڭ يېرىمى خوتۇنلاردۇر. ئائىلىنىڭ بەختلىك، سائادەتلىك بولۇشىمۇ خوتۇنلارنىڭ ئەقىللىق، ئىلمىي بولۇشىغا باغلىقتۇر. ئۇلارنىڭ

تەربىيىلىرى ئارقىلىق دۇنيادا ئۇلۇغ زاتلارنى يېتىشتۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

ئەگەر خوتۇن كىشى ئوقۇغان بولسا، شەك-شۈبھىسىزكى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، ۋەزىپىسىنىڭ نېمىدىن ئىبارەتلىكىنى بىلىدۇ-دە بالىلىرىنى پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. ئېرى بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ بەختلىك ھايات كەچۈرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنىڭمۇ، ئېرىنىڭمۇ، بالىلىرىنىڭمۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە روھى خۇرسەن بولىدۇ.

مەن ۋەتىنىمىزدىكى خوتۇن-قىزلارغا «تۇرمۇش ئەدەپلىرى»نى بايان قىلىپ، ئۇشبۇ رىسالىنى ئۆز تىلىمىز بىلەن يازدىم. ئاللاھ خالىسا، بۇ رىسالە ھېچبولمىغاندا بەزى جىنسداشلارغا پايدىدىن خالىي بولماس، دېگەن ئۈمىدتىمەن. ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايىدۇر.

— ئالىمە ئولبەنەتخان

## خوتۇنلار بىلەن ئەرلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئەدەپ ھەققىدە

تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، خوتۇنلارنىڭ گۈزەل خۇلق-مىجەزلىك بولۇشى سەۋەبلىك ئەرلىرىمۇ گۈزەل خۇلقلۇق

www.uyghurkitap.com



بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر خوتۇنلار يامان خۇلقلۇق بولسا، ئەرلىرىنىڭ خۇلقىمۇ شۇنىڭغا قاراپ بۇزۇلىدۇ ۋە يامانلىشىدۇ. ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدا بولغان تۇرمۇش ھاياتىدا ئۆز ئارا كېلىشىش بولمىسا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەت، زور بىئاراملىق بولىدۇ - دە، نەتىجىدە تۇرمۇشنىڭ لەززىتى كېتىپ، خاتىرجەملىك تۈگەيدۇ. چارە - تەدبىرمۇ نەتىجە بەرمەستىن، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك پەيدا بولۇپ، بالىلارنىڭ تىنچلىقى يوقىلىپ، ئەدەپ - ئەخلاق دائىرىسىگە سىغمايدىغان غەيرىي ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، تۇرمۇشنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش بىرىنچى بولۇپ خوتۇنلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشى، ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى لازىمدۇر.

ئەرلەر بىلەن ئىناق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خوتۇنلار مۇنۇ ئىككى تۈرلۈك نەرسىنى ئېتىبارغا ئېلىشى لازىم:

بىرىنچىسى، ئەرلىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ئوبدان بىلىشى، بىلىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم سىنىشى ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىش كۆرۈشى لازىمدۇر. يەنى ئەر بولغۇچى كىشى قانداق ئىشلاردىن خۇرسەن بولىدۇ، قانداق ئىشلاردىن كۆڭلى قالىدۇ، قانداق ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، نېمىدىن كۆڭلى بۇزۇلىدۇ، بۇنى بىلىش، ھەر ۋاقىت ئەرلىرىنىڭ تەبىئىتىنى ئېنىق بىلىپ، ئۇلارنىڭ ياقتۇرىدىغانلىرىنى قىلىشلىرى، ياقتۇرمايدىغانلىرىنى مۇمكىنقەدەر قىلماسلىقلىرى لازىمدۇر.

ئىككىنچى، ئەرلىرىگە ئىتائەتلىك خوتۇنلار توغرىسىدىكى ياخشى خەۋەرلەرنى ھەمدە ئىتائەتسىز خوتۇنلار ھەققىدىكى يامان خەۋەرلەرنىمۇ بىلىپ تۇرۇشلىرى لازىمدۇر. شەرىئىتىمىز ئىتائەتلىك خوتۇنلارغا «تۆبىدان خوتۇن» نامىنى بېرىپ، ئەمەللىرى بەدىلىگە كۆپ ساۋابلارنى تاپىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلسا، ئىتائەتسىز خوتۇنلارنى «بىشەم، لولا، ئۇياتسىز خوتۇن» دەپ ئاتاپ، دۇنيادا كۆرگەن مۇشەققەتلىرىدىن ئارتۇق ئازابلارنى ئاخىرەتتە كۆرىدىغانلىقىنى بېشارەت قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) : ئەگەر بىر خوتۇن تېگىشلىك بولغان پەرزلەرنى ئۆتەپ، ھارام ئىشلاردىن ساقلانسا، ئېرىگە قانائەت قىلسا، ئۇنىڭ ئورنى جەننەتتە بولىدۇ، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. لېكىن، ئەر بولغۇچى ئۆز خوتۇنىنى بىرەر گۇناھلىق ئىشلارغا بۇيرۇسا ياكى زورلىسا، ئايال بۇنى قوبۇل قىلماسلىقى لازىمدۇر. ئەلۋەتتە. ئاللاھمۇ گۇناھ قىلغان بەندىنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلا قوبۇل كۆرمەيدۇ.

مۇبادا، بىرەر ياخشى خوتۇن ئۇشبۇ رەۋىشتىكى بۇزۇق ۋە گۇناھلىق ئىش-ھەرىكەتلەرگە مەجبۇرلىغۇچى ئەرگە مۇپتىلا بولۇپ قالسا، مۇمكىنقەدەر سەۋر قىلىپ ئاللاھدىن ئېرىگە ئىنساپ-تەۋپىق تىلەپ دۇئا قىلسۇن، بۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمىسە، ئۇنداق ئەردىن ئايرىلىش يولىنى كۆرۈشكە شەرىئەت تەرىپىدىنلا ئەمەس، جەمئىيەت تەرىپىدىنمۇ رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئەرلەرگە يېقىشنىڭ شەرتلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەتتۇر: بەدەن، كىيىم-كېچەكلەرنى سېسىق پۇراقلاردىن، چاڭ-توزان ۋە مەينەتچىلىكتىن پاكىز تۇتماقتۇر. ئەرلەرنى رازى قىلىش مەقسىتىدە بۇ ئىشلارنى قىلماق شەرىئەت بابىدىمۇ ياخشى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا مۇۋاپىق بىر ئەرەب خوتۇنىنىڭ قىزىنى توي كۈنى كۈيئوغلىغا تاپشۇرغان ۋاقتىدىكى ئېيتقان نەسىھەتلىرىنى بۇ يەردە يېزىپ كەلتۈرىمىز. بۇ ئەرەب خوتۇنىنىڭ نەسىھەتلىرى بىزنىڭ قىزلىرىمىزغىمۇ ئېيتىشقا لايىقتۇر. نەسىھەتنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق پاساھەتلىكتۇر.

ئۇ دېدىكى: «قىزىم! ئۆلپەت بولغان ئۆيىڭدىن چىقتىڭ، بىلمىگەن تۆشەككە كىردىڭ، تونۇمىغان كىشىگە يولداش بولدۇڭ. ئەمدى ئۇشبۇ يولدىشىڭغا سەن يار بولغىن! ئۇ ساڭا كۆك بولۇر (سېنى ھىمايىسىگە ئالىدۇ)، سەن يەر كەبى ئاستىدا تۇر (بارلىقىڭنى ئاتاپ ئۇنى يۆلە)! ئۇ ساڭا كۆك شەكلىدە سايە بولۇپ تۇرۇر ۋە شىپالىق يامغۇرلىرى بىلەن كۆك يەرنى راھەتلەندۈرگەنگە ئوخشاش، ئۇمۇ ساڭا مەرھەمەتلىك بولۇر. سەن ئۇنىڭغا تۆشەك بول! ئۇ ساڭا تىرەك بولۇر؛ سەن ئۇنىڭغا كېنىزەك بول! ئۇ ساڭا قۇل بولۇر. مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئۇنى زورلىما! چۈنكى، بۇنداق ئىش ئاچچىققا سەۋەب بولۇر. ئۇنىڭدىن يىراق بولما، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇلدۇرىسەن. ئۇ قانچە يېقىن بولسا، سەنمۇ شۇ قەدەر يېقىن بول. ئۇنىڭ بۇرنىنى ئەسكى ۋە سېسىق پۇراقلاردىن، قۇلىقىنى يامان،



www.uyghurkitap.com

شەخسىيىتىگە تېگىدىغان زەھەرلىك سۆزلەردىن ساقلا. پاك ۋە پاكىزلىققا ئادەت قىل، سەندىن ھەر ۋاقىت خۇش بۇيلۇق كېلىپ تۇرسۇن. سۆزۈڭنى شېرىن، يۈزۈڭنى ئوچۇق قىل، ئېرىڭ ياخشى ۋە مۇلايىم سۆزلەردىن باشقا نەرسىنى سەندىن ھېچقاچان ئاڭلىغۇچى بولمىسۇن. كىر كىيىم ۋە رىغبەتسىز قىياپەت بىلەن ئېرىڭ كۆزىگە كۆرۈنمە. ئادەتتىكى كۆرۈنۈش چاغلىرىدا ئېرىڭ سېنى رىغبەتسىز رەۋىشتە كۆرمىسۇن، بەلكى گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان خۇشخۇي چىرايىڭ بىلەن كۆرسۇن».

خوتۇنلارغا يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش لازىمكى، ئەر بىرەر ئىش بىلەن بەند بولۇپ، بىقەستەن خوتۇنىغا ئاچچىقلانغان چاغلىرىدا خوتۇن كىشى سەۋر قىلىپ، ئاچچىقىنى يۇتۇپ جىددىشى ياكى ئۆزىگە ئېلىپ كەتمەي ئۆتكۈزۈۋېتىشى ھەم خەيرلىك ئۈمىد كۈتۈشى لازىمدۇر.

ياخشى خوتۇنلار ئەرلىرىنىڭ كۆزى چۈشكەندە ئوچۇق چىرايى بىلەن خۇرسەن قىلىپ، تاپشۇرغان خىزمەتلىرىنى ئىخلاس بىلەن قوبۇل قىلىپ ئورۇندايدۇ. ئەرلىرى سەپەردە بولسا، ئۆزىنى، ئۆيىنىڭ مال-مۈلكىنى ئوبدان ساقلايدۇ، پەرز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەيدۇ، ئۆزىنى ساداقەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىكتىن پاك تۇتىدۇ. قىلغان خىزمەتلىرى بىلەن ئەرلىرىگە مىننەت قىلمايدۇ. ئەرلىرىگە ئۆز ۋاقتىدا يېمەك-ئىچمەك ھازىرلاپ، كىيىملىرىنى يۇيۇپ، پاكىز كىيدۈرۈپ، ئائىلىدىكى سەرپ-خىراجەت خۇسۇسىدا ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىگە

قايغۇ ـ ھەسرەت سالمايدۇ؛ ئەرلىرىگە قاتتىق ئاۋازدا بىلەن سۆزلىمەستىن، بەلكىم مۇلايىم، ئوچۇق چىراي، لاتاپەتلىك سۆزلەيدۇ. ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كەتمەيدۇ؛ ھەتتا ئاتا ـ ئانا ۋە ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا بارغاندىمۇ ئەرلىرىدىن سوراپ، رۇخسەت بىلەن بارىدۇ. پۇلنى بىكارغا ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئىسراپ قىلمايدۇ، ئارتۇقچە خىراجەت قىلمايدۇ؛ ھەتتا ئەرلىرىدىن بىسوراق مالدىن سەدىقە بەرمەيدۇ. مۇبادا ئەرلىرىنىڭ باشقا خوتۇندىن بولغان باللىرى بولسىمۇ، ئۇلارغا زۇلۇم سالمايدۇ.

سۈپەتلىك ـ بەلەن خوتۇنلار گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا يۈزىدە ھەر ھالدا باردۇر. بۇ خىل ئالىيجاناب خوتۇنلارغا توغرا كەلگەن ئەرلەردەك بەختلىك كىشى ھەرگىزمۇ بولماس.

ئەگەر خوتۇنلارنىڭ ئالىيجاناب بولۇشلىرىنى ئىزدىسەك، ئۇلارنى بەختلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرسەك، ئۇنداقتا قىز بالىلارنى ياخشى مۇئەللىملەردە ئوقۇشقا ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيلەشكە ئىنتىلىشىمىز كېرەك. ئالىي تەربىيە كۆرگەن قىزلار ۋاقتى كەلسە ئەرلىرىگە ئەقىل كېڭەشچى بولۇپلا قالماي، بالىلارنى ياخشى تەربىيلىگۈچى ئانا بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا ئەرلىرىنىڭ ئۇتۇقلىرىنىڭ سەۋەبچىسى، مال ـ مۈلكىنىڭ قاراۋۇلى ۋە ئەرلىرىدىن بەكرەك بۇيۇم يىغىدىغان تىرىشچان باشقۇرغۇچى بولۇپ قالىدۇ.

# ئوسال خوتۇنلار

ئوسال ۋە بشەم خوتۇنلارنىڭ ئادەتلىرى يۇقىرىدا ئېيتقان ياخشى نىيەتلىك خوتۇنلارنىڭ ئادەتلىرىدىن تامامەن باشقىچە بولىدۇ. بشەم خوتۇنلار يوق نەرسىلەر ئۈچۈن ئەرلىرى بىلەن ئۇرۇش-جېدەل قىلىدۇ. ئەرلىرى بىرەر ئىشنى بېجىرەلمىسە، ئۇزاققىچە جېدەل قىلىپ ئارام بەرمەيدۇ. ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە كۈچەيدۇ. ئەرلىرى گەپتىن قالمىغۇچە ياكى ئۆيدىن چىقىپ كەتمىگۈچە، قۇلاق-مېڭىسىنى يەپ ساراڭ قىلىۋېتىدۇ. ھە دېسە قىلغان ئىشلىرىنى پەش قىلىپ، ئۆلگۈچە مىننەت قىلىدۇ. ئەرلىرىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلارنى ئىنكار قىلىدۇ. ھەتتا ئۇيالماي نومۇسسىزلارچە: «مەن سېنىڭدىن ھېچبىر ياخشىلىق كۆرمىدىم، ئىسىت، سەن بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈمگە» دەپ ئاجراشماقچى بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق خوتۇنلار ئۆزلىرىنى بەختسىز قىلغىنىنى ئاز دەپ، ئەرلىرىنىمۇ ھەسرەتتە قالدۇرىدۇ. باللارنى يېتىم قىلىدۇ. ئەپسۇس، ئۇلار بۇ خىل ئوساللىقتىن كۆزرە، ئەرلىرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەي، سىلىق-سىپايىلىق بىلەن ئۆز مەقسىتىنى چىرايلىقچە دېسە، ئەرلىرىنىڭ ئىخلاس ۋە مۇھەببىتىنىڭ ئېشىشىغا سەۋەب بولۇر ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



# ئەرلەر

تۇرمۇش ۋە مەئىشەت ئەرلەر بىلەن خوتۇنلار ئارىسىدا ئورتاق بىر ئىش بولغىنى ئۈچۈن، خوتۇنلار توغرىسىدا يازغىنىمىزدەك، ئەرلەر توغرىسىدىمۇ ئاز-تولا گەپ قىلماق لازىمدۇر. شۇڭا، بۇ ماۋزۇدا ئەرلىرىمىز ھەققىدە مۇنازىرە قىلىمىز.

ئەرلەرنىڭ ئەقلى، جىسمانىي قۇۋۋىتى خوتۇنلاردىن ئارتۇقلۇقىدا شۈبھە يوقتۇر. شۇنداق ئىكەن، دۇنيا ۋە تىرىكچىلىكنىڭ ئەڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىگە نىسبەتەن زەئىپ بولغان خوتۇنلار سەۋر قىلغان ۋە تۇرمۇش قۇرغان ئەھۋالدا ئەقىللىق ھەم قۇۋۋەتلىك بولغان ئەرلەر ھەر ئىشتا ئادىل بولمىغاندا بەكمۇ ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. خوتۇنلارغا شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن ئۆتكەن سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلىش لازىمدۇر. رەسۇل ئەكرەمدىن «سىزنىڭ ياخشى نىيەتتە بولغىنىڭىز — خوتۇنىڭىزغا ياخشى بولغىنىڭىزدۇر» دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىس كۆچۈرۈلگەن. يەنە رەسۇل ئەكرەمدىن: «مۆمىنلەر ئارىسىدا قانداق مۆمىنلارنىڭ ئىمانى كامىل بولۇر؟» دەپ سورىغاندا، «خوتۇنىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلارنىڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەرلەر ئۆز ئائىلە- جەمەتلىرىگە نىسبەتەن پادىچىغا ئوخشايدۇ. ئوتلاقتا يۈرگەن هايۋانلارغا پادىچى مەسئۇل بولغىنىغا ئوخشاش، ئائىلە- جەمەت ئىشلىرىدا بولىدىغان ئىشلارنى ئەرلەردىن سوراش، پىكىر ئېلىش زۆرۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەر خوتۇنلارنىڭ ئىچكى- تاشقى تەرەپلىرىنى يەنى كۆڭۈل- خاراكتېرىنى تەربىيىلىمەك قائىدىگە چۈشۈرمەك، ئوچۇق چىراي ۋە ئوچۇق سۆز بولماق كېرەك.

بەزى ھېكمىلەر (ئەھۋالنى توغرا بىلگۈچىلەردىن رىۋايەت قىلىشىچە) ئەھلىگە ئوچۇق چىراي بولمىسا، تېگىشلىك ۋاقتتا مۇرەسسە قىلمىسا، ئۇل كىشىدىن تۇرمۇش لەززىتى كېتىپ قالىدۇ. بۇ تەجرىبە بىلەن ئىسپاتلانغان توغرا ھەقىقەتتۇر.

تۇرمۇش بەختلىك بولسۇن دەپ نىيەت قىلغان ھەر بىر كىشى ئۆز خوتۇنىنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئۆز تەبىئىتىنى بىر ئورۇنغا قويۇپ، ئىككى تەبىئەتنى بىر- بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلىشى لازىمدۇر. ئاشۇنداق چارە- تەدبىرلىك ئەمەلىي خىزمەتلەرنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىككى ئارىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىلىم- پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ بۇيرۇغان ۋە ئۆزلىرى ئىزچىل ئەمەل قىلغان ئادەت- ئىشلىرىغا ئەگەشمەك مۇناسىپتۇر. چۈنكى، ئەر بىلەن خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى تۇرمۇشنىڭ نازۇك قائىدىلىرىنى بايان قىلىپ ئېيتىلغان سۆزلەر ۋە يېزىلغان كىتابلار ھېسابسىز كۆپ بولۇپ، ئۆتمۈش تارىخىمىزنىڭ، ئۆزۈن ئەسىرلىك تەجرىبە- ساۋاقلىرىمىزنىڭ

بۈيۈك يەكۈندۇر. شۇ جۈملىدىن مەشھۇر ئالىم، رەھمەتلىك پەقىر ئەبۇلەيس خوتۇنلارنىڭ ئۆز ئەرلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: ئەرلەر ئۆز خوتۇنلىرىغا ھالال يېگۈزۈپ، ھالال ئىچكۈزۈپ، ھالال كىيىندۈرسۇن، ئۇلارغا جاپا ۋە زۇلۇم قىلمىسۇن، مۇبادا ئۇلار گەپ ئاڭلىمىسا، ئەدەپسىزلىك قىلسا، سەۋر قىلىپ، نەسىھەت قىلسۇن. ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرسۇن، قىسمەنلىرىنى بولسا بىلمەسكە سالسۇن، دېگەنىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۆي ئىچىدىكى بارلىق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى خوتۇنلار باشقۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۆي سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەر كۈنى كۆپ قېتىم ئۇلارنىڭ مۇبارەك قوللىرىدىن ئۆتىدۇ. ئىشلىتىش جەريانىدا ئۇ سايمانلارنىڭ بەزىلىرى بولۇپمۇ قاچا-قۇچىلار سۇنۇپ ياكى بۇزۇلۇپ كېرەكتىن چىقسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەپسىزلەرچە غەزەپلىنىش ئەرلەرگە ئەسلا مۇناسىپ ئەمەستۇر. ئەرلەرمۇ خوتۇنلارغا ئوخشاش بۇ خىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ سۇندۇرغان ھەم بۇزۇپ كېرەكتىن چىقارغان بولاتتى. شۇڭا، بۇنداق تاسادىپىيلىق چاغلاردا ئاياللارنى مۇتلەق ئەپۇ قىلىش لازىمدۇر. شىجائەتلىك ساھىبقىران ھەزرىتى ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «خوتۇنلار مېنى گۇناھتىن ساقلاشقا سەۋەبچى بولدى، ئۆيۈمگە كۆيۈنۈپ مېلىمنى باقتى، باللىرىمنى

ئىمتىپ، كىيىملىرىمنى يۇدى، تاماقلىرىمنى ئېتىپ، نانلىرىمنى يېقىپ، باللىرىمنى تەربىيىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلار سەۋەنلىك ئۆتكۈزسىمۇ كەچۈرىمەن». مادامىكى، سىزلەرنىڭمۇ خوتۇنلىرىڭىز شۇنداق بولمىسا. شۇنداق ئىكەن، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پەزىلىتى ئەرلىرىمىزگىمۇ ئۈلگە بولۇشقا مۇناسىپتۇر، ئەلۋەتتە.

# قىينانا بىلەن كېلىنلەر ئارىسىدا بولىدىغان قائىدە ھەققىدە

ئىسلام شەرىئىتىدە ئىلىم ـ پەننىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا: «ئۆزۈڭگە راۋا كۆرگەننى ئۆزگىگىمۇ راۋا كۆرگىن» دېگەن بىر قائىدە بار. كېلىنلەر ھەققىدە سۆز قىلغاندا بۇ قائىدىنى خاتىرىدە تۇتۇش كېرەك بولغاچقا، شۇڭا سۆز بېشىدا ئۇنى زىكرى قىلدۇق.

قېينانىلار كۆپ ياشىغان ھۆرمەتلىك كىشىلەر بولغاچقا، ئۇنى تۇتۇشنىڭ قائىدە ۋە چارە ـ تەدبىرلىرى ئارقىلىق كېلىنلەرنى ياخشى ئادەتلەرگە، قىز باللارنى بولسا گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتلەرگە ئۆگىتىشلىرى لازىمدۇر. بولمىسا كېلىنلىرىگە

www.uyghurkitap.com

جەبىر- جاپا، قىزلىرىغا كەلگۈسىدە بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ. بۇ ئەيىب بولۇپلا قالماي بەلكى گۇناھتۇر.

شۇ كۈنلەردە كۆز قارىچۇقىڭىزدەك كۆرۈپ ئۆستۈرۈۋاتقان قىزلىرىڭىز بىر كۈنلەردە سىزنىڭ تەربىيىڭىزدىن ئايرىلىپ چەت يۇرتلارغا، بىلمىگەن- كۆرمىگەن كىشىلەر ئارىسىغا چۈشۈپ كېلىن بولۇپ كېتىدۇ، بەلكىم كەتكەندۇر. شۇنداق قىزلىرىڭىزنىڭ خۇش تىرىكلىك بىلەن بەختلىك ئۆمۈر ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز نەقەدەر شادلىنىپ، نەقەدەر سۆيۈنىسىز. مادامىكى، ئۇلارنى ئاياغ ئاستىدا، جەبىر- جاپا ئىچىدە كۆرگۈدەك بولسىڭىز قان ياشلىرىڭىزنى تۆكۈپ قايغۇرىسىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟! سىزگە كېلىن بولۇپ چۈشكەنلەرمۇ بىراۋلارنىڭ كۆز قارىچۇقى، ھاياتىنىڭ سەمەرىسىدۇر. ئۇلارمۇ سىزلەرگە ئوخشاش قىزلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئىستەيدۇركى، ھېچقاچان قايغۇلۇق خەۋەرلەرنى ئاڭلاشقا رازى ئەمەس! شۇڭا، سىز قېيىنانىلار ياخشى كۆرگەن، سۆيگەن نەرسىنى باشقىلارغا ھەم سۆيۈشنى ئۆگىتىشىڭىز لازىمدۇر. بۇ بىر ئەقىلدۇركى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس. بەزىبىر قېيىنانىلار باركى، كېلىنلىرىنى ھەر ۋاقىت خارلايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى، سۆز- ھەرىكەتلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىپ ھە دېسىلا ئەيىبلەيدۇ. پۇرسەت كەلگەندە ئوغۇللىرىغا يامانلاپ ئۇستىدىن بولار- بولماس سۆزلەپ، يامان كۆرستىشكە تىرىشىدۇ. نەتىجىدە ئوغلىنى

خوتۇنىدىن ئاجرىششقا دەۋەت قىلىدۇ، ئاجراشمىسا، ئۆيى ئايرىشقا زورلايدۇ. يېمەك-ئىچمەكتىنمۇ قىسىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئورۇنسىز رەۋىشتە بىر خانداننىڭ بەختى سورۇلۇپ كېتىدۇ، ئوتتۇرىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ، ھاياتلىرى تەمسىز، دۇنيالىرى لەززەتسىز تۇيۇلىدۇ. ئاخىر بۇ ئائىلە ئادەملىرى ئىناقسىزلىقتىن تارقىلىپ خانىۋەيران بولۇپ كېتىشىدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭ ئەسلىي سەۋەبى قېينانىنىڭ پەزىلەتسىزلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. دۇنيادا، بولۇپمۇ تۈت-بەش كۈنلۈك قىسقىغىنە ئۆمرىدە ئەمدى چېچەكلەشكە، مېۋە بېرىشكە تەييارلانغان ياشلارنىڭ شېرىن ھاياتىغا زەھەر قوشۇپ، بەختكە زامىن بولغان ئەقىلسىز خوتۇنلارغا مەيلى ھايات ۋاقتىدا بولسۇن، خاھى ئۆلگەندىن كېيىن بولسۇن ھېچكىم سېغىنىش بىلەن قارىمايدۇ، رەھمەت بىلەن يادلىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار سېغىنىدىغانلارنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ-مۇزلىتىپ كەتكەن.

ئەمما، ياخشى قېينانىلارنى ھەر قانداق كىشى ماختاش، ئەسلەش، سېغىنىش ۋە مىننەتدارلىق بىلەن يادلاپ تۇرىدۇ. باشقىلارغا ئىبرەت، ئۆرنەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇلار جۈملىسىدىن بىرى مېنىڭ قېينانام تۇتىيە پەيزۇللا قىزىدۇر (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) . ئۇ ئۆي ئىچىدە ئەقىل-شەپقەت بىلەن تەدبىر كۆرسەتكەندە باشقىلار ئۇنىڭ ئىلىم-بىلىملىرىدىن لەززەت ئالاتتى. كېلىنى بولغىنىم ئۈچۈن مەن پېقىردىن يەنە ئىلىم ئۆگەنەتتى. ئۇ مەرھۇمە پەزىلەتلىك خوتۇنلارنىڭ بىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىپ دۇنيادىن پاكىز كەتتى.

قېينانىلار شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولۇشلىرى لازىم بولغىنىدەك، كېلىنلەرنىڭمۇ قېينانىلىرىغا ئىتائەت قىلىش، خىزمەت قىلىشى ـ ئۇلاردىكى ئەخلاق گۈزەللىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنىڭدا قىلچىمۇ شۈبھە يوقتۇر. قېينانىلىرىغا ياخشى خىزمەت قىلىپ دۇئاسىنى ئالغان كېلىنلەرگە نۆۋىتى كەلگەندە ئۆز كېلىنلىرى ھەم خىزمەت قىلىدۇ. «خىزمەت قىلغان خىزمەت كۆرەر» دېگەن شۇ!

ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى كېلىنلەرمۇ ئىزدىگەندەك، قېينانىلارمۇ يىللاپ ئۆستۈرۈپ تەربىيىلىگەن ئوغۇللىرى ئۈچۈنمۇ تەلەپ قىلسا كېرەك. كېلىنلەر قېينانىلىرىنى تۇغقان ئانىلىرى سىياقىدا كۆرۈپ، خىزمىتىنى قىلىش بىلەن رازى قىلسا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋەزىپىسى كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ ـ دە، شۇ ئۆينىڭ رىزىق ـ مەئىشەتتى باياشات، تىرىكچىلىك ھەمىشە كۆڭۈلدىكىدەك ـ ئۆز جايىدا بولىدۇ.

## ئۆگەي بالىلار ۋە ئۆگەي كېلىنلەر ھەققىدە

خوتۇنلارنىڭ ئەقىللىق، ساپ دىل ـ ياخشىلىرى ئۆگەي بالىلار بىلەن كېلىنلەر ئارىسىغا كەلگەندە مەلۇم بولىدۇ. ياخشى

خوتۇنلار شۇ چاغدىن باشلاپلا ئۆزىنى ئۆگەيلەرگە ۋە كېلىنلىرىگە كۆيۈمچان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار تەدرىجىي مەسلىھەت بىلەن روزىغارنى تىكلەشكە ھەرىكەت قىلىپ، ئاخىر ئۇنى ئىچىدە بىر قائىدە. نىزامنى جارى قىلىش ئارقىلىق ئىناقسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. دېمەك، باشتىلا بىر قەدەر تىرىشىپ تەرتىپكە سالالىسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىرجەم ياشىيالايدۇ. بۇنداق خوتۇنلار ئۆز باللىرىدىن كۆرەلمىگەن ئىلتىپاتلارنى ئاشۇ ئۆگەي باللىرىدىن كۆرىدۇ. بەزىبىر خوتۇنلار باركى، ھەر خىل گەپ. سۆزلەردىن خالىي بولمىغان بىر ئائىلىدە كىرىش بىلەنلا شۇ گەپ. سۆزلەرنى جىمىقتۇرۇپ، تىنچلىققا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئائىلىنى گۈل. گۈلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنداق خوتۇنلاردىن دۇنيامۇ كۆز يۇمۇپ تۇرمايدۇ، بەلكى بۇنى كۆرۈپ ھەر بىر كىشى سۆيۈنۈپ مەدھىيىلەيدۇ. مەرھەمەتلىك ئاللاھمۇ بۇنداق خوتۇنلارغا ئاخىرەتتە ئۆزىنىڭ چەكسىز ساۋابلىرىدىن ئۈلۈش چىقىرىدۇ.

بەزىبىر خوتۇنلار بولىدۇكى، ئۆگەيلەر ئارىسىغا كېلە. كەلمەيلا كىنايە ۋە ياكى بولمىغۇر سۆزلەرنى پەيدا قىلىپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىكنى بۇزىدۇ. ئائىلە ئارا بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ. ھەتتا ئەل ئىچىدە: «پالانى كىشى ياش خوتۇن ئېلىپ ئازدى، ئائىلىسى توزۇپ كەتتى...» دېگەندەك گەپلەرگە سەۋەبچى بولىدۇ. ئاخىرىدا بۇنداق خوتۇنلاردىن ئېرىنىڭمۇ، يېقىنلىرىنىڭمۇ ئىخلاسى قايتىپ كۆڭلى سوۋۇيدۇ. نەتىجىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابلىرىڭىز يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

پىتنە- پاسات يىپلىرى، ھىيلە ئارقانلىرى ئۈزۈلۈپ چۇۋۇلىدۇ، ئىغۋا تومانلىرى سوزۇلىدۇ- دە، ئاندىن بۇنداق خوتۇنلىنى «مەرھەمەت» دەپ كەلگەن يولىغا ئۈزىتىپ قويىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك خوتۇنلارنىڭ قايسىبىرى ياخشى؟! سىز قايسىسىنى قوللىغان بولاتتىڭىز؟!

ھالبۇكى، چەكسىز غەزەپ يەرگە سىغمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆگەيلەرگە قىلغان جاپالىرى، يامان گەپ- سۆزلىرى ئارتۇقى بىلەن ئۆزىگە قايتىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئەزەلدىن بېرى كېلىۋاتقان كونا ئادىتىدۇر. بوۋىلىرىمىز «بىگىز قاپچۇقتا ياتماس» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

# باللارنى تەربىيلەش ھەققىدە

باللارنى تەربىيلەش شەرىئىتىمىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئېتىبار بىلەن قارالغان مۇھىم مەسىلىسى بولۇپ، بۇ باپتا پەقەت رىئايە قىلىش لازىم بولغان ئەدەپ ئۇستىدىلا پىكىر قىلىمىز.

بالا دۇنياغا كەلگەندە ئەڭ ئاۋۋال ئاڭلىغان ئاۋۇشى ئاللاھنىڭ مۇبارەك ئىسمى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىپ ئىسىم قويۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئانا سۈتى ۋە ھەسەل ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن بېقىشقا باشلىنىدۇ. يەتتىنچى كۈنى چېچى ئېلىنىپ، چېچىنىڭ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش ياكى ئالتۇن سەدىقە

بېرىلىدۇ. شۇ كۈنى ئىسىم قويۇلىدۇ. قويۇلغۇسى ئىسىم ئوبدان ۋە تەسىرلىك تاللىنىشى لازىم. شۇڭا، بالىغا قويۇلىدىغان ئىسمنى چال - مومايلار ئەمەس، بەلكى ئالىم - ئۆلىمالار قويۇشى لازىم.

بالىنى مۇمكىنقەدەر ئۆز ئانىسى ئېمىتىش كېرەك. چۈنكى بالا ئۈچۈن ئانا سۈتىدەك ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى نەرسە بولماس. ئانىسىنىڭ ئېمىتىشى مۇمكىن بولمىسا، ئۇنداقتا بىرەر پەزىلەتلىك خوتۇنغا بېرىلىدۇ. بالىنى ئېمىتىدىغان خوتۇن - سۈت ئانىسىنىڭ يېشى 25 بىلەن 30 ياش ئارىسىدا بولسا تېخىمۇ ياخشى. بولۇپمۇ سۈت ئانىسى بولغۇچى خوتۇن پەزىلەتلىك، خۇلقى - مىجەزى ئوبدان، بەدەن ئەزالىرى ساغلام بولۇش كېرەك. ئاچچىقلىنىدىغان، قايغۇرۇشچان، ئاجىز ۋە ساغلام بولمىغان خوتۇنلار سۈت ئانىسى بولۇش تەلىپىگە مۇۋاپىق ئەمەس. بالىنى تەربىيلەش جەريانىدا پاكلىققا، تازىلىققا رىئايە قىلىش تولىمۇ مۇھىمدۇر.

ئاتا - ئانىلار قولىدا باللار ئەزىز ۋە ئامانەتتۇر. شۇڭا، ئۇلارنى ئالىيجاناب، ياخشى مىجەزلىك قىلىپ تەربىيلىمەك، ئۇلاردا ئېسىل ئادەتلەرنى يېتىلدۈرمەك لازىمدۇر. تەربىيە بىلەن بىر بالىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن بولغاندا، تۇپراققا ئايلاندۇرۇشمۇ مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئاتا - ئانىلار سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭغا پىكىر ۋە ئېتىبار قىلىنسۇنكى، باللارنى تەربىيلىگۈچى ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالغان تەربىيلىرى،

ىلىدىغانلىرى زادى قانچىلىك دەرىجىدە؟! بالىلارغا تىل چىقىشى بىلەنلا ئۆز تىلىمىزدا ئىمان ئۆگىتىلىدۇ... دېمەك ئۇشبۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىسلام ئەدەپ-ئەخلاقلىرى بىلەن بالىلارنى تەربىيىلەش باشلىنىدۇ. تەربىيە توغرىسىدا تىرىشىش بەكمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى، بۇ ياشتىكى بالىلار تال چىۋىقتەك قاياققا قايرىسا، شۇ ياققا ئېگىلىدىغان چاغلىرىدۇر.

بالىلار ئالتە-يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بېرىلىدۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ قىزلار بىلەن ئوغۇللارنى ئايرىم يېتىش ۋە ئۇخلاشقا ئۆگىتىش لازىمدۇر... يامان خۇلق-مىجەزنى تۈزىتىش تېخىمۇ لازىمدۇر. يامان خۇلق-مىجەز، خۇسۇسەن تېز ئاچچىقلىنىش، ئورۇنسىز قايغۇرۇش ۋە خاپىلىقلار كېسەللىك جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا، يامان خۇلق-مىجەزلەر بالىلارنىڭ تەن-سالامەتلىكىگە زىيانلىقتۇر.

بالىلار ئۈچۈن بىر-بىرىنى قورقۇتۇش، قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى سۆزلەش تولىمۇ زىيانلىقتۇر. چۈنكى، بالىلار كېچىلىرى ئۆز سايىسىدىن قورقىدىغان، خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان، ئۇخلىغاندىمۇ بىئارام بولۇپ-ئارامسىزلىنىپ، قورقۇنچتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ-دە، نەتىجىدە كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ.

بالىلارنىڭ تەنلىرى، ئۇستىۋاشلىرى پاكىز، كىيىنىشلىرى رەتلىك بولۇشى، تىرناقلىرى ئېلىنىشى لازىم. ئۇلارغا چوڭلار بىلەن ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەپلىرىنى بىلدۈرۈش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

تاماقلىنىشۋاتقاندا قىمىرلاپ سىلكىنىش، قاش-كۆزلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىش، كىيىملىرى ۋە بەدەن ئەزالىرىنى ئويناش، ئۇيان-بۇيانغا، باشقىلارنىڭ تاماقلىنىشىغا قاراش، ئادەملەر ئالدىدىن ئۆزى خالىغانچە ئۆتۈش، ئادەملەرگە ياكى تاماققا قاراپ چۈشكۈرۈش، يېنىدىكىلەر بىلەن كۇسۇرلاپ سۆزلىشىش، يېقىمسىز كۈلۈش، ۋارقىراش قاتتىق ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىلىقسىزلىقلاردىن بالىلارنىڭ ئالاجىنىڭ بارىچە ساقلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

بالىلارغا مېھرىبان بولۇش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇلۇغلۇق ھېسابلىنىدۇ. سوۋغا بەرگەندە كىچىكلىرىدىن ۋە قىزلاردىن باشلاپ بەرمەك ئەدەپتىندۇر. (بالىلارغا) چەكلەنمىگەن ئويۇن-كۈلكىلەرگە رۇخسەت قىلىش لازىم. زېھنىي خاتىرىسىنى ياخشىلاشقا، بەدەننى چېنىقتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئويۇنلارنىڭ پايدىسى بار.

## ئۆي تۇتۇش ھەققىدە

شەرئىتىمىز ھەر قاچان، ھەر زامان پاكىزلىق ۋە ساپلىققا ئۈندەيدۇ. ھەقىقەتەن پاكىزلىقتا بىر خاسىيەت باركى، بۇنى كۆپ كىشىلەر سىناپ كۆرگەندۇر. شۇڭا، ئۆي ۋە قورۇلارنى ئوت-چۆپلەردىن، ئەخلەت، چاڭ-توزانلاردىن تازىلاپ تۇرۇشقا

ئادەتلىنىش لازىمدۇر. ئۆي ئىچىدىكى ئىدىش، تاۋاق، قازان، چىنە - قاچا، قىڭراق، ساماۋار، چەينەكلەرنى ھەر دائىم پاكىز تۇتۇش زۆرۈردۇر، شۇنداقلا ئۆيلەرنىڭ تام - تورۇسلىرىدىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىنى ئېلىۋېتىپ ئۆينى پاكىز تۇتۇش - خوتۇنلارنىڭ بىر ۋەزىپىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

بىلىقلارنىڭ سۇسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى ھەممە كىشى بىلگەندەك، بىزلەرمۇ دۇنيادا ياشىشىمىز ئۈچۈن ھاۋاغا موھتاجمىز. نەپەسىمىز ئارقىلىق سېسىق ھاۋانى چىقىرىپ، يېڭى - ساپ ھاۋانى ئىچىمىزگە سۈمۈرۈپ تۇرىمىز. ھاۋاسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەستۇر. پاسكىنا - سېسىق سۇلاردا بېلىقلار ئۆلگەنگە ئوخشاش، ناچار ھاۋا، بۇلغانغان مۇھىتتىكى ئادەملەر كېسەللىك ۋە خاپىلىقتىن خالىي بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆيلەرنىڭ ئىچ - تېشىنى پاكىز تۇتۇپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا دېرىزىلەرنى ئېچىپ، ئۆيلەرنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش پايدىلىقتۇر. شۇنىڭدەك، بەكمۇ ئىسسىق بولمىغان كۈن نۇرىدا يورۇشىنىڭمۇ پايدىسى بار. ئۆينىڭ تارچىلىقى تۈپەيلىدىن لامپا، شام چىراغ ياكى ئادەملەرنىڭ نەپەسلىرى بىلەن ئۆينىڭ ھاۋاسى بۇزۇلسا، ئىشىكنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش لازىمدۇر. لېكىن، ئادەم تەرلەپ تۇرغاندا ئوچۇق دېرىزە - ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇش زىيانلىقتۇر. يېڭى سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ بوياقلىرى تامام قۇرۇپ كەتمىگۈچە ئۆيگە كىرىش ۋە ئۇخلاش زىيانلىقتۇر.

# بەزىبىر ئادەتلەر ھەققىدە

كېچىسى «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» نى ئوقۇپ ئىشىك- دېرىزىلەرنى تاقاش، دېرىزىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈش، چىراغلارنى ئۆچۈرۈش، ساماۋار، ئوچاق قاتارلىق ئوت تۇتۇشىدىغان يەرلەرنى تەكشۈرۈش، قول- پۇت، ئېغىز قاتارلىق مۇھىم جايلارنى پاكىز يۇيۇپ ئۇخلاشمۇ ئەدەپ نۇقتىسىدۇر.

— ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلھەمىد ياقۇپى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997- يىلى (2-3) سانىدىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# ئىسلام نۇرى چاقناتقان ئايال

مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، ئاياللار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ھوقۇقلاردىن مەھرۇم ھالدا خار ياشايتتى. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەب جەمئىيىتىدە قىز بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى شۇملۇقنىڭ ئالامىتى سانىلاتتى. ئومۇمىيۈزلۈك بولمىسىمۇ ئايرىم قەبىلىلەردە قىز تۇغۇلغان ھامان كۆمۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئەلۋەتتە بۇنداق قەبىھ جاھىلىيەت ئادىتىنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرى بار ئىدى.

ئەينى دەۋردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تەبىئىي كىلىمات ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىت تۈپەيلى قەھەتچىلىك ئاپەتلىرى كۆپ يۈز بېرىپ، ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانغانىدى. كىشىلەر مۇنداق شارائىتتا كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ، ئېغىر ئەمگەك قىلالمايدىغان، قەبىلىلەر ئارا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان سوقۇش، يەر تالىشىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئالالمايدىغان قىز پەرزەنتلىك بولۇشتىن قاچاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىززەت ـ ئابرۇيىنى جېنىدىن

ئارتۇق بىلىدىغان ئەرەبلەر قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا قىز - ئاياللىرىنىڭ قارشى تەرەپكە ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئار - نومۇسىنى بۇلغاش ئېھتىماللىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۇغۇلغان قىز بوۋاقلارنى كۆمۈۋېتەتتى، ئاياللار ھېچقانداق ئىقتىسادىي ھوقۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى. پەقەت ئەرلەرنىڭلا مىراسخورلۇق ھوقۇقى بولۇپ، ئاتا - ئانىلىرى، يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قالدۇرغان مال - مۈلۈكتىن ئايالغا ھېچ نەرسە تەگمەيتتى. ئايالنىڭ لايىق تاللاش ئەركىنلىكىمۇ يوق بولۇپ، ئەرلەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى سان بىلەن چەكلەنمىگەنىدى. ھەر قانداق ئەرنىڭ شەرتسىز ھالدا ئون - يىگىرمە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆز ئەمرىدە تۇتۇشى دۇرۇس ھېسابلىناتتى. ئايال ئېرىنىڭ مال - مۈلكىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلانغاچقا، ئەرنىڭ مىراسخورى مال - مۈلۈك قاتارىدا ئايالنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئالاتتى ۋە خالىغانچە بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۆرپ - ئادەتكە ئۇيغۇن نىكاھتىن باشقا يەنە ساغلام بولمىغان نىكاھ تۈرلىرى بولۇپ، بۇ ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزگەنىدى.

مىلادىيە 7 - ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىر خۇدالىق، مۇكەممەل قانۇن ۋە پەلسەپىۋى نەزەرىيە سىستېمىسىغا ئىگە ئىسلام دىنىنىڭ شولىسى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يېڭى بىر ئۆزگۈرۈشىنى نامايان قىلدى. جاھالەت، قاشاڭلىق ۋە تەپرىقچىلىق ئەۋج ئالغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك بىر

پەللىسىنى، ئىلاھىي تاكامۇللۇق ۋە ئىنسانىي كامالەتنىڭ بۈيۈك چوققىسىنى كۆردى. شەرقتە، غەربتە ئوخشاشلا كەمسىتىلىش، خورلىنىش بىلەن ئېزىلگەن ئايال ئۆز ئارزۇسىدىكى غايىۋى ئايال سىيماسىنى ۋە بەخت نۇرلىرىنى يېڭى دىنىنىڭ دەستۇرىدا، قانۇنىدا، ئەھكاملىرىدا ۋە ئەمەلىيىتىدە كۆردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاقىرىقى جەمئىيەتتىكى ئىككى بۆلۈك كىشىلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا، ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشكەن. ئۇلارنىڭ بىرى ئاياللار ئىدى. ئىسلام دىنى ئەر-ئايال باراۋەرلىكىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن، ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغدايدىغان دىن بولمىغان بولسا، ئاياللارنىڭ ئۇنداق قىزغىن قوللىشىغا، تۈركۈم-تۈركۈملەپ بۇ دىنغا كىرىشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئادالەت ۋە باراۋەرلىك پىرىنسىپى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىسلام دىنى ئاياللارنى خورلۇق ۋە زۇلۇمنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ھېچقانداق دىن ۋە قانۇن ئاياللارغا بەرمىگەن ئىززەت-ھۆرمەت، ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك ئاتا قىلدى. باشقا ھوقۇقلاردىن سۆز ئېچىش تۈگۈل، ئاياللارنىڭ ئىنسانىي قىممىتى ئىنكار قىلىنىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا ئىسلام دىنى تۇنجى بولۇپ ئاياللارنىڭ مۇستەقىل سالاھىيەتكە ئىگە، يارىلىش ۋە ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىشتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولغاچقا ھوقۇق ۋە نېسىۋىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. «قۇرئان كەرىم» دىكى «ئال ئىمران»، «نىسا»، «مەريەم»، «نۇر»،

«مۇجادىلە» ، «مۇمتەھىنە» ، «تەلاق» ۋە «تەھرىم» قاتارلىق سەككىز سۈرىدىكى ئەچچە يۈز ئايەتتە ئائىلىلارغا ئائىت مەسىلىلەرنىڭ بايان قىلىنىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئائىلار مەسىلىسىگە بولغان يۈكسەك ئېتىبارى ۋە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ تولۇق دەلىلى ئىدى.

ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئائىل — ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغان ئۇلۇغ ئاندۇر. «قۇرئان كەرىم» دە ئانىنىڭ بالىغا قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇش، ئېمىتىش، بېقىش، تەربىيىلەش جەريانىدىكى جاپالىق ئەجرى ئىخچام ئىبارىلەر بىلەن مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿ئىنسانىنى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا - ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن﴾ (سۈرە لوقمان 14 - ئايەت)

پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى ئېتىراپ قىلغان، سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ توپلىمى بولغان «سەھىھۇل بۇخارى» دىكى بىر ھەدىستە: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللا! مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللا: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللا: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم يەنە «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر كىتابلارنىڭ يىگانە تورى
www.uyghurkitap.com



سورىغاندا رەسۇلۇللاھ يەنە: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم يەنە: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللا: «ئاندىن قالسا ئاتاڭ» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. ئانىنى ھۆرمەتلەش ئىنساننى ئەڭ ئالىي مەرتىۋە ۋە مۇكاپات بولغان جەننەتكە باشلايدىغانلىقى بايان قىلىنغان — «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەن مەشھۇر ھەدىس ئانىغا بولغان ئىززەت - ھۆرمەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئورنىنى ياراتقاندى. ئىسلام دىنىنىڭ ئانىغا بولغان ئېھتىرامى پەقەت نەسەب جەھەتتە ئۆزىنى تۇغقان ئانىسىلا ئەمەس، يەنە ئاق سۈتى بىلەن بوۋاقتا ھاياتلىق بېرىۋاتقان ئېنىكئانىنىمۇ ھۆرمەتلەش ۋە ياخشىلىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «قۇرئان كەرىم» تەلىملىرىنى ئۆزىنىڭ گۈزەل خۇلقىغا ئايلاندۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى كىچىكىدە ئېمىتكەن ئىنىكئانىسى — سەئدىيە قەبىلىسىدىن بولغان ھەلىمەنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. ئېنىكئانىسى كەلسە، ھۆرمەتلەپ ئورنىدىن تۇراتتى ۋە تونىنى يەرگە سېلىنچا قىلىپ سېلىپ ئېنىكئانىسىنى ئولتۇرغۇزاتتى.

ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال — خۇددى كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك ئەرگە يېپىشىپ ياشايدىغان، ئاللاھ قەدىرلەشكە، قوغداشقا، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرۇغان خوتۇنىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دۇنيادا ئىنسان لەززەتلىنىدىغان نۇرغۇن نېمەتلەر بار، ئەنە شۇ نېمەتلەرنىڭ

ئەڭ ئەۋزەل مۆمىن، توغرا يول تۇتقان» دۇر». ئايالالر مەسلىسىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن قىلغان ئىسلام شەرىئىتى ئەھكاملىرىدا خوتۇنلارنىڭ ئەرلىرى ئۈستىدىكى ھەققى، ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىدەك چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ كىچىك ئىشلارنىڭمۇ ھۆكۈملىرى تەپسىلىي ئىنچىكە بايان قىلىنغان.

ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال — «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك بېقىش، ياخشى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەش ئەجرى ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان قىزدۇر. ئىمام ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇلارنى ئوبدان تەربىيىلەپ، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، تويىنى قىلىپ چىقارسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ». ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللا! ئەگەر ئىككى قىزى ياكى ئىككى ھەمشىرىسى بولسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇخشاشلا جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ھەر دائىم مۇنداق تەلىم بېرەتتى: «ئاياللارغا كۆيۈنۈڭلار ھەم ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار. ئاللاھ بىزنى ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئانىمىز، قىزىمىز ۋە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى

ھەمشىرىلىرىمىز»). ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، قوغداش ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار توغرىسىدىكى پۈتكۈل كۆز قاراشلىرىنىڭ ئاساسىدۇر.

ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال — ياراتقۇچى ئاتا قىلغان ئاياللىق تەبىئىتىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشقۇچى، جەمئىيەتنى تۈزگۈچى ۋە ئىسلاھ قىلغۇچى جەمئىيەت ئەزاسىدۇر. تۆۋەندە ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرىنى — سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، نىكاھ ۋە تەلىم-تەربىيە نۇقتىلىرىدىن تۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى:

1. ئىسلام دىنى ئەڭ ئاۋۋال ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوخشاش نەرسىدىن يارىتىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي قىممەتتە تەڭ، باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئاياللاردا ئىنسانىي روھ بارمۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئايالنىڭ ئىنسانلىقىدىن گۇمانلىنىۋاتقان تارىخىي دەۋردە ھەق-ئادالەتنىڭ تۇنجى سىگنالىنى چالغانىدى. ئاللاھ تائالا ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ تەڭ باراۋەرلىكى، ئۇلارنىڭ پەقەت ياخشى ئەمەل بىلەنلا بىر-بىرىدىن ئارتۇق (ئۈستۈن) بولىدىغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ پرىنسىپى. «قۇرئان كەرىم» دە بۇ نۇقتا ئوچۇق ھالدا مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن

يارىتىپ، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە قەبىلە قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)﴾ (سۈرە ھۇجۇرات 13-ئايەت).

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ «قۇرئان كەرىم» دىن كېيىن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم مەنبەسى بولغان سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سۆز-ھەرىكەت ۋە بىرەر ھادىسىنى كۆرگەندە ئىنكار قىلماستىن سۈكۈتتە تۇرۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىمام ئەبۇ داۋۇد بىلەن ئىمام ئەھمەد ئۆز كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاياللار ئەرلەرنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدۇر (ھەمشىرىلىرىدۇر)» دېگەن ھەدىسىمۇ ئەر-ئايالنىڭ نەسەب (كېلىپ چىقىشى) جەھەتتە ئوخشاش ئەڭ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ھىجرىيىنىڭ 10-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافاتتا سۆزلىگەن ۋىدالىشىش نۇتقىدا مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر، ھەممىڭلار ئادەم ئاتىدىن بولغان. ئادەم ئاتا تۇپراقتىن يارىتىلغان. ئەرەب غەيرىي ئەرەبتىن، ئاق تەنلىك سېرىق تەنلىكتىن ئەۋزەل ئەمەس، كىم ئەڭ مۇتتەقى (ئاللاھتىن قورققان ھالدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىپ، ئۇنىڭ توسقان

ئىشلىرىدىن چەكلەنگەن ئادەم) بولسا شۇ ئادەم ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر». ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار دەيدىغان ئىدىيە «قۇرئان كەرىم» دە قەيت قىلىنغان ئاللاھنىڭ ئادىللىق سۈپىتىگە زىت كېلەتتى. ئەر-ئاياللىق پەرقى جىنس جەھەتتىكى پەرق بولۇپ، ھەممە ئادەم باراۋەر دەيدىغان بۇنداق ئىلغار كۆزقاراش ئاياللارنى كەمسىتىشكىلا ئەمەس، بەلكى بايلىق-نامراتلىق، نەسەب، ئىرقنى ئۆلچەم قىلىپ كىشىلەرنى ئېسىل-پەس دەپ ئايرىيدىغان تەبىقە تۈزۈمگە قارشى ئېلان قىلىنغان جەڭ ئىدى.

2. ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بەزى قەبىلىلەر ئارىسىدا تارقالغان نامراتلىق ياكى نومۇسقا قېلىشتىن قورقۇپ، تۇغۇلغان قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتەك قەبىھ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى قاتتىق چەكلەپ، ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىدىكى ئەڭ تۈپ ھوقۇقى بولغان ياشاش ھوقۇقىنى قوغدىدى. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە زۆرۈر مەسىلىلەر ھەققىدە نازىل قىلىنغان ئايەتلەر قىزمۇ، ئوغۇلمۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان ئىلتىپاتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى، دادا بولغۇچىنىڭ قىزىنىمۇ خۇددى ئوغۇلغا ئوخشاش بېقىش، تەربىيىلەش، ھىمايە قىلىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى بايان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا-ئانىلارغا قىز-ئوغۇل دەپ ئايرىماستىن، ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇش لازىملىقى، بەزىسىنى ئارتۇق كۆرۈپ

قىلىنغان پەرقلىق مۇئامىلىنىڭ قالغان پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى يوقىتىپ، دىللىرىغا ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ، يولدىن چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئىمام بۇخارى » سەھىھۇل بۇخارى « كىتابىدا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**بالىلىرىڭلارغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇڭلار، بىرىگە نېمە بەرسەڭلار، قالغىنىغىمۇ شۇنى بېرىڭلار، ئەگەر مەن بالىلىرىمنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق كۆرگەن بولسام، قىزلارنى ئەتىۋارلىغان بولاتتىم**».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرىكى بۇ تەۋسىيىسى ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىرى ۋە بالىلار پسىخولوگلىرى دائىم تەكرارلايدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئائىلە تەربىيىسىدىكى ئالتۇن ئاچقۇچتۇر.

3. ئەر-ئايالنىڭ ئىنسانىي قىممەتتە تەڭ باراۋەر ئىكەنلىكى ئىسلام شەرىئەت ئەھكاملىرىدا تولۇق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ بولسىمۇ، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش مۇستەقىل سالاھىيەتكە ئىگە، ئاللاھ بۇيرۇغاننى قىلىش، چەكلىگەندىن ساقلىنىشقا تەكلىپ قىلىنغۇچى، يەنى مۇكەللەف، ئەمەللىرىگە يارىشا بېرىلىدىغان ساۋاب ۋە جازادا، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى. بۇ ئەينى زامانلاردا بەزى مىللەت ۋە دىنلاردىكى ئاياللارنى دىنغا كىرىشتىن، مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇشتىن چەكلەشتەك ئىغىر كەمسىتىشتىن زور

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



پەرقلىنەتتى. «قۇرئان كەرىم» ئەر ۋە ئاياللارغا قىلىنغان ئورتاق خىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى «ئى ئىنسانلار!...»، «ئى كىشىلەر!...» نىڭ ئەر ۋە ئايالنى ئورتاق ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئوچۇق ھەقىقەتتۇر. «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى) ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئى ئادەملەر!...» دەپ نىدا قىلغان خۇتبە چاقىرىقنى ئاڭلىغاندا، قولىدىكى ئىشنى دەرھال تاشلاپ چىققان. بەزىلەر ئۇنىڭ مۇنداق تېز ھەرىكىتىدىن ئەجەبلىنىپ سەۋەبىنى سورىغاندا «مەنمۇ شۇ چاقىرىلغان ئادەملەرنىڭ بىرىمەن»، دېگەن.

شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مەندۇب (مۇستەھەپ)، مۇباھ، مەكروھ، ھالال، ھارام، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە بۇلاردىن كېلىپ چىقىدىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى (ئاياللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ئايرىم ئەھكاملاردىن باشقا) جىنس ئايرىماستىن ئەر ۋە ئايالنى ئورتاق ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، قۇرئان كەرىم جەمئىيەتنى تۈزەش ۋە ئىسلاھ قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئەر-ئايالنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى دەپ خىتاب قىلىپ، بۇنى «الأمر بالمعروف والنهى عن المنكر» (ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش) تەك

ئىخچام ئىبارە بىلەن ئىپادىلىگەن. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئۇلار ئوخشاشلا جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. «قۇرئان كەرىم» دە بۇ نۇقتىنى ئوچۇق ھالدا بايان قىلىپ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن. سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن﴾ (سۈرە ئال ئىمران 195 - ئايەت).

ئىسلام تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەردىن بولغان مەككىنى فەتھى قىلىشتىن كېيىن ئەرلەرلا ئەمەس، ئاياللارمۇ ئىسلام مىزانلىرىغا ئەمەل قىلىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان. ئىسلام دىنى ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش، بىر ئادەمنىڭ گۇناھى ئۇچۇن يەنە بىر ئادەمنىڭ جازالانماسلىق مىزانىنى ئاساس قىلغان. شۇڭا، ئادەم ئاتىنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشىغا ھەۋۋانى سەۋەبچى دەپ ئاياللارنى مەڭگۈلۈك يۈيۈلماس گۇناھقا ھۆكۈم قىلغان تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئەكسىچە، «قۇرئان كەرىم» شەيتاننىڭ ئادەم بىلەن ھەۋۋانى ئوخشاش ئازدۇرغانلىقىنى، جەننەتتىن قوغلىنىشقا ئىككىسىنىڭ ئورتاق خاتالىقى سەۋەب بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ئەمەللەرنى ئۆلچەيدىغان مىزانىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ساۋاب ۋە جازادا تەڭ

www.uyghurkitap.com

باراۋەر ئىكەنلىكىنىڭ كەينىگە يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنىڭ ئەقىل- پاراسىتىگە بولغان تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشى يوشۇرۇنغاندى.

ئۆلۈم ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسى ۋە سىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىزچىل يوسۇندا ھەممە دىنلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەتقىقات تېمىسى ۋە تەپەككۇر ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن. ئىسلام دىنىدىكى ئۆلۈم چۈشەنچىسى ئۆزىنىڭ مەنتىقىلىقى، تاكامۇللۇقى ۋە سېھرىي كۈچى بىلەن ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. ھالبۇكى، ئۆلۈمدەك سالمىقى ئېغىر بۇ تېمىغا بىر ئايالنىڭ بەرگەن جاۋابى خۇددى، ئۆلۈم، ئىنسان ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ئىخچام ۋە ئوبرازلىق ئىبارىلەر بىلەن چوڭقۇر شەرھلەپ بەرگەچكە، تارىخ بەتلىرىگە تەكرار- تەكرار پۈتۈلگەن، بەلكى ھەر قاچان بۇ تېمىدا سۆز ئېچىلغاندا، ئۆلىمالار مۇقەررەر تىلغا ئالىدىغان ھېكمەتلىك ئۆرنەككە ئايلانغان. بۇ دانىشمەن ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خادىمى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى رۇمەيسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولۇپ، ئۇ ئىككىنچى قېتىم ئەنسارلاردىن بولغان ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق بولغان. بىر قېتىم ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئاغرىپ ياتقاندا ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ، ئوغلىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، دادىسى قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. رۇمەيسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا

ئۆيدىكىلەرگە ئەبۇ تەلھەگە بۇ خەۋەرنى ئۆزى ئېيتىدىغانلىقىنى، ھەممىسىنىڭ سۈكۈت قىلىشىنى تاپىلاپتۇ. رۇمەيسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ياسىنىپ ـ تارىنىپ، ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۈتۈۋاپتۇ ھەم ئالدىغا تاماق كەلتۈرۈپتۇ. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، رۇمەيسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئۇ ئەڭ تىنچ ۋە ياخشى ھالەتتە» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئوغلۇم ھازىر ياخشىلىنىپ قاپتۇ، دەپ چۈشىنىپتۇ. ئۇ كېچە ئىككىسى بىللە بوپتۇ. ئەتىسى رۇمەيسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېرىگە: «پوكۇنى ئادەم پۇستانى قەبىلىدىكى ئادەملەرگە مەلۇم ۋاقىت مېلىنى ئىشلىتىپ تۇرۇشقا ئامانەت قويۇپتىكەن، ئۇلار مالنى ئىشلىتىپتۇ، بەھرىمەن بوپتۇ. مۆھلەت توشقاندا مال ئىگىسى مالنى قايتۇرۇشنى سوراپتىكەن، ئۇلار بەرگىلى ئۇنىماپتۇ» دەپتۇ. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «دۇنيادا شۇنداقمۇ يولسىزلىق بارمىكەن، ئارىيەت ئالغان، ئامانەت قويغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش ئەقەللىي قائىدە تۇرسا» دەپتىكەن، رۇمەيسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئوغلىمىزمۇ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن ئامانىتى ئىدى، جان ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئامانىتىنى ئالدى» دەپتۇ. بۇ شۇم خەۋەردىن ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ ۋە: «ئىنسان دېگەن شۇنداق، بىرەر مۇسىبەت يەتكەندە سەن ئېيتقان ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئاللا ـ توۋا كۆتۈرىدۇ. سېنىڭ سۆزۈڭ ماڭا سەۋر ئاتا قىلدى، شۇڭا مەن پەقەتلا ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» دە

ئېيتقان: ﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾ (سۈرە بەقەرە 156 - ئايەت) دەيمەن»، دەپتۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇمەيسا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاقىلانىلىكىدىن، ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەۋرىسىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ شۇ كېچىسىگە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن رۇمەيسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئىسمىنى ئابدۇللاھ قويۇپتۇ. ئابدۇللاھ تەقۋادارلىقى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن زور شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، ئون ئوغۇل پەرزەنتلىك بوپتۇ.

4. قانۇنچىلىقنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەللەشكەن ئۆرنەكلىرىدىن ھېسابلانغان ھاممۇرابى قانۇنى، رىم قانۇنلىرىمۇ ئەر - ئايالىق جىنس پەرقىنى باھانە قىلىپ، ئاياللارنى كەمسىتىش، تەڭسىز مۇئامىلىدە بولۇش ئىللەتلىرىدىن خالىي بولالمىغان. ئىسلام دىنى ئەر - ئاياللارنىڭ قانۇندا باباراۋەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاياللارغا قوغداش ۋە قوغدىلىش ھوقۇقى، ھۆرمەتلىنىش ھوقۇقى ئاتا قىلدى، شۇنداقلا يەنە ئاياللارنىڭ سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى بولۇشى، دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسلام شەرىئىتىدە ئەرلەرنىڭ ھاياتى،

كىشىلىك ھوقۇقى، ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە مال - مۈلكى قانداق قوغدالسا ۋە دەخلى - تەرۇز قىلغۇچىلارغا قانداق جازا بېرىلسە، ئاياللارنىڭمۇ شۇنداق قوغدىلىدۇ ۋە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئوخشاش جازا بېرىلىدۇ. ئاياللاردىنلا ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئەرلەرنىڭ ئەخلاقى بىلەن كارى بولمايدىغان خاھىشلارغا قارشى ھالدا، ئەرلەرگىمۇ ئوخشاشلا ئىپپەتلىك بولۇش تەلىپىنى قويۇپ، بويسۇنمىغانلارغا ئوخشاش جازا بېرىدۇ. كىشىلىك ھاياتتىكى چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ ئەڭ كىچىك ئىشلارنىمۇ چەتتە قالدۇرمىغان ئىسلام شەرىئىتىدە ئاياللارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، نام - شەرىپى مۇتلەق دەخلىسىز بولۇپ، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاش، تۆھمەت قىلىش ئاللاھ قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەتكە لايىق قىلمىش سانىلىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» دىكى بىر قانچە ئايەتتە ئوچۇق بايانلار بار: ﴿يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ). ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾

(سۈرە نۇر، 23 - ئايەت)

«سەھىھۇل مۇسلىم» كىتابىدىكى بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاك ئايالغا بوھتان چاپلاشنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانىخورلۇق قىلىش، يېتىمنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، جىھادتىن

www.uyghurkitap.com

قېچىشتەك يەتتە چوڭ گۇناھنىڭ بىرى قاتارىدا سانىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئىسلام دىنى ئاياللارنى ئەركىن پىكىر قىلىش، ئائىلە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا ئەرلەرگە ئوخشاش پىكىر قاتناشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلغان. ھىجرىيىنىڭ 6-يىلى مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرەيشلەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار بۇ سۈلھىنىڭ بەزى ماددىلىرىنى تەڭسىز ھېس قىلىپ، قاتتىق نارازى بولغان. دەل مۇشۇنداق قىيىن پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، نارازىلىقنى تۈگىتىپ، قاتمال ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتكەن. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مەسلىھەت بەرگىنى ئائىلە ئىشلىرى ئەمەس، بەلكى مۇھىم سىياسىي ۋەقە ئىكەنلىكى ئاياللارنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا پىكىر قاتناشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ جانلىق پاكىتى.

5. ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلىشى ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش تەلىم-تەربىيە ئېلىش، ئىلىم ئۆگىنىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام دىنى ئىلىم-پەنگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن. «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» لەردىكى ئىلىمنىڭ پەزىلىتى، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى، ئالىملارنىڭ ئالاھىدە ئورنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى دەپ تەرىپلىنىشى ھەققىدىكى بايانلار ئەر ۋە ئايالغا

ئۇمۇمىي بولۇپ، ئەرگە ياكى ئايالغا خاس دەيدىغان ئايرىمچىلىق مەۋجۇت ئەمەس. «قۇرئان كەرىم» دىكى تۇنجى نازىل قىلىنغان ئىلىم ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرگۈچى ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى...﴾ (سۈرە ئەلەق 1- 5 ئايەتلەر) دېگەن ئايەت بۇنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلدۇر. شۇڭا، تارىختىن بېرى ئىسلام ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز» دېگەن مەشھۇر ھەدىستىكى مۇسۇلمان ئىبارىسى ئەر ۋە ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەپ قاراپ، بۇ ھەدىسنى «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» دەپ شەرھلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ئاياللارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە، تەلىم-تەربىيە بىلەن ئۆز تالانت-ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ مۇكەممەل ئۆرنىكىنى ياراتقاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنى باشلىغاندىن كېيىن، مۇنداق ئەمرىمەرۇپ سورۇنلىرىغا كۆپىرەك ئەرلەر ھازىر بولاتتى. ئىمام بۇخارى «سەھىھۇل بۇخارى» كىتابىدا مۇنداق بىر ھەدىسنى بايان قىلغان: بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللا! ئەرلەر سىنىڭ سۆھبىتىڭدە بولۇۋاتىدۇ، بىزگىمۇ ئايرىم ۋاقىت بېكىتسىڭ

تۆھپە كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بەرسەڭ، شۇ ۋاقىتتا بىرىمىز يىغلايلى، خۇددى ئۇلار ئۆگەنگەندەك ئاللاھنىڭ ساڭا ئۆگەتكەنلىرىنى ئۆگەنسەك» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللار ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلەپ، ئۇلارغا ئۆگەتكەندەك ئىسلام تەلىملىرىدىن دەرس بەرگەن.

ئىمام بۇخارى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «بىر كىشىنىڭ دېدىكى بولسا، ئۇنى ئوبدان ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ ئاندىن قۇللۇقتىن ئازاد قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىدۇ». ھەدىسشۇناسلار ئېيتىدۇكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىككى ھەسسە ئەجىرنىڭ بىرى، دېدەكنى ئوقۇتۇپ نادانلىقتىن ئازاد قىلغانلىقى ئۈچۈن؛ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ جىسمىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئاياللار ئىلىم ئۆگىنىشكە تولىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ، دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىدىن ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن تۈرلۈك مەسىلە ئۈستىدە سورايتتى، ھەتتا بەزى ئاياللار توي قىلغاندا ئېرى بېرىشكە تېگىشلىك مەھىر ئۈچۈن ئۆزىگە دىنىي ئىلىم ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان.

ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال — ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئىنسان، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ

ئىگىلىرى بولغان ئەۋلادلارنىڭ تۇنجى باغۇنى، شۇنداق بولغاچقا ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىش، ئۆگىنىشىنى ھوقۇق دائىرىسىدىن مەجبۇرىيەت يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرەلىگەن. بۇ خىل مەجبۇرىيەت ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولىغا بولغان تولۇق مۇئەييەنلەشتۇرۇشنىڭ ئىنكاسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت خەلىپە ۋە بەنى ئۇمەييە، بەنى ئابباسىيە دەۋرلىرىدە ئىلىم-پەن دەرۋازىسى ئاياللارغا كەڭرى ئېچىۋېتىلگەن. شۇڭا، ئىسلام تارىخى بەتلىرىگە تىل، ئەدەبىيات، لوگىكا، تەفسىر، ھەدىس، فىقھى ۋە ھەر قايسى پەن ساھەلىرىدىكى مىڭلىغان ئايال ئالىمەلەرنىڭ ئۆلمەس نامى ۋە تۆھپىلىرى پۈتۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئالىمە ئىدى. ئەڭ كۆپ ھەدىس بايان قىلغۇچىلاردىن بولۇپ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ھەدىس رىۋايەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلەر (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زاماندىش بولۇپ، ئىسلام دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، ھەمسۆھبەت بولۇشقا مۇۋەپپەق بولغان كىشىلەر بولۇپ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بىرەر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلسە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورايتتى، تەلىم ئالاتتى. مەشھۇر تارىخچى قازى ئىبنى خۇلكان ئۆزىنىڭ «وفيات الأعيان وانباء

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ابناء الزمان (مەشھۇر زاتلار ۋە زامان ئۆچۈرلىرى تارىخى)» ناملىق كىتابىدا نۇرغۇن ئايال ئالىمەلەر ئۆچۈن سەھىپە ئاجراتقان. ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەسلىدىن بولغان نەفىسە ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە، جامائەت بىردەك ئېتىراپ قىلغان يېتىشكەن ئۆلىما ئىدى. نەفىسە ھىجرىيە 145 - يىلى مەككىدە تۇغۇلغان، 208 - يىلى مىسىردا ۋاپات بولغان. نەفىسە خانىمنىڭ ھۇزۇرى تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ئىلىم تەلەپكارلىرى بىلەن ئاۋات ئىدى. دىنىي ئىلىملەردە فەقىھلىق دەرىجىسىگە يېتىپ، سۈننى مەزھىپىنىڭ تۆت ئاساسلىق تارمىقىنىڭ بىرىگە ئاساس سالغۇچى بۈيۈك ئالىم ئىمام شافىي رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىمۇ نەفىسە خانىمنىڭ شاگىرتى ئىدى. مەشھۇر ئالىم ئەبۇ ھەييان ئۆزىنىڭ ئىلىم ھاياتىنى ئەسلىگەندە، ئۆزىنىڭ ئىلىم ساھەسىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىشىگە ھەسسە قوشقان ئۇستازلىرى قاتارىدا ئۈچ ئايال ئۇستازىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇلار سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ قىزى مۇنىسە ئەييۇبىيە، شامىيە تەيمىيە ۋە داڭلىق تارىخچى، تېۋىپ «الإفــــادة والاعتبــــار» (پايدا ۋە ئېتىبار) كىتابىنىڭ مۇئەللىپى ئابدۇلەتىفنىڭ قىزى زەينەب. ئىسلام دىنىنىڭ ئەر - ئايال، ھۆر - قۇل دەپ ئايرىماستىن ئىنسانىي سۈپەت بىلەن ھەممىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇش، رىغبەتلەندۈرۈش روھى ئاياللارغا كەڭرى ئىلىم ئىگىلەش

ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ، ئۇلارنى ئەزەلدىن ئايىغى تەگمىگەن ئىلىم قەسرىگە باشلاپ كىرگەندى.

ھالبۇكى، شۇ پەيتتە دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىدە باشقىچە خاھىش دەۋر سۈرۈۋاتاتتى. دۇنيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى سانالغان يۇنان قانۇنىدا تەلىم-تەربىيە ئېلىش پەقەت ئەرلەرگىلا خاس ھوقۇق بولۇپ، ئاياللار ۋە قۇللار بۇنداق ئىمتىيازدىن مەھرۇم ئىدى. لوگىكا ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، تۇنجى ئۇستاز ئاتالغان پەيلاسوپ ئارىستوتېل «سىياسەت» ناملىق كىتابىدا ئۆز دەۋرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «تەبىئەت ئاياللارغا ھېچقانداق ئەقلىي ئىقتىدار ئاتا قىلمىغان، شۇڭا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، بالا تۇغۇش ۋە بېقىشنى ئۆگىنىش ئاياللار تەربىيىسى ئۈچۈن كۇپايە». ساناتئەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، يېڭىچە گۈللىنىش ۋە تەرەققىيات بىلەن مەدەنىيەت سەركەردىسى سانالغان ياۋروپادا، ھەتتا 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ ئاياللارنىڭ ئىلىم ئىگىلەش، تەلىم-تەربىيە ئېلىش ھوقۇقى ئىنكار قىلىناتتى. 17-ئەسىرنىڭ يېرىمىدا ئۆتكەن فرانسىيىلىك شائىر مولېر «بىلىمنى كۆز-كۆز قىلغۇچى خوتۇنلار» ناملىق كومېدىيىدە بۇ خىل كۆز قاراشنى بىر ئايال پېرسوناژنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق ئىپادىلىگەن: «پەن-مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئاياللار ئۈچۈن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلىق، ئاياللارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى پۈتۈن زېھنىي كۈچى بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، بالىلارنى

تەربىيلەش ۋە ئېرىنى كۆتۈش» ، ھەتتا ئاياللارنىڭ تەلىم-تەربىيە ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىش خاھىشى شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەركىن، ئىجتىمائىي كۆز قاراش دەرىجىسىدىن يۇقىرىلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قانۇن-تۈزۈم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. پروسسىيىنىڭ 19-ئەسىردىكى پادىشاھى بىسمارك گېرمانىيە ئاياللىرىنىڭ ھاياتىدا قىلىدىغان ئۈچ خىل ئىش دائىرىسىنى بەلگىلەپ، بۇ دائىرىدىن چىقىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بېكىتكەن. ئۇ بولسىمۇ ئاياللارنىڭ بالا تەربىيلەش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، دىنىي ئىبادەت ئۈچۈن چېركاۋغا بېرىش. بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ بېشى نېمىس تىلىدا «ك» ھەرپى بىلەن باشلانغاچقا، گېرمانلار ئاياللارنىڭ بۇ ئۈچ ۋەزىپىسىنى «ئۈچ ك» دەپ ئاتىغان.

«ئاياللار قانچە نادان بولسا شۇنچە ئەخلاقلىق بولىدۇ» دەيدىغان بۇنداق فېئوداللىق كۆزقاراش ۋە شۇ ئاساستىكى رېئاللىقتا، ئىسلام دىنى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرىلا رەددىيە بەرگەن ۋە ئاياللار مۇستەقىل سالاھىيەتكە ئىگە ئىنسان سۈپىتىدە تەلىم-تەربىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئىلغار جەمئىيەتنىڭ ئۈرنىكىنى سىزىپ بەرگەندى. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، گاھىدا رېئاللىقنىڭ بۇيۇك ۋە مۇكەممەل نەزەرىيىلەرگە ئەيىنەك بولالماسلىقى نەزەرىيىنىڭ خاتالىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنى تولۇق ۋە ئەسلىي مەنىسىدە ئەمەلىيلەشتۈرمىگەن ئىنسانلارنىڭ خاتالىقى.

6. نىكاھ — ئادەمزات ئەۋلادىنىڭ داۋاملىشىشىنى تەمىن ئەتكۈچى زۆرۈرىيەتتۇر. ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئەقلىگە مۇۋاپىقلاشقان دىندۇر. شۇڭا، ئۇنىڭدا ئەقىدە-ئىبادەتلا ئەمەس، ئىنسانىنىڭ روھىيىتى تەتقىق قىلىنىدۇ. ئىنسان روھىيىتىدىكى ئاجىزلىقلارغا رىئايە قىلىنىدۇ. ئىنسانىي مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھايات يولىنىڭ خەرىتىسى سىزىپ بېرىلىدۇ». «قۇرئان كەرىم»دە مۇقەددەس زۆرۈرىيەت ۋە ئالىي نېمەت ئاتالغان نىكاھ، شەرىئەتتە ئەھكاملىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان مۇھىم مەسىلىدۇر.

ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ۋاقىتلىق نىكاھ، مەھرسىز قايچا قۇدا بولۇشماق، توپلىشىپ نىكاھلىنىشتەك ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان نىكاھ شەكىللىرىنى بىكار قىلدى. ئەر-ئايال ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە باراۋەر بولغان، مېھر-مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ساغلام نىكاھ تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش نىكاھ تۈزۈمىدە ئاياللارنىڭ لايىق تاللاش ھوقۇقى ۋە تويدىن كېيىنكى ھوقۇقلىرى قوغدىلىپلا قالماي، يەنە ئاجراشقان ۋە ئېرى ۋاپات بولغان ھالدىكى ھوقۇقلىرىمۇ بەلگىلەندى ۋە قوغدالدى. ئىسلام دىنى نىكاھنىڭ ئىنسان ھاياتىدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، مەيلى بويىغا يەتكەن قىزلار، تۇل ئاياللار بولسۇن ھەممىسىنىڭ

ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى تاللاش ھوقۇقى بىيارلىقنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئايالنىڭ ئەقلىگە قارىغاندا كۆپرەك ھېسسىياتقا مايىل بولۇش، ئىجتىمائىي ئالاقە تەجرىبىسى كەمچىل بولۇشتەك تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، نىكاھ ئىشىدا ئاتا- ئانىسىنىڭ يول كۆرسىتىش، نەسىھەت قىلىش، مەسلىھەت بېرىش ۋە نىكاھ ئىشىغا ئىگە بولۇشتەك شەرتلىك ۋە چەكلىك ھوقۇقىنىمۇ بەلگىلىدى. لېكىن، شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، مۇستەقىل سالاھىيەتكە ئىگە ئايالنىڭ ئىختىيارى ۋە رازىلىقى نىكاھ ۋۇجۇدقا چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. بايلىق، مەنسەپ، شان- شۆھرەتنى قوغلىشىپ ئايالنى ئۆزى خالىمىغان كىشىگە ياتلىق قىلىشتەك ناچار قىلمىشلار ئىسلام دىنىدا قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ ۋە چەكلىنىدۇ. يەنە ئايالنىڭ بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا قازىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، قازىنىڭ ئايالنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، شەرىئەتكە ئۇيغۇن، ئايال رازىلىق بەرگەن نىكاھنى ئوقۇپ قويۇشتەك ھەل قىلىش چارىسىمۇ بېكىتىلدى. «قۇرئان كەرىم» دە ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماڭ (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماڭ) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ... ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار﴾ (سۈرە نىسا 19- ئايەت).

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندۇ: بىر ياش ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، دادىسىنىڭ ئۇنى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز، بايلىقنى كۆزلەپ تاغىسىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللار ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشىنى بەلگىلەشكە ئۆزىگە ھامىي بولغۇچىدىنمۇ بەكرەك ھوقۇقلۇقتۇر» دېگەن. ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئۆزلىرىنىڭ سەھىھ كىتابلىرىدىكى ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەيلى بويىغا يەتكەن قىز ياكى ئىلگىرى توي قىلغان ئايال بولسۇن، ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز بىراۋغا ياتلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ياتلىق بولمىغان قىزنىڭ سۈكۈت قىلغىنى ئۇنىڭ رازى بولغىنىدۇر».

ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن ئىبنى قەييىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام شەرىئىتىدىن خەۋىرى بارلىكى كىشىگە مەلۇمكى، بويىغا يەتكەن، ئەقلى توشقان قىزنىڭ شەخسىي مال-مۈلكىدىن دادىسى قىزنىڭ رازىلىقىسىز بىر تىيىنمۇ خەجلىيەلمەيدۇ. شۇنداقلا قىزنى مال-مۈلكىدىن بىرىشكە مەجبۇرلىيالمايدۇ. شۇنداق تۇرسا، دادىنىڭ قانداقمۇ شۇ مال-مۈلۈك ئىگىسى بولغان قىزنى ئۆز رازىلىقىسىز بىرسىگە ياتلىق قىلىپ، ئۆيدىن چىقىرىش ھوقۇقى بولسۇن؟ چۈنكى قىزنىڭ رازىلىقىسىز مال-مۈلكىنى خەجلىۋېلىش ئايالنى ئۆزى خالىمىغان

www.uyghurkitap.com

بىرسىگە نىكاھلاپ قويۇشتىن ئەلۋەتتە ئاسان ۋە يەڭگىلرەكتۇر». مەھر، نەپىقە ۋە مۇتئە ئىسلام دىنى ئاياللارغا ئاتا قىلغان ئىقتىسادىي ئىمتىيازلاردۇر. ئىسلام دىنى نىكاھتىن ئىلگىرى ئەرنىڭ ئايالغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۇرۇش، قەدىرلەش يۈزىسىدىن ئۆز ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا مەھر (تويلۇق مال-مۈلۈك) بېرىشىنى بەلگىلىگەن. «قۇرئان كەرىم» دە مەھر ئايالنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھەققى بولۇپ، بېرىلگەن مەھر كۆپ بولسىمۇ نىكاھتىن ئاجراشقاندا قايتۇرۇۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھر قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟ ئۆز ئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟﴾ (سۈرە نىسا 20-، 21-ئايەتلەر).

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، قەدىر-قىممىتىنى قوغداشنىڭ يۈكسەك پەللىسى شۇكى، ئەگەر ئەر-ئايال بىللە بولۇشتىن ئىلگىرى مەھر مىقدارى بېكىتىلىپ بولغان ئەھۋالدا ئەر يېنىۋالسا، ئايالنىڭ ئازار يېگەن كۆڭلىگە تەسەللى بولسۇن ئۈچۈن، تەيىنلىگەن مەھرنىڭ يېرىمىنى

ئايالغا بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. مەھر تەيىنلەنمىگەن ئەھۋالدا تالاق قىلسا، ئىقتىسادىي ئەھۋالغا يارىشا ئايالغا مۇتئە (مال-مۈلۈك) بېرىشنى تەكىتلىگەن. تويدىن ئىلگىرى قىزنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي چىقىملىرىنى دادىسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىش كېرەكلىكىنى، نىكاھتىن كېيىن ئايال ھەم بالىلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ، قوشۇمچە ئېھتىياجلىرىنى ئەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى (نەپىقە) قىلىپ بېكىتكەن. ناۋادا ئەر ماددىي جەھەتتە ئاددىي خىزمەتچى بولۇپ، ئايال مىراس ياكى خىزمەت يولى ئارقىلىق كەلگەن زور بايلىقنىڭ ئىگىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئىسلام شەرىئىتىدە بۇ ئايالنىڭ خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان شەخسىي مال-مۈلكى بولۇپ، مال-مۈلكىدىن ئۆي ياكى بالىلار ئۈچۈن بىر پۇڭ خەجلەشكە تەكلىپ قىلىنمايدۇ. ئىسلام دىنى ئەرنىڭ نىكاھتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئەنە شۇنداق زور ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىقى، دەل شۇ سەۋەبتىن ھەر قېتىملىق نىكاھنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا مەنىۋى جەھەتتىنلا ئەمەس، ماددىي جەھەتتىنمۇ زور چىقىم تۆلىگەچكە، يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغانلىقى ۋە ھېسسىياتنى ئەمەس، ئەقىلنى ئۆلچەم قىلىدىغان خاراكتېردەك ئىنسانلار بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان نۇرغۇن ھېكمەتلەر سەۋەبىدىن تالاق قىلىشنى ئەرنىڭ ئىلكىدە قىلغان، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئايالنىڭ ئالدىدىكى يول ئېتىلىپ قالغىنى يوق. ئېرىنىڭ ۋاپاتى ياكى تالاق سەۋەبى بىلەن بۇزۇلغان نىكاھتىن

كېيىن ئايالنى ياشاش ھوقۇقىدىن، قايتا ياتلىق بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان ھىندىستان، رىم قانۇنلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئىسلام شەرىئىتى خەلئى ئۇسۇلى ئارقىلىق ئايالغا خالىمىغان نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە قايتا تۇرمۇش قۇرۇش ئەركىنلىكىنى بەردى. بەلكى ئېرىدىن ئاجراشقان ئاياللارغىمۇ بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىياز ۋە ھوقۇقلارنى بېكىتتى. ئۇ بولسىمۇ تالاق قىلىنغان ئايالغا ئىددىتى توشقۇچە ئەرنىڭ نەپىقە بېرىشى (تۇرالغۇ، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك خىراجىتى)، ئەگەر ھامىلدار بولسا، ئەرنىڭ تاكى ئايال بوشانغۇچە ئۇنى بېقىشى، ئەگەر ئېمىتىۋاتقان بالىلىرى بولسا، ئەر مۇۋاپىق ئېمىتىش ھەققى بېرىشنى بەلگىلىدى.

ئىسلام دىنىدا ئايال مەيلى نىكاھتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، مۇستەقىل سالاھىيەتكە ئىگە ئادەم سانالغاچقا، ئېرى ھەر قانچە كاتتا شەخس بولسىمۇ، ھەر قاچان ئۆز نەسەبىنىڭ بەلگىسى بولغان دادىسىنىڭ ئىسمى ۋە فامىلىسى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ غەرب جەمئىيىتىدىكى ئايالنىڭ نىكاھتىن كېيىن ئۆز شەخسىيىتى ۋە نەسەبىنىڭ بەلگىسى بولغان فامىلىسىنى تاشلاپ، ئۆمۈر بويى ئېرىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىش ئادىتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما.

ئىسلام دىنى نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە ئەر-ئايالنىڭ خۇددى كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىپ ياشايدىغان

يېقىنلىق ۋە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن سۇغىرىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، ئەر-خوتۇنىنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ھوقۇق-مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلىگەن. ئەرنىڭ ئايالىغا گۈزەل سۆز، خۇش مۇئامىلىدە بولۇشى، ئايالىنى بارلىق زىيان-زەخمەتلەردىن ساقلاپ، سەۋرچان، مېھرىبان بولۇشى ئەرنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ئەرنى ئۆز ئايالىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشقا ئۈندەپ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: ﴿**ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن**﴾

(سۈرە نىسا 19-ئايەت) .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىرى ۋە ئەمەلىيىتىدە ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ئەر-ئايال بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشىنىڭ ئېسىل ئۈلگىسىنى ياراتقان ۋە بۇ نۇقتىنى تەكىتلىگۈچى خېلى كۆپ ھەدىسلەرنى قالدۇرغان. ئىمام تىرمىزىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىتابىدىكى بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئايالى-بالىلىرىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلىرىدۇر، مەن ئۆز ئەھلى ئايالىمغا خۇشخۇيلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن**». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بۇنى ئىمان بىلەن باغلاپ مۇنداق

دېگەن: «مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى كامىلراقى ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بالىلىرىغا خۇشخۇي ۋە مېھرىبانراقىدۇر».

ھىجرىيىنىڭ 10 - يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى قېتىملىق ھەجدە ئەرافاتقا چىقتى ۋە بۇ يەردە ئىسلام دىنىنىڭ توپ يىلتىزى ۋە شاخچىلىرى بايان قىلىنغان ۋىدالىشىش نۇتقىنى سۆزلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە قىلغان ئاخىرقى ۋەسىيىتى ھېسابلىنىدىغان بۇ مەشھۇر نۇتقىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا بەرگەن ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئىزگۈلۈكلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى: «ئاياللارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى قىلىپ ئالدىڭلار، ئۇلارنى نىكاھ ئارقىلىق ئۆزۈڭلارغا ھالال قىلدىڭلار، ئاياللار توغرىسىدا ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدىكى ۋەسىيەتلەرنى قوبۇل قىلىڭلار». ئامېرىكىلىق ئالىم ۋېلىك مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئاجىز، موھتاج، يېتىم ۋە كەمبەغەل غېرىبلارنىڭ بېشىنى سىلىغۇچى رەھمەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە، جىمى دىنلار ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەردە ئاياللار قىلچە ھوقۇقسىز كەمسىتىلىۋاتقان ھالەتتە، مۇھەممەد ئايال جىنسى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن رەھىم - شەپقەت ۋە مېھىر - مۇھەببەت ئىدى».

7. سىنىپىي جەمئىيەتتە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى -

تـوۋەن بولۇشـى ۋە باشـقا هوقۇقلارغـا ئىگـە بولۇشـنىڭ تـۈپ ئاساسىدۇر. مىلادىيە 7-ئەسىردىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە ئەرلەر، يەنـە كـېلىپ چـوڭ خوتۇنـدىـن بولغـان چـوڭ ئوغۇلـلار مىراسخورلۇق هوقۇقىغا ئىگە ئىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب پەقەت ئەرلەرلا ئۆز قەبىلىسى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلالايدۇ، مال-مۈلۈك ئولجـا ئـالالايدۇ، يەنـە بـۇ مـال-مۈلۈكلـەرنى داۋاملىـق ئـۆز قەبىلىسـىنىڭ تـەۋەلىكىدە سـاقلىيالايدۇ، دەيدىغـان كـۆز قـاراش ئـىدى. ئىسـلام دىـنى بـۇ ئەنئـەنىنى بـۇزۇپ تاشلاپ، ئاياللارغا مىراسخورلۇق هوقۇقى ئاتا قىلـدى. ئـاللاھنىڭ نامى ۋە بېكىتىشى بىلەن ئاياللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا هەققى بارلىقىنى جاكارلاپ، ئاياللارنى شەخسىي مال-مۈلۈككـە ئىگـە قىلـدى، شـۇنداقلا ئايـاللارنىڭ شەخسـىي مـال-مۈلۈكلىرىنىڭ دەخلىسىزلىكى، دادىسىنىڭ، ئاكا-ئۇكا، ئېرىنىڭمۇ ئايـاللىنىڭ رۇخسىتىسـىز بـۇ مـال-مۈلۈكتىـن بـىر تىيـىن ئالالمايدىغـانلىقىنى ئوتتۇرىغـا قويـدى. مىلادىيـە 7-ئەسـىردە ئېيتىلغان «قۇرئان كەرىم» دىكى: ﴿ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ بىر ئۈلۈشى بار، ئاتـا-ئانىسـى ۋە تۇغقـانلىرى قالدۇرغـان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ئۈلۈشى بار، مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكـە) ئـاز بولسـۇن يـاكى كـۆپ بولسـۇن، هـەر ئـادەم (ئـاللاھنىڭ ئـادىل شـەرىئىتىدە) بەلگىلەنگـەن ئۈلۈشـىنى ئـالىدۇ﴾ (سۈرە نىسـا 7-ئايەت) دېگەن ئايەتتىكى پرىنسىپلار ئاياللارنىڭ ئۆزى

ئەرلەر ۋارىسلىق قىلىدىغان شەخسىي مۈلۈك ھېسابلىنىۋاتقان شارائىتتا ئاياللار ھوقۇقىنىڭ ئالىي خىتابىنى ياڭراتقاندى. ئىسلام دىنى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرىلا ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش مال-مۈلۈك باشقۇرۇش، تىجارەت، ئىجارە، قەرز، رەنە قويۇش، بەخشەندە قىلىش، كېپىللىك قىلىش، ۋەسىيەت قىلىش، توختامنامە تۈزۈش ھوقۇقلىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەندى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مەھر، نەپىقە، مۇتئەمۇ ئاياللارنىڭ نىكاھتىكى ۋە نىكاھتىن ئاجراشقان ھالدىكى ئىقتىسادىي ھوقۇقىنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر.

ئىسلام دىنى يېتىم قىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېتىم-يېسىرلارنىڭ مال-مۈلكىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى يەۋېلىشتەك ناچار قىلمىشلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. شۇنداق قىلغان كىشىلەرگە: ﴿**شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ**﴾ (سۈرە نىسا 10-ئايەت) دېيىش ئارقىلىق لەنەت ئوقۇيدۇ.

ئىسلام دىنى ئەر-ئايالنىڭ يارىلىشتا، ئىنسانىي قىممەت، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە، ئەمەللىرىگە بېرىلىدىغان ساۋاب-جازادا تەڭ باراۋەرلىكىنى جاكارلىدى، شۇنداقلا ئاخىرەتكىلا ئەمەس، ئەقىلگە، رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىشتەك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى فىزىئولوگىيىلىك،

پسخولوگىيلىك ئىنچىكە پەرقلەرنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىپ، بەزىبىر تەرەپلەردە پەرقلىق بولۇشنى تەكىتلىدى. ئاياللارغا خاس بولغان ئالاھىدە ھوقۇق، ئەھكام، ئىش تەقسىماتى ۋە مەسئۇلىيەتنى بېكىتكەندەك، ئەرلىك تەبىئەتكە مۇناسىپ ئايرىم ئەھكام، ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلىدى. ئىسلام دىنى ئەر-ئايالنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تۆھپىسىنىڭ باراۋەرلىكى ئاساسىدا، ئەر ۋە ئايالنىڭ ھايات سەھنىسىدە ئۆزىگە خاس ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان خاس رولىنى تەكىتلىدى. ئەر ھەر قانچە قىلسىمۇ ئايال جىنسىنىڭ ھامىلدار بولۇش، تۇغۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمىغىنىدەك، ئەر ۋە ئايالنىڭ يارىتىلىش تەبىئىتىگە ماس ۋەزىپە-مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈكۈلۈقىنى ساقلاش ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەرلەرگە پەرز قىلىنغان جامائەت نامىزى، جىھادنىڭ (جەڭگە چىقىشنىڭ) ئاياللارغا پەرز قىلىنمىغانلىقى، ھەيز ۋە تۇغۇت مەزگىلىدىكى پەرز نامازلارنىڭ ئاياللاردىن ساقىت قىلىنغانلىقى، ھېچقانداق ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالمىغان ئايالنىڭ نەپىقە، مەھىر، مۇتئەدىن بەھرىمەن بولۇشىدەك نۇرغۇن ئىمتىيازلار دەل شۇ ئاياللارغىلا خاس قىلىنغان ھوقۇقلار جۈملىسىدىندۇر. ئىسلام دىنى ئاياللار ئازادلىقى شوئارى ئاستىدا ئاياللىق تەبىئىتىدىن، ئەڭ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، ئەرگىمۇ، ئايالغىمۇ ئوخشىماي قالغان ئاياللار تراگېدىيىسىنىڭ سەۋەبچىسى دەل

www.uyghurkitap.com

ئىنسان تەبىئىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەر جىنس ئۆزىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. شۇڭا، ئىسلام دىنىدىكى ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى قارىغۇلارچە، مۇتلەق باراۋەرلىك بولماستىن، بەلكى ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى فىزىئولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك پەرقلەرنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئىنسان تەبىئىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەر جىنس ئۆزىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش پرىنسىپى ئاساسىدىكى باراۋەرلىكتۇر. ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى بەزىلەر كۆتۈرۈپ چىققان ئاياللىڭ مىراس مىقدارى، گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ۋە ئەرلەرنىڭ مۆئەييەن شارائىت ۋە شەرت ئاستىدا كۆپ خوتۇنلۇق (بىردىن تۆتكىچە) بولۇشقا رۇخسەت قىلىش مەسىلىرىگە يۇقىرىقى پرىنسىپ ئاساسىدا جاۋاب بەردى. ئۇلار سۈرە نىسادىكى ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر﴾ (34-ئايەت) دېگەن ئايەتتىكى ھامىيلىق ئەرلەرنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىگە ۋە ئاياللارنىڭ نەپىقىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنلىكىگە قارىتىلغان، شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەرلەرگە خاس قىلىنغان ھامىيلىق ۋە دەرىجە پەقەت

مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت بولۇپ، شان-شەرەپ ۋە ئۇستۇنلۇك ئەمەس، دەپ شەرھلىدى.

مەجبۇرىيەتسىز ھوقۇق بولمىغىنىدەك، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ قانۇنى، ئىقتىسادىي، نىكاھ، ئىجتىمائىي، تەلىم-تەربىيە ھوقۇقلىرى بىلەن بىللە ياندىش مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ بېكىتتى. بۇ ئەر-ئاياللار ئورتاق بولغان دىنىي ئەھكام، ئەخلاق-پەزىلەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، «ياخشىلىقا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش» تەك ئومۇمىي بولغان مەجبۇرىيەتلەر بىلەن بىرگە، ئاياللارغا خاس بولغان بىر بۆلۈك مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، بالا تۇغۇش، ئېمىتىش ۋە تەربىيىلەش، سىرتلارغا ھىجاب بىلەن چىقىش، مۇناسىپ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشتەك خاس مەجبۇرىيەتلەر ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، نام-شەرىپىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئايالنىڭ ئاياللىق تەبىئىتى ۋە ئىنسانىي خاراكتېرىگە ھۆرمەت قىلىش، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت بەلگىلەش بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى توغرا ۋە تەكشى يۈزلەشكە باشلاش ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار مەسىلىسىدىكى پرىنسىپى، ئىنسانىيەتنىڭ غايىۋى بۈيۈك پەللىسى ئىدى. بۇ بۈيۈك پەللىنىڭ مەنزىللىرىدە ئايال ئۆز ئۆيىگە ئىپار چاچىدىغان ئەتىۋارلىق گۈل، ئېرى قولىدا يامان مەقسەت، يامان كۆزلەردىن ياخشى ساقلانغان گۆھەر، بالىلىرىنى

ئېتىقاد ۋە ساغلام تەربىيە بىلەن سۇغارغۇچى مېھىر- مۇھەببەت بۇلىقى ئىدى.

مىلادىيە 7- ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ياڭرىغان ئەزان ئاۋازىدىن كېيىن، دۇنيا تولىمۇ كېچىكىپ، يەنى 20- ئەسىردە تۇنجى قېتىم ئەر- ئاياللار باراۋەرلىكىنى تەرغىب قىلغۇچى — ئاياللار ھوقۇقى دېگەن يېڭىچە ئاتالغۇنىڭ شاۋقۇن- سۈرەنلىرىنى ئاڭلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ دېموكراتچىل دۆلەت سانالغان ئەنگلىيە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەر- ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكىنى قانۇنىي ھالدا تۇنجى بولۇپ ئېتىراپ قىلدى. 18- ئەسىردە ئۆز مۇستەقىللىقىنى دۇنياغا جاكارلاپ، كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمىنى بازارغا سالغان ئامېرىكا قوشما شتاتى 1920- يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن سىياسىي ھوقۇق جەھەتتە ئەر- ئاياللار باراۋەرلىكىنى قانۇندا ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا فرانسىيەمۇ بۇ ئېقىمغا ئاۋاز قوشتى. 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 1948- يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئېلان قىلغان «ئىنسان ھوقۇقلىرى خىتابنامىسى» نىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئىنسانلارنىڭ ئىنسانىي قىممەتتە تەڭ، باراۋەر ئىكەنلىكى، جۈملىدىن ئەر- ئاياللار باراۋەرلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىسلام دىنى بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان

ۋە جاۋاب بېرىپ بولغان بۇ مەسىلە ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىت، تەبىئىي بايلىقلاردەك دۇنياۋى تېمىغا ئايلاندى.

نەزىرە مۇھەممەد سالىھنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى



# ئاياللار

## سۆز بېشى

بۈنىگىدىن بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرى، ئەۋۋ ئىبىن مىلھەم ئىسىملىك كىشى بويىغا يەتكەن قىزى ـ ئۈممۇ ئىنەسىنى قەبىلە پېشىۋالىرىدىن بىرىگە تۇرمۇشقا بېرىشكە قارار قىلغانىدى. مىلھەمنىڭ خوتۇنى ئۇمامە يات ئائىلىگە ئۇزىتىلىۋاتقان قىزىنى، ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇشبۇ قىممەتلىك نەسىھەتلەرنى ئېيتقان:

جېنىم بالام!

بىرەر كىشىنى ياخشىلىققا ئۈندەش ئۈچۈن پەندى ـ نەسىھەتلەر بېرىلىدۇ. ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ياكى باي بىر كىشىنىڭ پەرزەنتى بولۇش ياكى ھەممىگە ماقۇل خىسلەتكە ئىگە بولۇشنىڭ ئۆزى ـ ئىنسانغا كۇپايە قىلغاندا ئىدى، ساڭا نەسىھەت قىلىپ ئولتۇرمايتتىم.

ئەسلىدە، نەسىھەت ۋە تەۋسىيە، ئۇنتۇغاق كىشىلەرگە قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا كۆرە، نەسىھەتلەر ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

سۆيۈملۈك قىزىم!

ئەگەر، بىرەر قىز ئاتا-ئانىسى باي بولغانلىقىدىن تۇرمۇشقا چىقىشقا موھتاج بولمىسا ئىدى، سىنىڭ ھېچقانداق ئەرگە ئېھتىياجىڭ قالماستى، ئەمما ھايات سەن ئويلىغاندەك ئەمەس. ئەرلەر بىز ئۈچۈن، بىز بولساق ئەرلەر ئۈچۈن يارىتىلغانمىز.

قىزىم! ئۆزۈڭ چوڭ بولغان ئائىلىدىن چىقىپ، مۇتلەق ناتونۇش، يات بىر ئۆيگە بارىسەن، ھېچ كۆرۈشۈپ، گەپلەشمىگەن، مىجەز-خۇلقىنى بىلمىگەن بىر كىشىنىڭ ئۆمۈر يولدىشىغا ئايلىنىسەن، سەن ئۇنىڭ خىزمەتكارى. بىلگىنكى، ئۇ ھەم ساڭا ياردەمچى بولسۇن!

بالام:

كەل، ئەمدى، بەزى نەسىھەتلەرنى بېرەي، ئۇلارنى ياخشى ئۆگىنىپ، چىرايلىق ئەمەل قىلساڭ، ئۆمۈر بويى راھەتتە ياشايسەن. ئۆمۈر يولدىشىڭ بىلەن ھېچقاچان ئارائلار بۇزۇلمايدۇ. بۇ دۇنيادا بەختلىك ھايات كەچۈرگىنىڭگە ئوخشاش، ئاخىرەتتە ھەم ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشىسەن.

1. قانائەتلىك بول! يەنى، ئۆمۈر يولدىشىڭ كەلتۈرگەن ئوزۇق-ئوقەت، كىيىم-كېچەكنىڭ ھەممىسىنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىل. چۈنكى، قانائەت قەلبگە ھۇزۇر-ھالاۋەت بېغىشلايدۇ.

2. ئېيتىلغۇاتقان گەپلەرنى دائىما دىققەت بىلەن ئاڭلا ۋە ھەمىشە ئىتائەتتە بول. ئۆمۈر يولدىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمە، ئۇنىڭ بىلەن ھەمپىكىر ۋە بىر نىيەتتە بولۇشقا ھەرىكەت قىل.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لۇنداق ھەرىكەتلىرىڭ بىلەن جانابىي ھەقنىڭ رازىلىقىغا ھەم يېتىشىسەن.

3. يولدىشىڭنىڭ كۆزى چۈشۈشى مۇمكىن بولغان ھەممە جايغا ئېتىبار بەر، شۇنداق قىلغىنكى، ئۇنىڭ كۆزى زىنھار قالايمىقان ھالەتلەرگە چۈشمىسۇن.

4. يامان ھىد (پۇراق) چىقىش ئېھتىمالى بولغان نەرسە ۋە يەرلەرگە دىققەت قىل، ئۇلارنى تېپىپ تازىلا. ئۆيۈڭدىن ھەردائىم خۇشبۇي ھىدلار تارىلىپ تۇرسۇن.

5. شۇنى ياخشى بىل: تازىلىق ۋە لاتاپەت سۇغا باغلىق. ھەرقانداق نەرسە سۇ بىلەن پاكىز بولىدۇ. ئۆيدە سۇلارنىڭ پاكىز تۇرۇشىغا ئەھمىيەت بەر.

6. ئېرىڭنىڭ تاماقلىنىش سائىتى بىلەن ئۇيقۇ ۋاقتىغا دىققەت قىل. تاماقنى ھەمىشە ئۇنىڭ ئادىتى بويىچە تەييارلا. ۋاقتىدا ئۇخلاش ئۈچۈن ئىشلىرىڭنى ۋاقتىدا تۈگەت. چۈنكى، ئاچلىق كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. ئۇيقۇسىزلىق بولسا-خاپىلىققا سەۋەب بولىدۇ.

7. ئۆيۈڭدىكى مال-مۈلۈك ۋە جاھازىلارنى ئېھتىيات قىل، بۇ نەرسە، سېنىڭ تېجەشمەنلىكىڭنى كۆرسىتىدۇ.

8. ئېرىڭنىڭ يېقىنلىرىغا چىرايلىق مۇئامىلىدە بول. بۇ نەرسە، سېنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرىدۇ.

9. ئېرىڭنىڭ سىرلىرىنى زىنھار بىراۋغا ئېيتما. ئەگەر سىرلىرىنى ئەتراپىغا يايىدىغان بولساڭ، سەندىن رەنجىيدۇ.

بۋاپالىق يولىغا كىرىپ كېتىشى ھەم مۇمكىن.

10. ئېرىڭىزنى ھۆرمەت قىل، بۇيرۇقلىرىنى بىجىر، گەپ قايتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقما، ئەگەر قارشى تۇرۇپ ئىسيان كۆتۈرسەڭ، ئاچچىقى كېلىپ، رەنجىشكە، ھەتتا دۈشمەن كەبى ھەرىكەت قىلىشىغا سەۋەب بولىسەن. ئېرىڭ غەمكىن ۋە خاپا بولغان ۋاقىتدا ئۆزۈڭنى خۇرسەن تۇتما، ئۇنىڭ غەم-تەشۋىشىگە شېرىك بول. ئۇ خۇرسەن بولسا، سەن ھەم شۇنداق كەيپىياتتا بولۇشقا ھەرىكەت قىل.

قىسقىسى:

قىزىم! ئېرىڭگە قانچىلىك ھۆرمەت ۋە ئىتائەت قىلساڭ، شۇنچىلىك سۆيۈملۈك بولىسەن. قانچىلىك رازى قىلساڭ، شۇنچىلىك مۇھەببەت كۆرىسەن. شۇنى ھەم تەكىتلەپ ئۆتۈشۈم لازىمكى، بۇ ئېيتقانلىرىمنى پەقەت ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى، ئۆز ھاۋايى-ھەۋەسلىرىڭدىن، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئۆز ئارزۇلىرىڭدىن ئۈستۈن قويۇش بىلەنلا ئورۇندىيالايسەن.

ئۇمامەنىڭ ئۆز تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ قىزىغا قىلىنغان بۇ پەندى-نەسىھەتلىرى، ئومۇمەن ئېرى بىلەن شېرىن ھايات كەچۈرۈش، ئائىلىنى ياخشى باشقۇرۇش ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتتە، خاتىرجەم ياشاشنى خالايدىغان ھەربىر ئايال ئەمەل قىلىشى لازىم بولغان ئىشلاردىندۇر. بارچە خانىملار ئۆزلىرىگە مانا شۇ نەسىھەتلەرگە مۇۋاپىق يول ھازىرلاشلىرى كېرەك.

جانابىي ھەق بىزگە، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىش

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن، ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنى دۇنيايىمىزدا كۆپەيتۈرۈپ قويدى. شۇ سەۋەبتىن ئەر بىلەن ئايالنى بىر-بىرىگە موھتاج قىلدى؛ ئەقىل-ئىدراك شەرەپلىرى بىلەن ئۇلارنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلدى. ئايال ۋە ئەرنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتىنى نىكاھ ۋاستىسىدە قانۇنلۇق قىلدى، ئېھتىياجلىرىنىڭ تەمىنلىنىشىگە شۇ يوسۇندىن ئىزنى بەردى.

ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىرلىكتىكى تۇرمۇشى-شەرئى نىكاھقا ئاساسلىنىدۇ. بۇ بۇيرۇق (ئەمر) ئالەمنىڭ تەرتىپى، ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشى ۋە ساغلام جەمئىيەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈندۇر.

«تەفسىرى كەبىر» مۇئەللىپى فەخرى رازى ھەزرەتلىرى، «ۋە جەئەلنا بەينەكۇم مەۋەددەتەن ۋە رەھمەتەن» ئايىتى كەرىمىنى شۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ پەقەت نەپسانىي لەززەتتىن ئىبارەت ئەمەس. ئۇ مۇھەببەت — بىۋاستە ئاللاھنىڭ لۇتپىگە ئائىت كەيپىياتدۇر. چۈنكى، نەپسانىي لەززەتسىز ھەم مۇھەببەت داۋام ئېتىۋېرىدۇ. ئەگەر ئەر-خوتۇن ئارىسىدىكى رىشتە، پەقەت شەھۋەتتىنلا ئىبارەت بولسا ئىدى، شەھۋەت بولمىغان ۋاقىتلاردا ئۆزئارا چىقىشالماسلىق كۈچىيىپ، ئايرىلىش ۋۇجۇدقا كېلەتتى». دېمەك، شەرئى نىكاھ — سۆيگۈگە، مۇرەسسە بىلەن ياشاشقا ۋە ياخشى ھايات كەچۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان يېگانە باغدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، «نىكاھدا ھېكمەت باردۇر» ئىبارىسى ھەم شۇ تەجرىبىلەر تۈپەيلى مەيدانغا كەلگەن ھەقىقەتتۇر.

ئۆزئارا چىرايلىق مۇناسىۋەت ـ ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. دېمەك، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىز ھەممە كىشىنى مېلىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزدىن رازى قىلالمايسىز، ھېچبولمىسا ئەخلاقىڭىز بىلەن مەمنۇن قىلىڭ» دەپ مەرھەمەت قىلغان.

بۈيۈك ئالىم ـ ئەبۇل لەيس سەمەر قەندى، بۇ ماۋزۇدا شۇنداق دېگەن: «ئىنسان ـ يۇمشاق سۆزلۈك، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك. ھېچكىمگە خۇشامەت قىلماسلىقى ۋە بىراۋنى يۈزىدە ماختىماسلىقى لازىم».

«ئەخلاقى ۋە ئەمەلى بۇزۇق كىشىلەر بىلەن، سۆھبەتتە ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ناتوغرا پىكىرلىرىنى، ماقۇللاۋاتقاندەك جىم تۇرۇش ئىنتايىن چوڭ خاتادۇر».

بۇنىڭدىن تاشقىرى ـ ھەممە كىشى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش، يامانلىقتىن يىراقلىشىش لازىم.

جانابىي ھەق، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا: «پىرئەۋنگە يۇمشاق سۆزلەر بىلەن گەپ قىلىڭ» دەپ بۇيرۇمىغانمىدى! بىز مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالامدىنمۇ گۈزەل ئەخلاقلىقمۇ؟!

ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە، شېرىن سۆز ۋە ئوچۇق چىراي بولۇشقا بۇيرۇلغانچقا، ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ

بىرىگە مېھىر-مۇھەببىتى ئېشىشى تەبىئىي، دېمەك نىكاھ توپەيلى يۈزگە كېلىدىغان سۆيگۈ ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەر-ھەر ئىككى تەرەپ تەشەببۇسى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىشى كېرەك. ئەر-خوتۇن زىممىلىرىدىكى ۋەزىپىلەرنى چىرايلىق بېجىرىشى بىلەن، بۇ مۇناسىۋەتنىڭ يەنىمۇ مۇستەھكەم بولۇشىغا زېمىن ھازىرلايدۇ. بىر-بىرىنىڭ ئەرزىمەس كەمچىلىكلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەستىن، ھاياتنى تىنچ-تاتلىق ئۆتكۈزىدۇ.

ئەكس ھالدا، يەنى، ئۆزئارا يامان مۇئامىلە-مۇناسىۋەت، ئۆز ھەقلىرىگە ئەمەل قىلماسلىق ئاقىۋىتىدە، ئارىدىكى مېھىر-مۇھەببەت يوقىلىدۇ. كېيىن ئەرزىمەس ئۇششاق كەمچىلىكلەر كۆزگە تۆگىدەك كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېلىشمەسلىك يۈزگە كېلىدۇ. ئۇرۇش-جېدەل، شاۋقۇن-سۈرەن كۈنسېرى كۈچىيىشكە باشلايدۇ. بۇنداق ئائىلىدىن ھالاۋەت كېتىدۇ. تىنچ-كۆڭۈللۈك ياشاش مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

مانا شۇ سەۋەبتىن، ئاياللار-ئەرلەرگە ئائىت ھەق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئەرلىرىنىڭ مىجەز-خۇلقىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى رازى قىلىشى، تىنچ ھايات كەچۈرۈپ دۇنيادىن ئۆتكەچ، ياخشى خاتىرىلەر بىلەن ئەسلىنىشى كېرەك.

شەئبى ئىسىملىك تابىئىن (ساھابىلەرنى كۆرگەن كىشىلەر) ئۆيلىنىش ماۋزۇسىدا قازى شۇرەيھ ئېيتىپ بەرگەن بىر ھادىسىنى شۇنداق نەقىل قىلىدۇ: قازى شۇرەيھ بىر سۆھبەتتە

ماڭا ئۆيلىنىش ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى:

— ئەي شەئىبى! ياشلىقىمدا بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن بىر مىيىت نامىزىغا بارغانىدىم. قايتىۋېتىپ، بىر ئىشىك ئالدىدا، ياشانغان ئايال بىلەن ياش قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. قىز تولىمۇ گۈزەل ئىدى. يېقىنراق باردىم، قېرى ئايالدىن سۇ سورىدىم. شۇ باھانىدە قىزنى تېخىمۇ ياخشىراق كۆرمەكچى ئىدىم. ئايال قىزغا سۇ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. سۇ ئىچىپ بولۇپ، ئايالدىن:

— بۇ گۈزەل كىمنىڭ قىزى، ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدىم.

— «خۇدەيرىنىڭ قىزى، ئىسمى زەينەپ» دېدى ئايال.

— تۇرمۇشلۇقما؟

— ياق.

— نىكاھىمغا ئېلىشنى خالاپ قالسام، ماڭا بېرەرسىزمۇ؟ دېگەن سوئالىمغا:

— خىلى بولساڭ بېرىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى.

قېرى ئايالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئۆيگە قايتتىم. قىزغا ئۆيلىنىشكە قارار بەرگەنىدىم. قېرىنداشلىرىم بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە باردۇق. مەقسىتىمىزنى ئېيتتۇق. خۇدەير:

— ناھايىتى ياخشى بولدى - دەپ تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلدى.

ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي نىكاھلاندۇق. ئەمما، بۇ

پەيتتە مەن ئىچىمدىن پۇشايمانلىق تۇيغۇ ھېس قىلىشقا باشلىغانىدىم. چۈنكى، ئۇ ئاردا قەبىلە ئاياللىرىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغانىدىم، لېكىن ئاخىرى كۆتۈشكە قارار قىلدىم. كۈن كىردى، قىزنىڭ يېنىغا كىرگىنىمدە، ئۇ ماڭا:

— جانابىم! مەن سىزنىڭ تەبىئىتىڭىز ۋە مىجەزىڭىزدىن بىخەۋەر بىر قىزمەن. نېمىلەرنى ياقتۇرۇشىڭىزنى ۋە خۇش كۆرۈشىڭىزنى ماڭا ئېيتسىڭىز، سىزنىڭ رازىلىقىڭىزغا قاراپ ئىش قىلىمەن، خىزمىتىڭىزدە بولىمەن. يەنە، ياقتۇرمايدىغان نەرسىلىرىڭىزنى ھەم ئېيتسىڭىز، ئۇلاردىن ساقلىنىمەن، رەنجىشىڭىزنىڭ ئالدىنى ئالىمەن. سىز ھەم باشقا بىر ئايال بىلەن، مەن ھەم باشقا بىر ئەر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىمىز مۇمكىن ئىدى. لېكىن، تەقدىرنىڭ ھۆكمى شۇ ئىكەن، بىرگە ئائىلە قۇردۇق. بۇ ئىلاھىي ئەمرنى يا لۇتفى ۋە كەرەم بىلەن قوبۇل قىلىڭ ياكى ھەقنىڭ بۇيرۇقىنى بېجىرىڭ. ئاللاھ تائالادىن ئىككىمىزنى ھەم مەغپىرەت قىلىشىنى سورايمەن - دېدى. شۇنداق ئېيتتىمكى:

— جېنىم! سۆزلىرىڭ شۇنداق چوڭقۇركى، ئېيتقانلىرىڭنى بېجىرەلىسەڭ، مېنى بەختىيار قىلىسەن. ئەمدى مەندىن نېمىلەرنى خالايسەن، قېنى ئېيت.

— قېرىنداشلىرىمنىڭ كېلىپ تۇرۇشىغا قانداق قارايسىز؟.

— دائىم كېلىشىنى ياقتۇرمايمەن. كۆپ كەلمىگىنى ياخشى.

— قايسى قوشنىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز؟ بىلىپ قويسام، شۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتىمەن.

— پالانى قوشنىلىرىمىز سالىھ كىشىلەر، ئۆزى - سۆزى توغرا، نومۇسلۇق، ياخشى ئىنسانلار، باردى - كەلدى قىلسا بولىدۇ. پالانچىلار بىلەن بولسا، گەپلەشمىگىنىڭ ماقۇل. چۈنكى، بەتخۇلۇق كىشىلەر. ئۇلارنىڭ كېلىشىنى ھەم خالىمايمەن - دېدىم.

ئەي شەئىبى! شۇنداق قىلىپ، قىز مېنىڭ رايىمغا مۇۋاپىق ئىش باشلىدى. كۈنسايىن ئۇنىڭغا مۇھەببىتىم ئېشىۋەردى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. بىر كۈنى ئۆيگە كەلسەم بىر قېرى ئايال ئولتۇرۇپتۇ. «ئۇنداق قىلما، بۇنداق قىلماي، بۇنداق قىل» دەپ خوتۇنۇمغا بىر نەرسىلەرنى ئۆگىتىۋاتقانىكەن.

— بۇ كىم؟ دەپ سورىدىم.

— قېينانىڭىز دەپ جاۋاب بەردى خوتۇنۇم.

ھال - ئەھۋال سورىدىم ۋە ھۆرمىتىنى جايىغا قويدۇم. «ئوغلۇم، ئايالىڭىزدىن رازىمۇسىز؟» دېدى قېينانام. ئىنتايىن خۇرسەنلىكىمنى، ياخشى تەربىيە بەرگەنلىكىنى ئېيتتىم.

— بالام! ئاياللار - ئاساسەن، ئىككى ھالەتتە ئەخلاقسىزلىق كۆرسىتىدۇ. بىرىنچىسى، ئوغۇل بالا تۇغقاندا؛ ئىككىنچىسى، ئەرلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەندە، ئەگەر خوتۇنىڭىزدا شۇنداق ھالەت سېزىلسە، دەرھال تەربىيە قىلىڭ، - دېدى ۋە سۆزىنى داۋام ئېيتىپ: «قەسەم ئىچىپ ئېيتىمەنكى، ئەرنىڭ ئۆيىدىكى ئەڭ

خۇنۇك ھالەت، ئېرىدىن يۈز ئۆرۈپ، نازلىنىپ يۈرگەن ئاياللارنىڭ ھالىتىدۇر» دېدى. كېيىن مەندىن سورىدى:

— ئوغلۇم! خوتۇنىڭىزنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ سىزنى قاچان زىيارەت قىلىشنى خالايسىز؟

— خالىغان پەيتتە كېلىۋەرسۇن.

دېمەك، قېيناناما ھەر يىلى، يىل بېشىدا بىزنىڭكىگە كېلىپ، قىزىغا چىرايلىق نەسىھەتلەرنى بېرىپ كېتەتتى.

ئەي شەئبى: يىگىرمە يىل مەن بىرگە ياشاپ، بىر ياستۇقتا باش قويغان ئايالىمدا، ھېچ كەمچىلىك كۆرمىدىم. بىر قوشنام بار ئىدى. ئايالى ئەدەپ-ئەخلاق كۆرمىگەن ئايال ئىدى. ئۆيىدە ئۇرۇش-جېدەل ھېچ قۇرۇمايتتى. ھەر قېتىم ئۇلارنى كۆرسەم، خوتۇنۇمنى ئەسلەيمەن. ۋە ئۇشبۇ شېئىر خىيالىمدىن ئۆتىدۇ:

كۆردۈمكى بىرقانچە ئەركەكلەر،
خوتۇننى تىنىمسىز كالتەكلەر،
زەينەبىمنى ئاللاھ ئاسرىسۇن،
قول كۆتۈرسەم، قولۇم قۇرىسۇن.
گۇناھسىز ھەم ھېچ ئۇرىلارمۇ؟
بىسەۋەب ئۇرۇلسا، ئادالەت قالارمۇ؟

تەربىيىلىك، ئار-نومۇسلۇق ۋە گۈزەل-ئەخلاقلىق ئاياللار ئۆزلىرى ھەققىدە مەدھىيىلەر يېزىلىشقا سەۋەب بولۇشقان.

بەتخۇلۇق، تەربىيىسىز خوتۇنلار بولسا، تىنچ ھاياتنىڭ ئىمىلىكىنى بىلمەيدۇ ۋە ئادەملەردە يامان خاتىرىلەر قالدۇرىدۇ.

يۇقىرىدىكى پىكرىمىزدىن: «ئەرلەر ئاياللارغا خالىغانچە مۇئامىلە قىلىدۇ، ئازار بېرىدۇ، تىللايدۇ، ئۇرىدۇ. ئەرلەر ھەق، ئاياللار ناھەق، مۇتلەق ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر» دېگەن خۇلاسە چىقىرىش توغرا بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئەرلەرنىڭ ھەم ئاياللىرى ئالدىدا بەزى ۋەزىپىلىرى بار.

ئاياللارنىڭ كىيىنىشى ۋە يەپ-ئىچىشى ئەرلەر تەرىپىدىن تەمىنلىنىشى كېرەك. ئەر كىشىدىن ئايالغا زۇلۇم ۋە ئەرزىيەت يەتكۈزمەسلىك، بەزەن سەۋر-تاقەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

رەسۇلۇللا ھەزرەتلىرى: «مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەڭ گۈزەل بولغىنى ئايالى، بالىلىرى ۋە قېرىنداشلىرى خۇسۇسىدا ئەڭ مەرھەمەتلىك بولغانلىرىدۇ» دېگەن. يەنە باشقا بىر ھەدىستە بولسا: «كىبىرلىنىپ، بالا-چاقىسىغا قوپال مۇناسىۋەتتە بولغان كىشىگە جانابىي ھەق (ئەززەۋەجەللە) نەپرەت بىلەن قارايدۇ» دەپ مەرھەمەت قىلغان.

قىسقىسى: ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ئالدىدا ۋەزىپىلىرى بولغىنى كەبى، ئەرلەرنىڭ ھەم ئاياللىرى ئالدىدا ۋەزىپىلىرى بار. ئەرنىڭ زۇلۇم قىلىشى-زالىملىقتۇر، ھەتتا ئايالنى بىھۇدە جەبىرلەش ئېھتىمالى بولغان، بەتخۇلۇق ئەرنىڭ ئۆيلىنىشى-شەرىئەتتە مەكروھ سانىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەركىشى ـ ئايالنى، ياخشى نەرسىلەرگە ئادەتلەندۈرۈشى ياماندىن نەرسىلەردىن ساقلىشى كېرەك. ئاياللار بولسا، (ئىختىيارسىز) ئېرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئىتائەتتە بولۇشى لازىم. تۆت ـ بەش پەرزەنتلىك ئانا كۆپىنچە، كېچە ـ كۈندۈز باللىرى تەربىيىسى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ھالەتلەردە ئەرنىڭ: «كىيىملىرىم دەزماللانمىغان، كىر كىيىم ۋاقتىدا يۇيۇلمىغان، تاماق كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس» دېيىشى ياكى شۇنداق باھانىلەر بىلەن ئايالىغا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، تىللاش ۋە كالتەكلەش ناھايىتى چوڭ زۇلۇمدۇر.

زالىملارنى ئاللاھ ھەم پەيغەمبىرىمىز خۇش كۆرمەيدۇ. چۈنكى، تاياق بىلەن تەربىيە قىلغىلى بولمايدۇ، ھەتتا ھايۋانلارغا ھەم بۇنداق تەربىيە قىلىنمايدۇ.

«ئاياللار ئەرلەرگە جانابىي ھەقنىڭ ئامانىتىدۇر».

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ھەزرەتلىرى مۇسۇلمان ئەركەك ۋە ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتلەرنى تۆۋەندىكى ھەدىس شەرىپلىرىدە بايان قىلغاندۇر: «ئاياللار قوۋۇرغا سۆڭەككە ئوخشايدۇ. ئۇنى تۈزلىمەكچى بولساڭ، سۇندۇرىسەن. ئۇنىڭدىن شۇ پېتىچە پايدىلانغىن».

«بىر ئەرنىڭ خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىشىدىن ئەرش لەرزىگە كېلىدۇ».

«بىر كىشى ئايالىغا مۇھەببەت بىلەن قارىسا ۋە ئايالى

ھەم ئۇنىڭغا شۇ كەبىياتتا يۈزلەنسۇن، ئاللاھ تائالا ئىككىلىسىگە ھەم رەھمەت نەزىرى بىلەن قاراپدۇ ۋە قوللىرنى-قوللىرىغا قويغاندا ئىككىلىسىنىڭ ھەم گۇناھلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن تۆكۈلۈپ كېتىدۇ».

ساھابىلەردىن بىرى پەيغەمبىرىمىزدىن:

— يا رەسۇلۇللا! ئايالنىڭ ئېرى زىممىسىدىكى ھەقلىرى قايسىلار؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— يېگىنىڭدىن يېدۈرۈش، ئۆزۈڭ يېڭى كىيىم كىيگەندە، ئۇنىڭغا ھەم كىيدۈرۈشتۇر. ئايالنىڭ يۈزىگە ئۇرما! خۇنۇك ھەرىكەتلەرنى قىلما ۋە قوغلىما! بىرەر ئەيىبى سەۋەبلىك ئۆزۈڭدىن ئۇزاقلاشتۇرماقچى بولساڭ، بۇ ئىشنى ئۆيۈڭنىڭ ئىچىدە قىل!-دەپ جاۋاب بەردى.

«مۆمىن ئەر-مۆمىن ئايالدىن نەپرەتلەنمىسۇن. ئۇنىڭ بىر خۇلقىنى ياقتۇرمىسا، باشقا خۇلقىنى ياقتۇرۇشى (خۇلقىدىن زوقلىنىشى) مۇمكىن».

ئەگەر ئەر كىشى-ئايالنىڭ يەپ-ئىچىشىنى تەمىنلەپ، ھەرخىل كىيىم-كېچەك، زىننەت بۇيۇمى ۋە ئەتىرلەر ئېلىپ بېرىپ، كۆڭلىنى ئېلىشقا ئىنتىلسە، ئايال بۇنىڭغا جاۋابەن ئېرىگە تولۇق ئىتائەت ئېتىشى ۋە خىزمەتلىرىنى ئايىماسلىقى كېرەك.

شۈبھىسىز، بۇنداق ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەتلىك دىنىي ئائىلىدە ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە تىنچ-ئامانلىق دائىمىي بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com



دېمەك، ئۇممۇ ئىنەسىنىڭ ئانىسى ھەم:

«قىزىم! ئېرىڭنىڭ خىزمەتكارى بولغىنىڭ، ئۇ ھەم ساڭا ياردەمچى بولسۇن» دېگەندى.

# قانائەت

ئەمدى، ئۇمامەنىڭ قىزىغا ئېيتقان نەسىھەتلىرىنى بىرمۇ بىر ئىزاھلايلى. نەسىھەتلەرنىڭ بىرىنچىسى تۆۋەندىكىچە ئىدى.

«قانائەتچان بول، چۈنكى قانائەت قەلبكە ھۇزۇر-ھالاۋەت بېغىشلايدۇ».

ئانا بۇنىڭ بىلەن قىزىنى ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، ئېرىنى ئۆزىدىن سوۋۇتماسلىقنى تەكىتلىگەندى.

قانائەت-ئىنسان ئۆزى موھتاج نەرسىلەرنىڭ يېتەرلىك مىقدارىغا رازى بولۇشى، ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىقتۇر. قانائەت پەقەت ئەر-خوتۇنغىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە كىشىگە باراۋەر، تەئەللۇق گۈزەل ئەخلاقىي قائىدىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ھەدىس شەرىپتە ئېيتىلىدۇكى: «نەپسىنىڭ كۆزى تويمايدۇ. بىر كوزا ئالتۇنى بار كىشى، ئاھ، يەنە شۇنداق بىر كوزا ئالتۇنۇم بولسا ئىدى، دەيدۇ».

ئەرەب شائىرىدىن بىرى:

«ساڭا ئۆشبۇ بايلىقىڭ قىلمىسا گەر كۇپايە،

دۇنيا مالغا تولسا ھەم، نەپسىڭدۇر بىنىھايە.» دېگەن

بۇنى ئــەجدادلىرىمىز: «ئىنســانىنىڭ كــۆزىنى بــىر ســىقىم تۇپراق تويدۇرىدۇ» دېگەن ھېكمەتتە ئىپادە ئەتكەن. ھېرىس ۋە ئاچ كـۆزلۈك بالاسى ئىنسـانىنى توغـرا يولدىـن ئـازدۇرىدۇ. ھـالاۋەت ۋە ســائادەتتىن ئۇزاقلاشــتۇرىدۇ. دۇنيــادا راھــەتنىڭ نېمىلىكىــنى بىلمــەي ئــۆتىدۇ. چۈنكــى، ھــاۋايى ۋە ھــەۋەس نەپسگە ئەگەشكەن كىشىنىڭ ئېھتىياجى ھېچقاچان تۈگىمەيدۇ.

قانائەتتە ھۆرىيەت، ئاچ كۆزلۈكتە ئەسىرلىك بار.

ئاچ كۆز كىشى باشقىلارنىڭ كۆزىگە دائىم ھەقىر (تۆۋەن) ۋە مىسـكىن بولـۇپ كـۆرۈنىدۇ. ئـۆمرىنى ئـۆتكۈنچى ھـاۋايى - ھەۋەسلەرگــە سەرپــلەيدۇ. قانائــەت - شــەرەپ ۋە ئىززەتكــە، تەمەخورلۇق بولسا ھاقارەت ۋە خارلىققا باشلايدۇ. ئىنسـانىنىڭ خۇلقى قانائەت بىلەن تۈزىلىدۇ.

ئـەخلاق كىتـابلىرى ھېـرىس ۋە تەمـە بالاسىـدىن قۇتۇلـۇپ، قانائەتلىك بولۇشنىڭ چارىلىرىنى شۇنداق تەرىپلىگەن.

1. ھـەقتائالانىڭ تەقدىرىگە قىلغان رىزقىغا ئىگە بولـۇش. ھـېرىس ۋە تەمەگـە كىرمـەيدۇ، ئـەمما بۇنىڭغا ھـەم ھەرىكـەت قىلىش زۆرۈر.

پــەقەت، ئـاللاھ تائـالانىڭ ئۆزىگــە يۈزلــىنىپ، باشــقىلاردىن سورىماسلىق كېرەك.

نــەجى ئىســىملىك شـائىر - ئوغلىغـا ئاتـاپ يازغـان شـېئىرى نەسىھەتتە بۇنى ناھايىتى گۈزەل بىر شەكىلدە ئىپادە ئەتكەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنسان بىساتىدا نېمە بار ئىككەنلىكىگە،
«ئۆزى بەر، بۆزى بەر» دەپ ئۆزىڭدىن سورايسەن.
ئۇ ھەم ئاللاھنىڭ بېرىشىگە موھتاجغۇ!
ئاجىز ئىنسانىڭ بەرگۈدەك نېمە ھالى بار؟
ساڭا بەرگۈدەك نېچۈك مالى بار؟

جانابىي ھەق بولسا بارچە بەندىلەرگە بىھېساب نېمەتلەر بېرىدۇ، ئىنسانلار ۋاستە خالاس. توغرا سەۋەبلەرنى ھېسابقا ئالماسلىق ھەم توغرا ئەمەس. ئەمما (ئەگەردە)، ھەقتائاللا ياراتمىغان بولسا، سەۋەبلەر نېمىگە يارايتتى. ئاللاھنى قويۇپ، سەۋەبلەرگە يېپىشىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟!

مەئرۇفى كەرھىي ھەزرەتلىرى بىر كۈنى ناتونۇش بىر ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن ئىمام ئۇنىڭدىن:

— زاتىڭىز كىم! قەيەردىن يەپ ـ ئىچىسىز؟ ـ دەپ سورىدى. بۇ سوئالغا جاۋابەن مەئرۇفى كەرھىي:

— توختا، توختا! ئاۋۋال سەن ئىماملىق قىلغان شۇ نامازنى قايتا ئوقۇپ ئالايلى. چۈنكى، رىزىقنىڭ قەيەردىن كەلگىنىگە شۈبھە قىلغان كىشى، ياراتقۇچىدىن ھەم شۈبھىگە چۈشىدۇ ـ دېدى.

قانائەت ـ پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالار تۇتقان يولدۇر، شۇ سەۋەبتىن، قانائەتلىك بولماق كېرەك. بىر دەملىك ئۆتكۈنچى دۇنيادىن قانائەتتىن ئۇزاق ياشاپ، ھېرىس ۋە تەمە ئارقىسىدىن

گۇناھكار بولۇش، ئەبەدىي ھايات تۇرالغۇسى بولغان ئاخىرەتنى خاراب قىلىش-ئەقىللىق ئىنساننىڭ ئىشى ئەمەس. قانائەت-ئۆتكۈنچى بارلىق ئىستەكلەردىن بھۇدە يېيىش-ئىچىشتىن يىراقلىشىش دېمەكتۇر.

قانائەت يولىدا مەلۇم ۋاقىت يېيىش-ئىچىش كەبى ئىستەكلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئازغىنا يىراقلىشىش ۋە چىداش كېرەك بولىدۇ. بۇ بولسا كىيسەللىكنىڭ تۇزۇلۇشى ئۇچۇن، دورىنىڭ ئاچچىقلىقىغا چىداشقا ئوخشايدۇ، يەنى ھېرىس ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان زەرەرلەردىن، پەقەت قانائەت ئارقىلىق قۇتۇلۇش مۇمكىن.

2. قانائەتنىڭ ئىككىنچى شەرتى بولسا، قولدىكى نېمەتلەرنى پىلانلىق خىراجەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئىسراپتىن قاتتىق يىراقلىشىش كېرەك. بۇنداق تەدبىرلىك كىشىلەر بالا-چاقىسىنى بېقىش ئۇچۇن باشقىلارغا موھتاج بولمايدۇ، خۇشامەتخورلۇق قىلمايدۇ، يالغان گەپ قىلمايدۇ، ھېرىس ۋە تەمە بالاسىدىن ھەم قۇتۇلىدۇ.

تېجەمكار بولۇشقا ئىنتىلىش كېرەك. بۇ ھەقتە ھەدىس شەرىپتە: «تېجەمكار بولغان كىشى پېقىر بولمايدۇ» دېيىلگەن.

ئەگەر يوتقانغا قاراپ پۇت ئۇزىتىلمىسا، كېرەكلىك كېرەكسىز نەرسىلەرگە پۇل سەرپلىنىۋەرسە، ئىسراپ ۋە خىراجەت ئىشىكى چوڭىيىپ كېتىدۇ. ئىسراپچىلىق بار يەردە ھېچقاچان بايلىق بولمايدۇ. پۇل تېپىش، ئۇنى سەرپلەشچىلىك ئاسان ئەمەس.

ھالالدىن پۇل تېپىش — چوڭ بىر تاشنى، ئېگىز تاغ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىشقا، سەرپىلەش بولسا — تاشنى تاغدىن پەسكە دومىلىتىپ چۈشۈرۈشكە ئوخشايدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىر نەچچە كۈنگە يېتىشى مۇمكىن بولغان ئوزۇقنى بىر كۈندە سەرپىلىگەن ئائىلە ئەھلىدىن نەپرەتلىنىمەن» دېگەن.

بىر ئەرەب شائىرى:

«پۇلۇڭغا ئېچىن، ئۇنى ئىسراپ قىلما،
كۆزنىڭ قۇۋۋىتى قارىچۇقى بىلەن بولغاندەك،
ئىنسانىنىڭ قۇۋۋىتى پۇلى بىلەندۇر»

دەپ، تېجەشلىك بولۇشنى گۈزەل شەكىلدە تەۋسىيە قىلىدۇ.

پەقەت شۇنى ھەم قوشۇمچە قىلىشىمىز كېرەككى، تېجەمكار بولىمەن دەپ، كېرەكلىك يەپ-ئىچىشتىن قىسىلىپ، پۇل توپلاش يولىغا كىرىپ كېتىش توغرا بولمايدۇ. بۇ تېجەمكارلىق ئەمەس، پەسلىك، پىششىقلىق دېيىلىدۇ. پەسلىك بولسا يامان خۇلقتۇر. دېمەك بالا-چاقىنىڭ نېسۋىسىنى قىسىش زور خاتا سانىلىدۇ. ئۆتمۈشتە بىر ئايال مەھكىمىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئېرىنىڭ ئائىلىنى تەمىنلىمەيۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىدۇ، ھاكىم ئۇنىڭ ئېرىنى چاقىرىپ سورايدۇ:

— نېمىشقا ئايالىڭنى تەمىنلىمەيسەن؟

ئۇ كىشى:

— ئەپەندىم! مەن ئىمكان چېگرىسىدىكىنى تېپىپ

كېلىۋاتىمەن. خوتۇنۇم كۆپرەك خالايدۇ. مەن بولسام بۇنىڭدىن ئارتۇقنى تاپالمايمەن، - دېدى.

— خوپ، سەن نېمىگە قادىرسەن؟

— ئەپەندىم! مەن كۆپ-كۆپ سۇ ئېلىپ كېلىمەن، ئايالىم بولسا، قانائەت قىلماستىن، نان تېپىپ كېلىشىمنى خالايدۇ، - دېگەنىكەن.

ئەگەر، ئىنسان بۇ شەكىلدە تۇرمۇشنى تەمىنلىسە، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە، پەقەت ئۇنىڭ ئايالى ئەمەس، بەلكى مەملىكەتنىڭ قازىسى، ھەممە كىشى ھەم رازى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: «ئەھلى ئايالىغا، بالا-چاقىغا سەرپ قىلىنغان پۇلدىن كېلىدىغان ساۋاب، يېقىنغا ياكى باشقىلارغا بېرىلگەن سەدىقە ساۋابىدىن كۆپرەكتۇر» دەپ مەرھەمەت قىلغان.

ھەسەن بەسرى: «گۈزەل تەدبىر ۋە گۈزەل باشقۇرۇش بېرىم پايدىدۇر. ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىلگەن ئازغىنا پۇل، ئىسراپ قىلىپ ئىشلىتىلگەن كۆپ پۇلغا قارىغاندا پايدىلىقتۇر» دېگەن.

ئەفلاتون ھەم: «پۇلنى پىخسىقلىق قىلماستىن خەجلەش ئەقىللىقلىقنىڭ بېشىدۇر» دېدى.

ئىسراپخور كىشىنىڭ قىزى، بىر كۈنى ئاتىسىغا شۇ سۆزلەرنى ئېيتقانىكەن: «ئاتىجان! پۇل-مال سەرپلەشنى بىلسىڭىز، بالا-چاقىڭىز ھېچقاچان، ھېچ نەرسىگە موھتاج بولمايدۇ، سىز بىكاردىن-بىكارغا سوۋغا-سالام تارقىتىسىز،

پۇلىڭىزنى قولىڭىزدا ساقلاڭ. بىز موھتاج بولۇپ قالساق، باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىغا كۆز تىكىسىز. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك ئەمەس، ئۇنتۇماڭ!».

بىر باي كىشى ئادەملەر مېنى سېخىي دەپ ئويلىسۇن، دېگەن نىيەتتە، قولىدىكى دۆلەتنى بولار-بولماسقا سورۇپتۇ. ئۆيىگە كىم كەلسە، دەررۇ قوي، قويى بولمىسا تۆگىنى سويۇپ، ئىشقىلىپ مېھمان قىلىۋېرىپتۇ. «يېتىپ يېيىشكە تاغمۇ توشماپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ بايلىقى تۈگەپتۇ. قولىدا ھېچ نەرسىسى قالماپتۇ. سويۇشقا بىرەر دانە توخۇ، ھەتتا پىشۇرۇشقا بىر دانە تۇخۇم ھەم تېپىلماپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلىغانلار توختاۋسىز كېلىۋېرىپتۇ. شۇنداق كۈن كېلىپتۇكى، داستىخىنى تامامەن بوشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ھەتتا مېھمانىنىڭ ئالدىغا چىقالماپتۇ. ئىشىكنى ئاچقان قىزى:

— ئەيىبكە بۇيرۇمايسىز! ئاتام سىزنى مېھمان قىلالمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن، ھەتتا ئالدىڭىزغا ھەم چىقالمايدۇ، - دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

مانا شۇنداق، ئويلىماستىن سەرپ-خىراجەتكە بېرىلگەن ئىسراپخور كىشىلەر ئاقىۋەتتە، مۇتلەق ئېچىنارلىق ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئۆتكەن زامانلاردا، ئايالالار ئەرلىرىنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر نەرسىگە ئېتىبار بېرىپ، ئاقىلانە خىراجەت قىلىشقا، ھەر كۈنى سەھەر ئۇمۇر

يولداشلىرىنى ئۆزىتىۋاتقاندا: «ئۆتۈنۈپ قالاي، دادىسى، زىنهار-زىنهارى هارام ئارىلاش پۇل تاپماڭ، ئاچ قالساق، سەۋر قىلىشىمىز مۇمكىن، لېكىن دوزاخ ئوتىدا يېنىشقا چىدالمايمىز» دەپ ئېيتقانىكەن.

قانائەتلىك ئەرنىڭ، مىڭ-مۈشەققەتلىك بىلەن تاپقان پۇلىنى ئاقىلانە ئىشلەتمەستىن، بۇزۇپ-چېچىپ، ئۆزىگە ئىسراپ قىلىدىغان، ئوزۇق-ئوقەت ۋە كىيىم-كېچەكنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان ئايال بىلەن ياشاش ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. بۇ، ئەگرى-بۈگرى ئۆسكەن دەرەخ بىلەن تۈپتۈز ئۆسكەن دەرەختە شوتا ياسايمەن دېگەنگە ئوخشاش. ئىسراپخور ئايال-ئۆزىگە ئوخشاش، ئىسراپخور ئەر بىلەن هەم ياشىيالمايدۇ. چۈنكى، ئىككى دانە ئەگرى دەرەخ هېچقاچان يانمۇ يان جىپسىلاشمايدۇ.

ئىسراپخورنىڭ مەسلىھەتى ئەسلا توغرا بولمايدۇ. بۇنداق تەبىئەتلىك ئايال بىلەن ياشاش-دوزاخ ئازابىنى تارتىش بىلەن باراۋەر. بەك مۇمكىن بولغان تەقدىردە هەم ئۇنىڭ بىلەن ياشاش قىيىن بولىدۇ.

هازىرقى كۈنىمىزدە، ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال مال-دۇنياسى، بايلىقى سورۇشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر باي بولسا، باشقا تەرەپلىرىگە كۆپ ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. بۇنىڭدىن، بۈگۈنكى كۆپلەپ ئائىلىلەرنىڭ مال-دۇنيانى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىقى كۆرۈنىدۇ. هالبۇكى، قىزىغا، ئەبەدىي سائادەت ئاچقۇچىنى بېرىشنى خالىغان ئۇمامە، ئۆز جىگەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئېرگە ئىتائەت

ئۇمامەنىڭ ئىككىنچى نەسىھىتى شۇنداق ئىدى: «قۇلاق سال ۋە ئىتائەت قىل».

ئايال كىشى، دىنىي ئېتىقادىغا زىت بولمىغان بارلىق ئىشلاردا ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئېرىنىڭ ئايالى ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ ھەقلىرى بار.

رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: «ئېرىنى رازى قىلالىغان ئايال، دۇنيادىن ئۆتسە، جەننەتكە كىرىدۇ»، دېگەن. بۇ ھەدىس شەرىپى بىلەن، ئىتائەتكار ئاياللارغا ئەبەدىي مۇكاپات خۇش خەۋىرىنى بەرگەن. يەنە باشقا ھەدىسلىرىدە بولسا: «ئەگەر بىر ئايال، بەش ۋاخ نامىزىنى ئوقۇپ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ، نومۇسىنى ساقلىسا ۋە ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ» ۋە «مۇبادا بەندىلەرگە سەجدە قىلىش شەرىئىتىمىزدە دۇرۇس بولغاندا ئىدى، (ئاياللارنى) ئەرلىرىگە سەجدە قىلىشىنى بۇيرۇغان بولاتتىم» دەپ مەرھەمەت قىلغان.

ئەمدى، ئەرلەرنىڭ ھەققى قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ. ئىسلامىيەت، ئايالنىڭ ئېرىگە بولغان

ئىتائىتىگە شۇ قەدەر ئەھمىيەت بەرگەنكى، ئەگەر ئايال نەپلە روزىسىنى تۇتماقچى بولسا، ئېرىدىن رۇخسەت ئېلىشى لازىم. پەقەت، قولـۇم-قوشنىلارنىڭكىگە چىقىش، بازار-كوچىغا بېرىشتىلا ئەمەس، ھەتتا مەسچىتكە چىقىشى ئۈچۈن ھەم ئېرىدىن رۇخسەت سوراش لازىم. بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ھەزرەتلىرى: «ئېرىدىن رۇخسەت ئالماستىن كوچىغا چىققان ئايالغا، تا ئۆيگە قايتقۇچە پەرىشتىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ» دېگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، ئايال-قىزلارنىڭ مەھرەمسىز، يالغۇز ساياھەت قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئاپتوبۇستا، كېمىدە ۋە باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرىدە سەپەرگە چىقسا، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلالمايدۇ. زىنا كۆزلەر بىلەن باشلىنىپ، قول ۋە پۇتلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كۈچىيىدۇ. تىل ۋە قۇلاقنىڭ زىناسى يامان سۆزلەرنى سۆزلەش ياكى بىھايا ھېكايە ۋە سۆزلەرنى ئاڭلاش بىلەن سادىر بولىدۇ. شۇنداق بىھايا ماۋزۇغا ھېرىس ۋە كۆڭۈل قويغان قوشنا ياكى ھەر قانداق تونۇشلار بىلەن دەرھال ئالاقىنى ئۈزۈش لازىم. ئەكس ھالدا، كۈتۈلمىگەن يامانلىقلار تاپىنىمىزنىڭ تېگىدىن چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

بىر قېتىم، ئاياللار يىغىلىپ، ئارىسىدىن ۋەكىل سايلاپ، بىر نەرسە خۇسۇسىدا سوراش ئۈچۈن رەسۇلۇللا سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ھۇزۇرىغا باردى: «ئەي رەسۇلۇللا! مەن ئاياللاردىن ۋەكىل بولۇپ كەلدىم، بىز بىلىمىزكى جىھادنى ئاللاھ

www.uyghurkitap.com

ئائالا ئەرلەرگە پەرز قىلىنغان، غەلىبە كەلسە، ھەم ساۋابقا، ھەم ئولجىغا ئىگە بولىدۇ. ئۆلتۈرۈلسە، قايتا تىرىلگەندە، ئەبەدىي دۇنيادا ئاللاھ دەرگاھىدا رىزىقلاندۇرۇلىدۇ. بىز ئاياللار بولساق ئەرلەرنىڭ بەزى ئىشلىرىغا ياردەم بېرىمىز. بىزگە ھەم ئەجىر بارمۇ؟!»

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: «**ئۇچراتقان ھەر بىر ئايالغا شۇ خۇسۇستا سۆزلە، ئەرگە ئىتائەت ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى بىلىپ ئادا قىلسا بۇنىڭغا (يەنى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ ئەملىگە ۋە ئەجرىگە ) تەڭ كېلىدۇ. پەقەت، بۇنى سىلەردىن ئىنتايىن ئاز قىسمىڭىز بېجىرىسىز!...** « دېگەن. (تەبەراني رىۋايەت قىلغان) .

## خۇلاسە

جانابىي ھەقنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ھەممە ئىشتا ئەرگە ئىتائەت شەرت. ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا يېتىش ئۈچۈن ئېرى بىلەن گۈزەل ھايات كەچۈرۈشنى خالايدىغان ئايال-ئېرىنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىشى ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا بېجىرىشى لازىم.

مەشھۇر ئەرەب ئەدەبىياتچىسى ئەسمۇئىي بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ، بىر ئەر-خوتۇنغا دۇچ كېلىپتۇ. ئايال ناھايىتى

چىرايلىق، ئەر بولسا ئىنتايىن سەت ئىكەن، ئەسمۇئىي ئايالغا قاراپ:

— ئەي خانىم! شۇ ھۆسنىڭ بىلەن نېمىشقا بۇنداق خۇنۇك كىشىگە تۇرمۇشقا چىقتىڭ، ئۇنىڭ بىلەن قانداق قىلىپ ياشايسەن؟ - دېدى.

— جىم بول، ئەي ئەخمەق ئادەم! نېمىشقا ئۇيلىماستىن گەپ قىلىسەن؟! كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئېرىم ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تاپقان كىشىدۇر. جانابىي ھەق ئۇنىڭغا مۇكاپات قىلىپ، مەندەك گۈزەل خوتۇننى نېسىپ قىلغاندۇر، بەلكى مېنىڭ قايسىدۇر گۇناھىم ئۈچۈن ھەقتائالا شۇ بەندىگە مېنى راۋا كۆرگەندۇر. بىز تەقدىرى ئىلاھىينى بىلمەيمىز ۋە ئۇنىڭغا ئارىلىشالمايمىز، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئىلاھىي ھەقىقەتنى ئاڭلىغان (چۈشەنگەن) بۇنداق ئايال نەقەدەر بەختلىك... باشقا بىر تائىپە ئاياللار مەن چىرايلىقمەن ياكى بايمەن دەپ ئېرىگە ئىتائەت قىلمايدۇ. ئېرى بولسا، ئائىلىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سەۋر قىلىدۇ. بۇنداق ئاياللار ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا قىلمىشلىرى ئۈچۈن جاۋاب بېرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: «ئىتائەت قىلىشتا، ئەرلەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەققى مېنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققىم كەبىدۇر» دەپ مەرھەمەت قىلغاندۇر.

ئىنسان ئۆز ۋەزىپىسىنى چۈشەنسە، گۈزەللىشىدۇ ۋە ئەكسىچە بىلمىسە، خۇنۇكلىشىدۇ. ئەر ۋە ئايال ھەر كىم زىممىسىدىكى ۋەزىپىنى ياخشى بىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئەر ئۆز ۋەزىپىسىنى بېجىرمىسە، ئايال قەستەن تەتۈرلۈك قىلىشى ياخشى پەزىلەت ئەمەس، بەلكى گۈزەل مۇئامىلە ھەقىقىي پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ.

ھەدىس شەرىپتە: «ئايال كىشى ئېرىنىڭ جەبىر-زۇلمىغا سەۋر قىلسا، جانابىي ھەق ئۇنىڭغا ھەزرىتى ئاسىيەگە نېسىپ قىلغان ساۋاب — ئەجرىنى بېرىدۇ» دېيىلگەن. بۇنداق ھەپلەت (پەزىلەت) ساھىبى بولۇش ئۈچۈن بولسا، ھەردائىم ياخشىلىققا ئىنتىلىش كېرەك. ئەرنىڭ يامانلىققا ئۈندىگۈچى تىللىرىغا مۇتلەق ئەھمىيەت بەرمەسلىك لازىم.

## تازىلىق

نەسىھەتلەرنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى بۆلۈمىدە بۇلار تەكىتلەنگەنىدى: «ئۆمۈر يولدىشىڭىزنىڭ كۆزى چۈشۈش ئېھتىمالى بولغان ھەممە يەرگە ئېتىبار بەر، شۇنداق قىلغىنىكى، ئۇنىڭ كۆزى زىنھار قالايمىقان ھالەتلەرگە چۈشمىسۇن، يامان ھىد چىقىش ئېھتىمالى بولغان نەرسە ۋە يەرلەرگە دىققەت قىل، ئۇلارنى تېپىپ تازىلا، ئۆيۈڭدىن ھەر دائىم خۇشبۇي ھىدلار

تارىلىپ تۇرسۇن».

ئايال، دائىم ئۆيىنى ۋە ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى پاكىز تۇتۇشى، ئېرىنى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان ھەر قانداق ھالەتلىرىدىن ساقلىشى كېرەك. ھەممە كىشى تازىلىقنى گۈزەل دەپ بىلىدۇ، پاكىز جايلارغا قاراپ زوق ئالىدۇ. ئەڭ مەينەت كىشىمۇ، باشقا بىر ناپاك ئادەمنىڭ قولىدىن تائام يېيىشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار، ئاۋۋال تازىلىققا ئېتىبار بېرىشى كېرەك. رەسۇلى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم:

«ئاياللىرىڭىزنىڭ ياخشىسى، يۇيۇنۇپ پاكىزە يۈرۈشنى ئادەت قىلغان ۋە خۇشبۇي ھىدلارنى سۈرۈپ يۈرگىنىدۇر» دەپ مەرھەمەت قىلغان.

بۇ ھەدىس شەرىپتىن، ئاياللار-ئەرلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇشى ئۈچۈن پاكىز بولۇپ يۈرۈشى، شۇنىڭدەك، شارائىت دائىرىسىدە بېزىنىشى لازىملىقى كۆرۈنىدۇ.

ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ھۇزۇرىدا كىيىنىپ بېزىنىشى، تەقۋا جەھەتلەردىن ناتوغرا ئەمەس. ئاياللارغا، ئەرلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى قازىنىشى ئۈچۈن يالغۇز چىرايىنىڭ ئۆزى كەملىك قىلىدۇ. چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ بېزىنىش، خۇشبۇيلارنى سۈرۈش، رەتسىزلىك ۋە ناپاكلىقتىن يىراق بولۇشى كېرەك. بۇ گەپلەرنى ماددىلارغا ئاجراتساق، تۆۋەندىكىلەر ھاسىل بولىدۇ:

1. ئەرلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. ئېرىنىڭ كۆز قارىشىغا قارشى ھەرىكەت قىلماسلىقى كېرەك.

3. ئېرى خۇرسەن بولغان ۋاقىتتا، سۆيۈنۈشى، غەمكىن پەيتتە قايغۇسىغا شېرىك بولۇشى كېرەك.

4. ئېرى ئۆيگە كېلىدىغان ۋاقىتتا، كىيىنىپ بېزىنىشى، ئۇنىڭ ئالدىغا چىرايلىق بولۇپ چىقىشى لازىم.

«تۆھفەتۇل-ئەرۇس» ناملىق كىتابتا بۇ خۇسۇستا شۇنداق پىكىرلەر بار:

«ئاياللار-ئەرلىرىگە سەت ھالەتتە كۆرۈنمەسلىكى كېرەك. يۈزلىرىنى پاكىز ۋە گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىشى لازىم. چىشلىرىنى تازىلاپ، ئېرىگە ياقىدىغان چىرايلىق كىيىملەر كىيىپ، خۇشبۇيلار سۈرۈپ يۈرۈشى كېرەك».

## خۇلاسە

دېمەك، ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا چىرايلىق كىيىنىپ-بېزىنىپ يۈرۈشى لازىم. ئەمما، ئايرىم بېزەكلەرگە دىنىمىز رۇخسەت بەرمەيدۇ:

1. ئۆلىما چاچ تاقاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى تاقىغۇچى ئاياللارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن دېيىلگەن. ئەسلىدە، ئۆلىما چاچ ياكى كەيمە چاچ-بىرەر ئۆلگەن ئايالنىڭ چېچىدىن ياكى سۈنئىي تالالاردىن تەييارلىنىدۇ، بۇ قەدەر يىرگىنىشلىك ئىش

بولمىسا كېرەك.

2. مودىغا ئەگىشىپ، قىممەت ۋە بىمەنى رەختلەر، كىيىملەر ئۈچۈن پۇل سەرپلەپ، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق كېرەك.

3. بويىنىپ (پەرداز-ئەنداز قىلىپ) كوچىغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس. «پۇراق چاچقان هالدا كوچىغا چىققۇچى ئايال پاھىشىگە ئوخشايدۇ».

هازىرقى ۋاقىتتا، ئىشلىتىلىۋاتقان گىرىم قەلەملەر، يۈز تېرىسىگە داغ چۈشۈپ كېتىشكە سەۋەپ بولماقتا. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ئىنسان سالامەتلىكىگە زىيىنى بار. سالامەتلىككە زىيانلىق نەرسىلەردىن پايدىلىنىشنى شەرىئەت چەكلەيدۇ. يۈزلىرىگە گىرىم چاپلىغان ياۋروپالىق ئاياللار تەبىئىي گۈزەللىكتىن مەھرۇملۇقى، تەبىئىيلىكنى ساقلىغان مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ يۈزلىرى قاراشقا ھەم نۇرلۇق ۋە يېقىملىق ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان ھەقىقەتتۇر.

4. جانابىي رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: «ئاياللارنىڭ لىباسىنى كىيگەن ئەرلەر ۋە ئەرلەرنىڭ لىباسىنى كىيگەن ئاياللار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن» دەپ دۇئايى بەد قىلغان.

بۇ شەكىلدىكى كىيىنىشلەر-جەمئىيەتكە زەرەر كەلتۈرىدۇ. ئايال ھەم ئەر، ھەم جەمئىيەتتىكى ئىلاھىي ۋەزىپىلىرىنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر-ئەرگە، ئايال بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئايالغا خاس كېيىنىشى كېرەك.

5. ئاياللار پەقەت، ئۆز ئەرلىرى ئۈچۈن پەردازلىنىشى ۋە زىننەتلىرىنى نامەھرەملەرگە كۆرسەتمەسلىكى كېرەك.

## دىققەت

كۆپچىلىك ئاياللار ـ مۇنچا (هاممام) تويى ياكى سەيلىگە ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ بارىدۇ، ئەمما ئۆيىگە قايتىش بىلەن چىرايلىق كىيىملىرىنى يېشىپ قويىدۇ، كونىراپ، پۇرلىشىپ، كىر بولۇپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. بۇ ئاياللار شۇنى ئۇنتۇمىسۇنكى، ئەرلىرى ـ ھەركۈنى كوچىدا يۈزلەپ، مىڭلاپ، بېزەلگەن ئاياللارنى كۆرۈپ قايتىدۇ. كۆزى ھارغىن، كۆڭلى ھارغىن، ۋۇجۇدى چارچىغان، ئايالنىڭ تەبەسسۇم، شېرىن تىلى ۋە ئەڭ مۇھىمى، گۈزەل لىباسلار بىلەن بېزەلگەن ۋۇجۇدى ئۇنىڭغا بىر ئاز راھەت بېرىشى مۇمكىن. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئايالىمنى، ئۈچ نەرسە سەۋەبلىك ناھايىتى سۆيىمەن. ئۇ كىرلىرىمنى يۇيىدۇ، باللىرىمنى تەربىيلەيدۇ ۋە گۇناھ بىلەن مېنىڭ ئارامدا توساق ـ پەردىدۇر. مەن ئۇنىڭ سايىسىدا گۇناھ قىلمايمەن!» دېگەن. ئاياللار ئەرلىرىنىڭ گۇناھتىن ساقلىنىشىغا ئۆيدىكى كىيىملىرى بىلەن توساق بولالايدۇ.

ئايال ئۆز ئېرىگە خۇشياققان پەردازنى قىلىشى كېرەك، ياسىنىش ۋە مودا ئۇچۇن، ئېرى ياقتۇرمايدىغان ۋە قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيسە، ھېچقانداق پايدا تاپالمايدۇ، ئۆزىنىڭ ھەم ئېرىنىڭ كۆڭلى خىرە بولىدۇ.

دېمەك، ئايال كوچىغا چىقىشتا ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك. ئوچۇق-يورۇق كىيىنگەن ئايالنى تەقۋادار مۇسۇلمان كىشى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلارنى ئاللاھتىن قورقمايدىغان بەزىبىر ئەرلەر ئويۇنچۇق قىلىدۇ، خالاس. ھەتتا شۇ ئەرلەر ھەم بۇنداق ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشتىن نومۇس قىلىدۇ. ھالاۋەت ئىزدىگەن ئايال، ئېسىنىڭ باريدا ئىشنى يىغىۋالسۇن!

نومۇسلۇق، مەغرۇر ۋە جەسۇر ئوغلانلار — ئايالىنىڭ يات ئەرلەر ئالدىدا ئوچۇق، يورۇق يۈرۈشىگە قانداق چىدىشى مۇمكىن؟!

ئىسپانلار ئىسپانىيىگە ئۇچرىغان ئەندۇلۇس ئاياللىرى نومۇسلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، ھەممىسى ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈشكەن، ئەسلا ئار-نومۇسلىرىدىن كەچمىگەنىكەن. بىزنىڭ ئاياللىرىمىز ئۈچۈن بۇ ۋەقە ئىنتايىن ئىبرەتلىك مىسالدۇر.

نومۇسنى ساقلىمىغان ئايالدىن، ئۇ قانچىلىك چىرايلىق بولسا ئېرى نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلار بىردەمدىلا ئاجرىشىشى مۇمكىن. ئايالنىڭ ئىپپىتى ۋە نومۇسنى مۇھاپىزەت قىلىشى-ئېرىنىڭ رىئايىسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ رازىلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن بولۇشى كېرەك. ھايا ۋە ئىپپەت دۇر-مارجانلار بىلەن بېزىلىپ، ئائىلىنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلگەن تاجنى ئەسلىتىدىغان پەزىلەتتۇر. بۇنداق پەزىلەتلىك ئائىلىگە ھەممە ھەۋەس ۋە ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ. ئاراستۇنىڭ قىزلىرىدىن سوراپتۇ:

— ئاياللاردىكى ئەڭ گۈزەل نەرسە نېمە؟

— ھايادىن، نومۇستىن ئايال يۈزىگە پەيدا بولىدىغان قىزىللىق (نومۇستىن يۈزنىڭ قىزىرىشى) دەپ جاۋاب بېرىدۇ، قىز.

ماۋزۇيىمىزغا قايتايلى: تازىلىق-پىكىرلەرنى ياكى ئىدىش-تاۋاقلارنى يۇيۇشلا ئەمەس، بەلكى پاكىز نەرسىلەرنى پاكىز تۇتۇشنى بىلىشتۇر. ئۆردەككە ئوخشماسلىق كېرەك. ئۇنىڭ بىر پۇتى سۇدا، ئىككىنچىسى قۇرۇقلۇقتا بولىدۇ. يۇيۇلغان كىيىملەرنى پاكىز ساقلاش ئۈچۈن، ئۇلار قۇرۇغاندىن كېيىن، چىرايلىق قىلىپ قاتلاپ قويۇلىدۇ. يەرگە چۈشۈپ كەتسە تېخى كىيىلمەستىن، يەنە كىر بولىدۇ. تازىلانغان جايدا ھەم ئاۋايلانمىسا تېزلا كىرلىشىپ قالىدۇ. دېمەك، پاكىزلىق-پاكىز بىر نەرسىنى ياكى يەرنى پاكىز ھالدا ئۇزاق مۇددەت مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك. تازىلانغان بۇيۇملار جاي-جايىغا قويۇلغاچقا، زۆرۈر پەيتتە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ئۆيدە ھەربىر بۇيۇمنىڭ ئۆز ئورنى بولۇشى كېرەك. ھەربىر نەرسە ئۆز جايىدا ساقلىنىشى لازىم. ئۆيدىكى بۇيۇملار دىۋاننىڭ خالتىسىدەك ئارىلاش-پۇرلەش بولسا، بۇنداق ئۆيدە، تازىلىق ھەم

تەرتىپ ـ ئىنتىزام بولمايدۇ. ئائىلە ئىگىسىنىڭ مېھنىتى بىكارغا كېتىدۇ. خۇسۇسەن، ئاشخانىدا ـ ئىدىش تاۋاقلار، ئاياغ ئاستىغا قويۇلماسلىقى كېرەك. تاماق پىشۇرۇلغان، يېيىلگەندىن كېيىن، قاچىلار دەرھال يۇيۇلۇشى ۋە جاي ـ جايىغا قويۇلۇشى كېرەك. ئىمكان بولسا، قاچىلارنىڭ ئۈستىگە پاكىز داكا يېپىپ قويغان ياخشى. ئاشخانا ئايالنىڭ قانداقلىقىنى نامايان قىلىدىغان سورۇن، بەزى ئاياللار كېلىپ ـ كېتىدىغانلاردىن نومۇس قىلىپلا، ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇرىدۇ. كۆز چۈشىدىغان جايلارنىلا تەرتىپكە سالىدۇ خالاس. لېكىن، ئاشخانىنى ھېچكىم كۆرمەيدۇغۇ دېگەن خىيال بىلەن، ئۈستىدىكى كىرلەشكەن كىيىمنى ھەم يەشمەيدۇ. قەدىمدە، ئەلچىلىككە بارغان ئاياللار، ئاۋۋال قىزنىڭ ئاشخانىسىنى تەكشۈرگەنىكەن.

ئايال كىشى ـ تازىلىققا ئادەتلىنىشى، ئەنە شۇنداق ھەممە تەرەپنى پاكىز ساقلىشى كېرەك. ئىنسان: «ھازىرچە بۇ ئىش تۇرۇپ تۇرسۇن، زىيىنى يوق» دېگەن پىكىر بىلەن ئېتىبارسىز بولدىما، كېيىن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە كار قىلمايدۇ. مۇبادا يەڭگىل كېسەل بولۇپ قالسا، شۇ باھانە ـ سەۋەب تۈپەيلى تازىلىققا ئومۇمەن ئېتىبار بەرمەيدۇ.

ئۆينى تەرتىپلىك ساقلاشقا ئادەتلەنگەن ئايال ھەردائىم تازىلىققا قارايدۇ. بالا كىچىكىدە نېمىگە ئۆگىتىلسە، شۇنداق چوڭ بولىدۇ. ئەتىگەندە ئويغانغاندا، ئورۇنلىرىنى يىغىشتۇرۇش، يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇش، چىشلىرىنى تازىلاش،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئازادە ۋە چىرايلىق كىيىنىشنى ئادەت تۇسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن باللارغا ياردەمچى بولۇش كېرەك.

ئىمام غەززالى ـ بالا تەربىيىسىگە ئائىت بىر ئەسىرىدە شۇنداق يازىدۇ: «باللار تەربىيىسى ـ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. بالا ـ ئانا ۋە دادىسىغا ئامانەتتۇر. ئۇنىڭ قەلبى بىغۇبار ۋە سۈزۈك گۆھەرگە ئوخشايدۇ. نېمىنى، قانداق ئۆگەتسەڭ خۇددى شۇنداق قوبۇل قىلىدۇ. خالىغان شەكىلدە تەربىيىلەشنىڭ مۇمكىن. ئەگەر ياخشىلىق ۋە توغرىلىققا يېتەكلىسەڭ شۇ يولغا كىرىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ. بۇنداق گۈزەل تەربىيە ئۈچۈن تەربىيىچى ھەم ساۋاب ئالىدۇ. ئەگەر يامانلىققا ئۆگىتىپ، ھايۋانلار كەبى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويۇلسا، بالا ئازىدۇ، يامان يوللارغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇنى شۇنداق چوڭ قىلغان كىشىلەر گۇناھقا شېرىك بولىدۇ».

جانابىي ھەق، بىر ئايىتى كەرىمەدە: (ئەي ئىمان كەلتۈرگەنلەر! ئۆز نەپسىڭىزنى ۋە ئەھلىڭىزنى (بالا ـ چاقىڭىزنى) ئوتتىن ساقلاڭ) دەپ بۇيرۇيدۇ. بۇ يەردە «ئوتتىن» دەپ دوزاخ ئوتى نەزەردە تۇتۇلغان.

ئائىلە باشلىقى سۈپىتىدە، ئاتا بالا ـ چاقىسى ۋە ئايالىنى ياخشىلىققا چاقىرىپ، يامانلىقتىن قايتۇرسا، پەرۋەردىگارىنىڭ شۇ ئەمرىنى بېجىرگەن بولىدۇ. دېمەك، ئىنسان ئائىلىسىگە، ھالاللىقنى، توغرىلىقنى ۋە باشقا گۈزەل پەزىلەتلەرنى سىڭدۈرۈشى كېرەك. يامان بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتنىڭ

زىيانلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلار بىلەن دوستلىششقا يول قويماسلىق كېرەك.

بالا ئۆسۈپ چوڭ بولغاچ، بەزىبىر ھەرىكەتلەردىن نومۇس قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ھايا-ئۇنىڭدىكى ئەقىل نۇرىدىندۇر. بالىغا ھەقىقەت چۈشەندۈرۈلگەن ۋە توغرا تەربىيە بېرىلگەننىڭ بەلگىسى، جانابىي ھەقنىڭ ئۇنىڭغا بىر ھەدىيىسى ۋە نېئمىتى، قەلبىنىڭ پاك، ئەخلاقىنىڭ چىرايلىق بولۇشىغا دائىم بىر ئاساستۇر. بۇنداق بالىلار بالاغەتكە يەتكەندە، كامىل ۋە يېتۈك ئەقىل ساھىبى بولىدۇ. بۇ بەلگىلەر بالىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۈمىد شولىسىدۇر. بۇنداق شولا كۆرۈلگەن بالىلارنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويماسلىق كېرەك.

بالىنى داستىخان ئۈستىدە، تۆۋەندىكى ئادەتلەرگە ئۆگىتىش لازىم:

1. تاماقنى ئوڭ قولى بىلەن يېسۇن.

2. تاماق يېيىشتىن ئالدىن «بىسمىللا» دېيىشى كېرەك.

3. تاماق يەۋاتقاندا، ئەتراپتىكىلەرگە كۆز قىرىنى ھەم سالمىسۇن.

4. غىزانى ئۆز ئالدىدىن يېيىش كېرەك.

5. ئاستا-ئاستا، ياخشى چايناپ يېيىش كېرەك.

6. لوقمىلارنى كەينى-كەينىدىن تىقماي يېيىش كېرەك.

7. ئۇستىۋىشىغا تۆكمەستىن يېيىش كېرەك.

8. يوقسۇزلۇقنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



پات - پات، پەقەتلا قۇرۇق نان يېدۇرۇش كېرەك.

9. ئاچ كۆزلۈككە ئۆگەتمەسلىك كېرەك.

10. چۈشكەن نان ئۇۋاقلىرىنى يىغىپ يېيىشنى ئۆگىتىش لازىم.

11. قاچا تېگىدە تاماق قالدۇرماسلىققا ۋە ياخشى تازىلاشقا تەرغىب قىلىشى لازىم.

12. ئاددىي كىيىم كىيىش تەۋسىيە ئېتىلىشى كېرەك.

بالا - شۇلار ئاساسىدا تەربىيىلەنمىسە، تاماقلىنىش ئەدەپىدىن خەۋەرسىز چوڭ بولىدۇ. بالا ئۇلارنى ئاتا - ئانىسىدىن باشقا كىمدىن ھەم ئۆگىنەلەيدۇ؟! بالىغا ئۇلاردىن تاشقىرى يالغانچىلىق، ھەسەت، غەيۋەت، تەربىيىسىزلىك، ئەدەپسىزلىك ۋە ياغاچ قۇلاقلىق كەبى يامان خۇلقلارنىڭ ئىملىكىنى ۋە بۇلاردىن قانداق ساقلىنىش كېرەكلىكىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ زىيىنىدىن قېچىش يوللىرىنى كۆرسىتىش كېرەك.

بالا - يەتتە ياشقا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇش ئۆگىتىلىدۇ، يەتتە ياشتىن كېيىن بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى باشلىشى كېرەك. مەكتەپ تەلىمىدە ئەخلاقىي قائىدىلەرگە زىت ھەرىكەتلەر ئۆگىتىلىدىغان بولسا، بالىنى بۇنداق جايلارغا ئەۋەتمەسلىك كېرەك. ئەۋەتىلىشى مەجبۇر بولسا، ئۇ ھالدا ئاتا - ئانا زىممىسىگە بالىنى داۋاملىق نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتى يۈكلىنىدۇ. كەچقۇرۇن ئۆيگە كەلگەندە، ئۇنىڭدىن كۈن بويى

نېملەرنى قىلغانلىقىنى سوراش، بۇ ھەققىدە توغرا مەلۇمات بېرىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. ئەگەر زىيانلىق ۋە يامان نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن بولسا، بۇلارنىڭ ناتوغرا ۋە يامان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ياخشىلىق ۋە توغرىلىقنى تەرك ئېتىپ، يامانلىقلار ئارقىسىدىن ئەگىشىش، ئىنساننى بىر كۈنى پۇشايمان قىلىش ۋە خۇنۇك ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ كېلىشى، ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك.

ئاياللار ـ ئەتىگەندە، ئەرلىرىدىن بۇرۇن تۇرۇشى، بۇنىڭغا ھەربىر ئايال ئادەتلىنىشى لازىم. بامدات نامىزىنى ئوقۇماستىن ئىشقا كىرىشكەن ئايالنىڭ ئىشى يۈرۈشمەيدۇ. قۇياش چىقىۋاتقاندا ئۇخلاش بەرىكەتنى كۆتۈرىدۇ ۋە قاششاقلىق كەلتۈرىدۇ. بۇ پەيتتە، باللارنى ھەم ئويغىتىش كېرەك. بالا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش يېزىشنى باشلىغاندا، ئۇنىڭغا بۇيۇك كىشىلەرنىڭ ئىبرەتلىك سۆز ۋە ھېكايىلىرىنى ئوقۇتۇش، ئوقۇپ بېرىش، ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىككە ئۆگىتىش لازىم. ئىشقىي شېئىر ۋە ھېكايىلەرنى ئوقۇشتىن ئاسراش كېرەك. چوڭ بولغاندا، كامىل ئىنسان بولۇپ يېتىشسە، ياخشى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەملەر ئارىسىدا مىننەتدارلىق بىلەن تەقدىرلىنىشى ياخشى ھالدۇر. بىرەر ناتوغرا ھەرىكىتى سېزىلسە، كۆرمەسكە سېلىپ، ئورنى كەلگەندە يامان يولنىڭ زىيىنىدىن خەۋەردار قىلىش كېرەك. (ئەگەر خاتاسى يۈزىگە ئېيتىلسا، باشقا پەيتتە،

شۇ يامان ئىشنى يوشۇرۇنچە قىلىدۇ) . ئەينى شۇ خاتانى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىسا، ئاستا يۇزىگە «زىنهار باشقا تەكرارلىما! يەنە بىر قېتىم تەكرارلىساڭ، ئاتا-ئاناڭ، ئۇكىلىرىڭ ۋە دوستلىرىڭ ئالدىدا ئۇياتقا قالىسەن» دەپ نەسىھەت بېرىش كېرەك.

بالىغا دائىم تەنبىھ بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى، ھەدەپ تەنبىھ ئاڭلاۋەرسە، تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئاتا ئۆز بالىسىغا نەسىھەتنىڭ تەسىر ئېتىشىنى خالىسا، ئۇنىڭغا ھەدەپ تەنبىھ بەرمەسلىكى كېرەك. جازانى ھەردائىم ئوچۇق ئەيىب قىلغان ۋاقىتتىلا بېرىش، ئانىلار ھەم بالىنى «داداڭغا ئېيتىمەن» دەپ قورقۇتۇپ، ئەدەپسىزلىك قىلىشىدىن قايتۇرۇشى كېرەك. لېكىن بۇنداق دېيىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالمىسۇن.

بالىنى كۈندۈزى ئۇيقۇغا ئادەتلەندۈرمەسلىك، پات-پات قاتتىق كۆرپىگە ياتقۇزۇپ تۇرۇشى، ھەربىر ياخشى، چىرايلىق نەرسىنىڭ قەدرىگە يېتىشنى ئۆگىتىش كېرەك. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئالدى ئېلىنىشى كېرەك. قول-پۇتنى كېرىمەي، ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشنى، يوگۇرمەستىن ئاستا يۇرۇشنى، قوللىرىنى، كۆكرىكى ئۈستىدە ياكى ئارقىدا باغلاپ تۇرماسلىقنى ئۆگىتىش لازىم. بالىنى ئۆيدىن تاشقىرىدا، دوستلىرى يېنىدا ئاتا-ئانىسىنى ماختاپ پەخىرلىنىشكە يول قويماسلىق لازىم. دوستلىرىغا

چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشقا، ھەممە كىشىگە بىردەك، ئوچۇق كۆڭۈل بۆلۈشكە ئادەتلەندۈرۈش لازىم. چۈشەندۈرۈلسۇنكى، باشقا بالىلاردىن ھېچ نەرسە ئالمىسۇن.

بالىنى سەيلە ۋە زىياپەتلەرگە مۇمكىنقەدەر ئېلىپ بارماسلىق لازىم. باشقىلار ئالدىدا، مەجبۇر بولۇپ قالمىسا، بۇرنىنى قاقماسلىقى، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئولتۇرماسلىقى، پۇتنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرماسلىقى، قولىنى ئېڭىكىگە تىرىمەسلىكى ۋە بېشىنى قولى ئۈستىگە قويماسلىقى ئۆقتۈرۈلسا ياخشى بولىدۇ. ئولتۇرۇپ-قوپۇش، گەپ قىلىش ئەدەپلىرى ئۆگىتىلسۇن، شۇنداق قىلىككى، ھېچقاچان قەسەم ئىچمىسۇن.

چوڭلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىش، چوڭلارنىڭ سۆزىگە ئارىلاشماسلىق، ئالدىغا چوڭلار كەلگەندە، ئورنىدىن تۇرۇپ جاي بېرىش- چىرايلىق ئەدەپلەردىندۇر. گۇناھ ئىشلارنى قىلغۇچى، يامان ئەخلاقلىق بالىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ قېلىشنىڭ ئالدى ئېلىنىش كېرەك.

كىچىكىدىلا، رامزان ئېيىدا، قۇربى يەتكۈچە روزا تۇتۇشقا قىزىقتۇرۇش كېرەك. ئوغرىلىق، ھارام، خىيانەت ۋە باشقا يامانلىقلارنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن تىنىمسىز ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش لازىم. بالىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن نەسىھەتلەرنىڭ ھەم سەۋىيىسى ئېشىپ بارسا، مەقسەتكە مۇۋاپىق بولىدۇ. مەسىلەن: تاماق-ئاللاھقا قۇللۇقنى ئادا ئېتىشكە لازىم بولغان كۈچنى تېپىش ئۈچۈن يېيىلىدىغانلىقىنى، دۇنيا بىر كۈنى تۈگەيدىغانلىقىنى،

www.uyghurkitap.com



قىيامەت كۈنىدە ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلۈشىنى، كېيىن يېڭى بىر ھايات باشلىنىشىنى، ئۆلۈمدىن كېيىن قەبرى ھاياتى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاخىرەت ھاياتى باشلىنىشىنى، ئۆلۈم ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىنسانغا ھەر دەقىقىدە كېلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك. چوڭىيىۋاتقان بالىغا بېرىلگەن نەسىھەت تاشقا ئويۇلغان نەقىشتەك ئىز قالدۇرىدۇ. بالا، شۇنداق تەربىيىلەنسە، دىنى، ۋەتىنى ۋە مىللىتىگە پايدىلىق شەخس بولۇپ يېتىشىدۇ. بۇنداق شەخسلەردىن تەركىب تاپقان جەمئىيەت ھەم ساغلام، ھەم مۇستەھكەم بولىدۇ.

ئەگەر، بالا ھۆرمۇنلۇق، ئاچ كۆزلۈك ۋە كىبىر قاتارلىق ئادەتلەرگە بېرىلگەن بولسا، ھەقىقەتكە بويۇن ئەگمەستىن، ھەردائىم ئەتراپىتىكىلەرنى رەنجىتىدۇ ۋە ھۇزۇر- ھالاۋەتنى بۇزىدۇ.

ئايالنىڭ ۋەزىپىسى - ئائىلىنى ئىنتايىن چىرايلىق تەرزدە ئىدارە قىلىشتۇر. ئەتىگەندىن كەچكىچە قولۇم- قوشنا بىلەن غەيۋەت قىلىش ياكى بىكارچى نەرسىلەر بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش ئەمەس. ئايال كىشىگە ئۆي ئىشلىرىنى بېجىرىش ۋە ئائىلىسىگە خىزمەت قىلىش يارىشىدۇ.

بەزىدە، قولىغا تۆت - بەش تەڭگە چۈشكەن ئاياللار كىبىر ۋە ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىدۇ. كونا دوستلارغا بېپىسەنت قارايدۇ. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: «ئىلىم ئوقۇش بىلەن، گۈزەل ئەخلاق بولسا، غەزەپنى يېڭىش بىلەن قولغا

كىرىدۇ» دەپ مەرھەمەت قىلغان.

ئەفلاتون بولسا: «گۈزەل ئەخلاقلىق ئىنسان ـ بەتخۇلۇق كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا سەۋر قىلغان ئىنساندۇر» دېگەن.

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) بەتقىلىق بىر خىزمەتكارى ۋاپات بوپتۇ. ئائىشە ئانىمىز، نىھايەتتە غەمكىن بوپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەنلەر سورىشىپتۇ:

– نېمىگە بۇنچە خاپىسىز؟

– مەرھۇم يامان خۇلقلۇق ئىدى. ئۇنىڭ ھەددى ھەربىكىتىگە سەۋر قىلىپ، تاپىدىغان ساۋابىمدىن ئايرىلغىنىمغا خاپىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

خۇش تەبىئەتلىك ئىنسان ـ ئەۋلىياغا ياكى پەيغەمبەرلەرگە، يامان خۇيلۇق كىشى بولسا، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ. غەزەپلەنگەن كىشىنىڭ ئاغزى كۆپۈكلىشىدۇ. كۆزلىرى ئالىيىپ كېتىدۇ، پۇت ـ قولى تىترەيدۇ. ۋارقىراپ ـ جارقىرايدۇ، قولىغا چۈشكەن نەرسىنى ئېتىپ سۇندۇرۇپ، ئاچچىقىدىن چىقالمىسا، ئۇستۇۋىشىنى يىرتىدۇ. شۇ ھالەتتە، ئىنسان قىياپىتىدىن چىقىدۇ. ئەگەر شۇ پەيت ئەينەككە قارىسا، ئۆزىدىن قورقۇپ كەتكەن بولاتتى. غەزەپ ـ كىشىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى قانداق خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويسا، خۇلقنى ھەم شۇنداق پەرىشان قىلىدۇ. ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى يوقىتىدۇ. قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى باشقۇرالماي قالىدۇ. ئوچۇق چىرايلىق ۋە شېرىن سۆز بىلەن قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ يېرىمى ھەم بېجىرىلمەيدۇ، ھېچكىم

ئۇنى ھۆرمەت قىلمايدۇ. ئىمام شافىي ھەزرەتلىرى: «قىلىچ ۋە سىياسەتنىڭ ئىمكانى يەتمىگەن ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى شېرىن تىل ۋە ئوچۇق چىرايلىق بىلەن بىجىرىش مۇمكىن» دېگەن. ئارتۇقچە جازانىڭ ئاقىۋىتى ـ كۈتۈلمىگەن ئۆلۈمگە ئېلىپ كېلىشى ھەم مۇمكىن.

## ئۆي تازىلىقى، تاماقلىنىش ۋە ئۇيقۇ

ئۇمامەنىڭ ئالتىنچى نەسىھىتى شۇنداق ئىدى:

«ئېرىڭنىڭ تاماق يېيىش سائىتى بىلەن ئۇخلايدىغان ۋاقتىغا دىققەت قىل!»

ئۇمامە، ئۆيدىكى بارچە ئىشلار ئۆز ۋاقتىدا بىجىرىلىشىنى، تاماق ۋە ئۇيقۇ سائىتى ھەم ئۆز ۋاقتىدا بولۇشىنى قىزىغا ئۇقتۇرار ئىكەن. ئەسلىدە، ئېرى بىلەن تاتلىق ياشاشنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنىڭغا بەرگەنىدى.

ھەقىقەتەن ھەم ھەربىر ئىشنىڭ ئېنىق بىجىرىلىش ۋاقتى بولۇشى كېرەك. ئەگەر مەلۇم بىر پىلانغا چۈشۈلسە، ھەممە ئىش ئۆز ۋاقتىدا پۈتىدۇ. ئەنە شۇنىڭدا، ئائىلىدە ھوزۇر-ھالاۋەت بولىدۇ. ئەكس ھالدا، ھېچ نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئۆيىنى يىغىشتۇرۇشتا، ئۆمۈچۈك تورلىرى ياكى تامدىكى، بۇرجەكتىكى چاڭلارنى ئاخىرىدا ئېلىش يارىمايدۇ ياكى

كىر يۇيۇشتا، رەڭلىك كىيىملەر بىلەن ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇيۇش توغرا بولمايدۇ.

ئۆي خىزمىتى ھەم شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئىشنىڭ ئېپىنى بىلگەن ئايال، كەچكى پەيت ئاشخانىغا كىرسە، (تاماققا كەچرەك قالسا) كەچكى تاماقنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھازىرلايدۇ، چۈنكى قاچا-قومۇشلىرى جاي-جايىدا قويۇلغان، تەرتىپلىك، باشقا نەرسىلەر ھەم تەييار، قەيەردە قويۇلغانلىقى مەلۇم.

ئەمدى، ئۆي ئىشىغا خام بىر ئايالنى تەسەۋۋۇر قىلايلى. ئاشخانىغا ئەتىگەندە كىرسە ھەم تاماق كەچكىچە تەييار بولمايدۇ. قاچا-قۇچىنى ئىزدەيدۇ، پىچاق ئاختۇرىدۇ. كۆكتاتلارنى سېلىشقا قاچا ئىزدەيدۇ. دېمەك، كەچكە بېرىپ، ئاران ئىككى قاچا تاماق پىشۇرۇشقا ئۈلگۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئايالنىڭ بىر-ئىككى بالىسى بولسا، پۈتۈنلەي يېتىشەلمەي قالىدۇ، ھەتتا بېشىغا رومال ئوراشقا ھەم ۋاقىت تاپالمايدۇ.

بۇنداق بىسەرەمجان ئايالغا (ئوڭسىز ئايالغا) ئۆيلەنگەن كىشىنىڭ ئۇۋاللىق ھالىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس. كەچقۇرۇن، ھېرىپ-ئېچىپ ئۆيگە كېلىدۇ. شام ئەزىنى چاقىرىلغان، تېخى تاماقتىن دېرەك يوق. تۈنۈگۈن ئېلىپ كېلىنگەن كۆكتاتلار ئاشخانا ئىشىكى ئالدىدا ئوچۇق تاشلىنىپ ياتقان، ئېلىنمىغان. ئەر ۋە بالىلار «تاماق پىشسا يەيمەن» دەپ

خۇپتەنگىچە كۈتىدۇ. قاچان تاماق يەپ، قاچان ئۇخلايدۇ ئۇلار؟!

بۇنداق ھالەتتە، ھەرقانداق كىشىنىڭ مۇھەببىتىگە قوشۇر يېتىدۇ. ئاچچىقى چىقىشى (كېلىشى) ئېنىق، يەنە رامزان ئېيىدا بۇلارغا سەۋر قىلىشنى بىر ئويلاپ كۆرۈڭ. ئائىلىدىكى مەھزۇن (قايغۇلۇق) ھالەتنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. شۇ سەۋەبلىك ئۇمامە قىزىغا: «تاماق ۋە ئۇيقۇنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرمە» دەپ ئۇقتۇرغاندى.

## مېلىنى مۇھابىزەت قىلىش

ئۇمامە يەتتىنچى نەسىھەتتە، قىزىغا: «ئۆيۈڭدىكى مال-مۈلۈك ۋە جاھازىلارغا ئېھتىيات قىل» دەپ ئۇقتۇرغاندى.

دۇنيادا بالا-چاقىنى، باشقىلارغا موھتاج بولۇشتىن ئاسراپ، ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئەلۋەتتە، مېھنەت قىلىش كېرەك. ئىنساننىڭ بۇ جەھەتتىن مالغا ئېھتىياجى بار. مۈرتىنى ئورايدىغان كېپەنلىك ئۈچۈن ھەم پۇل كېرەك. بايلىققا كۆپ پۇل تېپىشنىڭ ئۆزى بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ. تېجەمكار (ئىقتىسادچىل) بولۇش ۋە ئىسراپ قىلماسلىق-بايلىقنىڭ ئاساسىدۇر. بۇنىڭغا ئەيىنەن ئاياللار ئائىلە ئىچكى ئىشلىرىنىڭ ئىدارىچىسى سۈپىتىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ئەگەر، ئايال-ئىسراپ قىلىدىغان، ئېھتىياجىدىن ئارتۇقچە

سەرپ قىلىدىغان، ئېرىنى ھەم مىڭ بىر خىل خىراجەتلەرگە ئۈندەيدىغان ئايال بولسا، بۇنداق ئائىلىدە تۆت - بەش تەڭگە پۇل توپلاش، ئەلۋەتتە قىيىن ئىش. لېكىن، تېجەمكار بولىمەن دەپ، بىر يولىلا پىخسىققا ئايلىنىپ قېلىش ھەم توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق ئاياللار، ھەتتا بالىلىرىغا بېخىللىق قىلىدۇ. نە ياخشىراق يەپ - ئىچىشكە ئېتىبار بېرىدۇ ۋە نە كىيىنىشكە. بەزىدە يامان بەتخۇلۇق ئاياللار ھەم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلار، ئەتراپتىكى يات ئەرلەرگە خۇش مۇئامىلىدە بولسىمۇ، دائىما تەبەسسۇم بىلەن يۈرسىمۇ ئەدەپسىزلەردۇر. ئۇلار - ئەزىز ئۆمرىنى ۋە ئەرلىرىنىڭ مال - دۇنياسىنى پەقەت مەئىشەتكە سورۇيدۇ. نەسىھەتلەرنى ئاڭلىمايدۇ ھەم كۆرگەزمىلەر، كىنو - تىياتىرلار، بەزمىلەر ۋە قىمار سورۇنلىرى . . . غا بېرىلىپ، ئائىلىسىنى ئۇنتۇيدۇ. ئاقىۋەتتە، گۆدەك (كىچىك بالا) ئۈچۈن، كۈنىگە بىر - ئىككى سائەت ۋاقىتنى زورىغا ئاجرىتىدىغان ئانىلار پەيدا بولماقتا. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. «دۇنيا - بىرخىل خوراۋەرمەيدۇ» (پۇل - مال بىر خىل تۆگىمەيدۇ، بەزىدە تېزلا تۈگەيدۇ) دېگەن گەپنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. جان ۋە مالنىڭ دۈشمىنى بولغان - ئەخلاقسىز ئاياللارغا ئىشىنىپ، ھېسابسىز پۇل سورۇش، بۇنىڭ ئاقىۋىتى - خىزمەتكارلىقتۇر.

قانچىلىغان ئائىلە، شۇ تۈپەيلى بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۆيدە ئايالىق بۇرچىنى ئادا ئېتەلمىگەن خانىملار - بىراۋنىڭ ئىشىكىدە

خىزمەتكارلىق قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا.

گۈزەل ئەخلاقلىقلارغا يېقىنلىشىش، چىرايلىق خۇلقلارغا قارىنىشقا ھەرىكەت قىلىش لازىم. بەختۇلۇقلارغا قوشۇلۇش بولسا، ئاللاھ ساقلىسۇن، يامان خۇلق ئىگىسى بولۇپ قېلىشقا سەۋەبتۇر. نەپسى ۋە شەيتان قىستىقىدا-كىشى، قىسقا ۋاقىتتا خۇددى ئىبلىسقا ئايلىنىدۇ.

ئائىلە ئاياللىرىغا نەسىھەت شۇكى، ھېچقاچان يامان ئەخلاقلىق ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولمىسۇن، ھەتتا ئىشىكتىن ئۆلارنىڭ ئىچكىرىگە (ئۆيگە) كىرىشىگە يول قويمىسۇن. «يامان دوست يەتتە يىلاندىن يامان» دېگەن گەپ، نەقەدەر توغرا ئېيتىلغان. يىلان بىلەن دوست بولغىلى بولامدۇ؟! يىلان زەھرىنى چاچماي تۇرامتى؟! ئەسلىدە تەبىئىي ئاياللارنىڭ بىر-بىرىگە زەھەرلىك نەيزىلىرىنى سانچىپ تۇرۇش بىر ھەقىقەتتۇر.

شامال يامان ھىد چىقىۋاتقان بىر يەردىن ئۆچقاندا، ئۇ سېسىق ھىدنى ھەم ئېلىپ كېتىدۇ ۋە قەيەرگە بارسا، شۇ سېسىق ھىد تارقىلىدۇ. ئەسلىدە، سېسىق پۇراۋاتقان شامال ئەمەس، ئۇ ئا. ۋچۇرۇپ كەلگەن سېسىق ھىدتۇر.

«گۈزەل ئەخلاقلىق ئايالنىڭ يامان خوتۇنلار بىلەن كەپلىشىشى ياكى ئۇلار بىلەن دوست بولۇشى زىيان قىلمايدۇ» دەپ قاراش، مۇتلەق ناتوغرىدۇر. كىشىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دوستىغا قاراشنىڭ ئۆزىلا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆپايە ئەمەسمۇ؟!

«باز ـ باز بىلەن، ناز ـ ناز بىلەن»، «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى» دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلەر بىكارغا ئېيتىلمىغان.

# ھېكايەت

بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. ۋاقتى ـ سائىتى بىلەن ئوغۇللىرىنى ئۆيلەندۈرۈپتۇ. ئۈچىلىسىگە ھەم ئايرىم ـ ئايرىم ئۆي قۇرۇپ بېرىپتۇ. بىر بايرام كۈنى، پەرزەنتلىرى ئاتىسىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشىپتۇ. ھال ـ ئەھۋال سوراشقاچ، ئۆز ئارا سۆھبەت باشلىنىپتۇ. سۆھبەت ئارىسىدا، ئاتا ئوغۇللىرىدىن، دەسلەپ چوڭ ئوغلىدىن سوراپتۇ:

— خوتۇنۇڭ قانداق، ئۇنىڭدىن خۇرسەنمۇسەن؟

— بەكمۇ ياخشى، خوتۇنۇمدىن مەمنۇنمەن، پەقەت، ئازغىنا قوپاللىقى بار، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوڭ ئوغۇل.

ئاتىسى:

— ئۇنداق بولسا، خوتۇنۇڭنى پالانى كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بار، ئۇ ئۇ ئۆينىڭ ئاياللىرى تەدبىرلىك، نازاكەتلىك، ناھايىتى مېھنەتكەش، سېنىڭ ئايالىڭ ھەم ئۇلاردىن ئۆگىنىدۇ، ـ دەپتۇ.

كېيىن ئوتتۇرانچى ئوغلىدىن:

— سەنچۇ ئوغلۇم، سېنىڭ ھەم بىرەر شىكايىتىڭ بارمۇ خوتۇنۇڭدىن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

— خوتۇنۇم ناھايىتى ياخشىيۇ، لېكىن «پوش» نى بىلمەيدۇ، ياتلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالمايدۇ.

دادا بۇ قېتىم:

— سەن ھەم ئايالىڭنى پالانچىلارنىڭكىگە پات ـ پات ئېلىپ بېرىپ تۇر. ئۇلار نىھايەتتە مۇسۇلمانلىق، ئەپپەتلىك كىشىلەر. خوتۇنۇڭ ئۇلاردىن ئۆزىنى نامەھرەملەردىن قانداق چەتكە ساقلاشنى ئۆگىنىدۇ. ـ دەپتۇ.

بۇ سۆھبەتتىن مۇنتەزىر بولۇپ تۇرغان كەنجى ئوغۇل، ئاتىسىنىڭ سوئال بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماستىن دەپتۇ:

— دادا مېنىڭ ئايالىم بەكمۇ ئەخلاقسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەپ ئۇقماس، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدىم. ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلسام بولار؟

— بالام ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشتىن باشقا ئىلاج يوق، ـ دەپتۇ ئاتا.

## خۇلاسە

ئەخلاقى، پېئىل ـ خۇيى، ئۆزىنى تۇتۇشلىرى ھەر كىمگە ياقىدىغان، ئۆيىنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى ياخشى بىلىدىغان تەربىيىلىك ۋە نومۇسلۇق ئاياللار بىلەن يېقىن يۈرۈپ، سۆھبەتتە

بولۇشىنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپتۇر، ئىنساندىكى يامان خۇيلارنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاياللار — ئۆزلىرىگە ئەنە شۇنداق دوستلارنى تاللىشى، يامانلاردىن يىراق بولۇشى لازىم.

چوڭ ئائىلىلەرگە ئېلىنىدىغان خىزمەتكارلارنىڭ ھەم نەسلى، نەسەبى، خۇلىق-ئەتۋارى قاتارلىق تەرەپلىرىگە ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك.

## ھېكايەت

قەدىمكى ئىستامبۇلنىڭ ئېتىبارلىق ئائىلىلىرىدىن بىرىدە بىر خىزمەتكار قىز بار ئىكەن. ئەسلىي زاتى كىملىكى، قەيەردىن كەلگىنى نامەلۇم بولۇپ، بۇ تەرىپى بىلەن بىراۋنىڭ كارى بولمىغان ئىكەن. ئۆي خوجايىنى، ئايالىنىڭ ئىشىغا كۆپ ئارىلاشمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالى ئۆزى بىلگىنىچە خىزمەتكار ئەكەپتۇ. بىركۈنى خىزمەتكار قىز دەپتۇ:

— خانىم، بىر كېسەل ئانام بار، رۇخسەت قىلسىڭىز ئۇنىڭغا ئاشخانىڭىزدىن بىر تال تاۋۇز ئېلىپ ئاپىرىپ بەرسەم.

ئۆي ئىگىسى، ھېچ ئويلانماستىنلا رۇخسەت بېرىپتۇ. قىز تاۋۇزنى ئېلىپ، ئۆيدىن چىقىپتۇ. خانىم دېرىزىدىن تاشقىرى كۆزىتىپ تۇرغانىكەن، ھويلىدا خىزمەتكار قىز پۈتلىشىپ

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ چۈشۈپتۇ. تاۋۇز يېرىلىپ، ئىچىدىن ئالتۇن تەڭگىلەر چېچىلىپتۇ، شۇندا ئۇ ئۆينى ئوغرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. دەرھەقىقەت خىزمەتكار قىز ئۆيدىكى بار بايلىقنى ئېلىپ قېچىپ كېتىۋاتقانىكەن.

ئۆي ئاياللىرىنىڭ بىپەرۋا بولۇپ، تونۇمىغان، تونۇلمىغان شەخسلەرگە روزىغار ئىشلىرىنى تاپشۇرۇپ قويۇشى ھەر خىل مۇسىبەتلەرگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

فرانسىيە گېنېرالى شارىمانىنىڭ خوتۇنى، گېنېرالنىڭ ئايالى بولۇشقا قارىماي، ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بېجىرىدىكەن. بىر كۈنى ئاشخانىدىن ئىككى دانە توخۇ گۆشىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. بۇ ھەقتە گېنېرالغا بېرىپ، خىزمەتكارلارنى جازالاشنى تەلەپ قىلغان.

ياۋروپا يازغۇچىلىرى، كىتابلاردا شارىلمانىنىڭ خوتۇنىنى تەدبىرلىك، ئالاقە ئۆي ئايالى بولۇشقا مۇناسىپ دەپ تەرىپلەشكەن. بىراۋنىڭ مېلىنى، بىراۋ قەدىرلىمەيدۇ. مالىنىڭ قەدرىنى پېشانە تەرى تۆكۈپ تاپقان ئادەم بىلىدۇ.

## ھېكايەت

ئەر مىڭ مۇشەققەت بىلەن تاغدىن ئوتۇن تېرىپ كېلەر ئىكەن، خوتۇنى ئوتۇنلارنى بىردەمدىلا قولۇم-قوشنىغا

تارقىتىۋېتىدىكەن. ئېرى ـ خوتۇنىنىڭ بۇ ھۈنىرىگە چىدالماپتۇ. بىر سەپەر، ئوتتۇن يىغىش ئۈچۈن تاغقا خوتۇنىنى ھەم ئېلىپ بېرىپتۇ. بىر ئامال قىلىپ ئىككى باغ ئوتتۇن توپلىنىپتۇ. ئوتتۇننى ئارتۇۋېلىپ، قىشلاققا كېلىشىپتۇ. ئايال مۇشەققەتتىن قارا تەرگە پېتىپتۇ. راسا چارچاپتۇ. ئوتتۇن تېرىپ كېلىش قانچىلىك مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى شۇندىلا چۈشىنىپتۇ. ئەتىسى كۈنى، قوشنىلار يەنە ئوتتۇن سوراپ كىرىشكەندە ئايال:

—ـ ئەي قوشنىلار! ئۆزۈم ئېلىپ كەلگەن ئوتتۇندىن بىر تال ھەم بەرمەيمەن، ئېرىمنىڭكىگە بولسا ئەسلا قول تەككۈزمەيمەن، بېرىڭلار، ئوتتۇن كېرەك بولسا ئۆزۈڭلار تېرىپ كېلىڭلار، ـ دەپتۇ.

# ھېكايەت

خوجا مەرھۇم بىر كۈنى بېيىشنى ئارزۇ قىلىپ قاپتۇ، ئارزۇسىنى خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ. ئىككىلىسى ئولتۇرۇۋېلىپ قانداق قىلىپ بايلىق كۆپەيتىشنى ئويلاشقا باشلاپتۇ. خوجا، كېرەكسىز دەپ، ئېشەكنى سېتىشقا ئېلىپ بېرىپ، سېتىشقا قويۇپتۇ، خېرىدارلار ئېشەكنى باھالاشقا باشلاپتۇ. لېكىن، خوجا ئۇلارنىڭ باھالىرىغا كۆنمەپتۇ. خېرىدار بولسا ئۇنىڭغا قويغان نەرخكە رازى بولماپتۇ. ئاقىۋەتتە ئېشەك ئۆزىگە قاپتۇ. لېكىن، ئۆيگە

خۇرسەن ھالدا قايتىپتۇ. ئىغلىغا ئىشەكنى باغلاپتۇ-دە، خوتۇنى خوجىدىن:

— ھەزرىتىم! نىمىگە ئىشەكنى قايتۇرۇپ كەلدىڭىز؟ ساتالمىدىڭىزمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

— ساتاتتىم، قارىسام ناھايىتى ئەرزان بولىدىكەن، نەرخىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدىم. ئاخىرىدا ئۆزۈمگە قالدى. شۇنداق قىممەت باھا ئىشەكنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىمدىن خۇرسەن بولدۇم. قانداق بايلارغا خاس ئىش قىلىپتىمەنمۇ؟!

— ياخشى، ياشاڭ خوجام، ناھايىتى ياخشى ئىش قىپسىز، ئەمدى مېنىڭ تەدبىرىمنى ئاڭلاڭ، شۇنداق بىر ئىش قىلدىمكى، ئەسلا سورىماڭ. كوچىدىن قېتىقچى ئۆتۈپ قالدى، قېتىق ئالماقچى بولۇپ بىر ئىدىش ئېلىپ چىقتىم. قاچىدىكى قېتىقنى تارتىۋاتقاندا، قولۇمدىن بىلەزۈكۈمنى ئاستا چىقىرىۋېلىپ بىلىندۈرمەستىن تارازىنىڭ بۇ پەللىسىگە قويدۇم. قېتىقچى بۇنى سەزمەي، قېتىقنى كۆپەيتىپ سېلىپ بەردى. بىلەزۈكۈم قېتىقچىدا كەتكەن بولسىمۇ، قېتىقنى ئارتۇق ئېلىپ قالدىم، - دېدى خوتۇن. خوجا مەرھۇم كۈلدى:

— ناھايىتى ياخشى ئىش خانىم، قېنى كۆرەيلىچۇ، سەن ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ، مەن كوچىدا يۈرۈپ ئۆيىنى ئانچە-مۇنچە رەتكە كەلتۈرۈۋالساق كېرەك، - دېدى.

## نەتىجە

«ئۆۋۈنى يىراقتىن كەلگەن قۇش قۇرىدۇ» سۆزى ئېيتقانلىرىمىزنىڭ بارچىسىنى خۇلاسىلىغۇچى بەكمۇ ئاجايىپ بىر سۆزلەر ۋە ھەقىقەتتۇر. ئاياللارنىڭ تەدبىرلىك بولۇشى، ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بۇيۇملارنى ئورنىدا ۋە ۋاقتىدا ئىشلىتىشى، ئىسراپتىن ساقلىنىشى ئائىلىگە پەيز ۋە ھالاۋەت بېغىشلايدۇ.

ئانىلار قىزلىرىغا، يات ئارىدا ئۆي ئىشلىرى زىممىسىگە يۈكلىنىدىغان ئەتىكى كۈن ئۈچۈن، تېجەمكارلىقنى، ئىسراپتىن ساقلىنىشنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشىغا ھەم ئېتىبار بېرىشى لازىم. ھەر تەرەپتىن بىلىمدار ئايال تۇتقان ئۆي، جەننەت كەبىدۇر. جاھىل، مەنپەئەتپەرەس، پايدا-زىياننى بىلمەيدىغان، بەتخۇلۇق ئاياللارنىڭ ئۆيى بولسا، جەھەننەمگە ئوخشايدۇ.

قەدىمدە، ئەجەم پادىشاھلىرى، بىر ئالىمنى جازالىماقچى بولسا، ئۇنى جاھىل ۋە قوپال كىشى بىلەن بىرگە قامايدىكەن.

جالىنۇستىن سوراپتۇ:

— ئىنسانغا، ئۆلۈم قاچان پايدا بېرىدۇ؟

— جاھىل بولۇپ، ئۆزىگە نېمە پايدا-نېمە زىيان ئېكەنلىكىنى ئاجراتماي قالغان ۋاقىتتا، -دەپ جاۋاب قىپتۇ

پەيلاسوپ.

پەيغەمبەر ئەپەندىمىزنىڭ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇبارەك ئاياللىرى ھەزرىتى ئائىشە — ئىلىم ساھەسىدە شۇ دەۋرنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن سانىلاتتى. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن.

بۈيۈك مۇجتەھىد ئالىم ـ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھەزرەتلىرى ئۆيلىنىشۋاتقاندا، ئۇ كىشىگە:

— پالانچىنىڭ ئىككى قىزى بار، قايسى بىرىنى خالىساڭ، شۇنى ئېلىپ بېرىمىز، لېكىن بىرىنىڭ كۆزى ئالغاي، ـ دېيىشىپتۇ. شۇندا ئىمام:

— قايسى بىرى ئەڭ ئەقىللىق؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

— ئالغىيى ئىنتايىن ئەقىللىق، ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بۈيۈك ئىمام، ئەقىللىق قىزغا ئۆيلىنىشكە قارار بەرگەن.

## ھېكايەت

ئىنتايىن تەلەپچان بىر يىگىت، ئۆيلەنمەكچى بوپتۇ، لېكىن بىرەرمۇ خالىغىنىدەك قىزنى ئۇچرىتالماپتۇ. ھېچبىر قىز ئۇنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەپتۇ. نىھايەت، قىزلاردىن بىرى ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپتۇ، يوشۇرۇن ھالدا پۈتۈن خۇلق ـ مىجەزىنى ئۆزگىنىپتۇ، كېيىن سىناقتىن ئۆتۈپ ئائىلە قۇرۇپتۇ.

تۇرمۇشىنىڭ بىرىنچى كۈنى يىگىت يېپ بىلەن باغلانغان قەغەز خالتىدا قەھۋە ئېلىپ كەپتۇ. خوتۇن قەغەز خالتىنى ئاۋايلاپ ئېچىپتۇ. بوشىتىشتا، بۇرجەكلىرىدە قالغان قەھۋەلەرنى ھەم قېقىپ چۈشۈرۈپتۇ. قەغەزنى قاتلاپ تاكچىغا ئېلىپ قويۇپتۇ. يىپنى ھەم تاشلىۋەتمەپتۇ. خوتۇنىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئەر، چىدالماي سوراپتۇ:

— خانىم! شۇ بىر غېرىچ يىپ بىلەن قەغەز خالتىنى ئاسراپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

— ئەپەندىم! تۇرمۇشتا ھەرخىل ھالەت بولىدۇ. شۇ يىپ بىرەر ھاجىتىمىزگە يارار، قەغەز ھەم كېرەك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئاخىر، كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق، - دەپ جاۋاب قىپتۇ، خوتۇن.

ئېرىنىڭ كۆڭلىدىن: «ئىزدىگىنىم خۇددى شۇ» دېگەن ئوي ئۆتۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەر-خوتۇن بەختىيار ھايات كەچۈرۈشۈپتۇ.

ھېكايىدىكى ئەرنىڭ تېجەمكارلىقىدىن-پىخسىقلىقى چۈشىنىلمەيدۇ. ئەگەر، چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرۈلسە، ھېكايىدە ئاددىي نەرسىلەرگە ھەم ئېتىبار بېرىش كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلماقتا. دېمەك، ئايالنىڭ تېجەمكارلىقى، ئىنتىزامى ۋە پاراستى، شۇنىڭغا ئوخشاش ئەرزىمەس ھالەتلەردە بىلىنىدۇ. پىخسىقلىقنىڭ مىسالىنى بولسا، مانا بۇ ھېكايىدە كۆرۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ھېكايەت

تولىمۇ بېخىل بىر ئادەم بار ئىكەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ يەپ-ئىچىشىگە ھەم بېخىللىق قىلىدىكەن. دائىم يېرىم ئاچ-يېرىم توق ھالدا يۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئۆنى زىياپەتكە تەكلىپ قىپتۇ. داستىخاندا ئۇ ئۇ ئۆمرىدە كۆرمىگەن نازۇنېمەتلەر قويۇلغانىكەن. بىكارلىق تاماق تېشىپ چىقماس، دەپ قورسىقىنى تازا تويدۇرۇپتۇ. ئەمما ئاشقازىنى بۇنداق كۆچلۈك ۋە كۆپ تاماققا كۆنمىگەچكە، ھەزىم قىلالماپتۇ. بېخىلنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ بېرىپتۇ. ئاخىرى تېۋىپ چاقىرىپتۇ:

— ئاشقازىنىڭنى تېزدىن بوشاتمىساق ئۆلىسەن، - دەپتۇ تېۋىپ.

— ياق تېۋىپ! ئۆلسەم ئۆلەي، لېكىن يېگەن تامىقىم قورسىقىمدا تۇرسۇن. مەن بۇ قەدەر لەززەتلىك تاماقتىن ۋاز كېچەلمەيمەن، - دەپتۇ بېخىل.

يەنە بىر بېخىل كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا، تېۋىپ، كېپەك بىلەن داۋالاپتۇ. كېپەكتىن شىپا تاپقان بېخىل ئەمدى ئەھلى ئائىلىسىنى ھەم كېپەك يېيىشكە مەجبۇرلاشقا باشلاپتۇ.

— قاراڭلار، ھەم ئەرزان، ھەم شىپا. ماڭا ئوخشاش، نان ئورنىغا، سىلەر ھەم كېپەك يېسەڭلار، دەردتىن خالاس بولىسىلەر، - دەيدىكەن ئۇ.

# خۇلاسە

تۇرمۇش ئىشلىرىنى ياخشى بىلىدىغان ئايالنى ئىزدىگەن ھېچبىر ئەر، ھېچقاچان جاھىل، ھەتتا ئىخلاس سۇرىسىنى ھەم بىلمەيدىغان، غەيۋەت بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزىدىغان، كىچىككىنە يىرتىلغان جايىنى ھەم تىكەلمەيدىغان، پولۇنى — شويلىدىن پەرقلەندۈرەلمەيدىغان، ئىككى خىل تاماقنى پىشۇرۇشنى بىلمەيدىغان، قىسقىسى قولىدىن بىر ئىش كەلمەيدىغان ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنى خالىمايدۇ. بۇنداق قىزلار بەك بولسا، بايلىقى ئۈچۈن خوتۇنلۇققا ئېلىنىشى مۇمكىن.

ئىنسان مېلىنى، ھەر دائىم بىر مەنەئەت (مەنپەئەت) يولىدا ئىشلىتىشنى خالايدۇ. پايدا كەلتۈرمىسە، يوقالغاندەك ھېس قىلىدۇ. بەزى كىشلەر تۇرمۇشنى تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن باشقۇرىدۇ. تېجەمكارلىق (ئىقتىسادچانلىق) ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە خۇش كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، تېجەمكار بولۇش، ئىسراپتىن ساقلىنىش — ھەر بىر ئايالنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. چۈنكى، ئىشلەپ تېپىش ئەرنىڭ، سەرپ قىلىش خوتۇننىڭ زىممىسىدە.

ياخشى ئۆي ئايالى بولۇش ئۈچۈن، ئايال كىشى تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

1. كۆكتات ـ مېۋىلەرنىڭ سولىشىپ، سېسىپ كېتىشىگە يول قويماسلىقى.

2. تاماقلارنى بۇزۇلۇپ قېلىشتىن ساقلاش.

3. قاتتىق نانلارنى ھەم ئىستېمال قىلىشنى بىلىش. قاتتىق نانلارنى ھېچقاچان ئەخلەتكە تاشلىماسلىقى كېرەك.

4. كىينىشتە، مودىنىڭ كەينىدىن قوغلاشماسلىق لازىم.

ئۇمامە ھەم قىزىغا شۇلارنى نەسىھەت قىلغانىدى.

# دوستلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش

ئۇمامەنىڭ قىزىغا بەرگەن سەككىزىنچى نەسىھىتى:

«ئېرىڭنىڭ يېقىنلىرىغا چىرايلىق مۇئامىلىدە بول».

گۈزەل مۇئامىلە پەقەتلا ئەر — خوتۇن ئوتتۇرىسىدىلا لازىم ئەمەس، بەلكى مۇئامىلە قىلىشقا قادىر بارچە ئىنسانلار ئۈچۈن مۇھىمدۇر. ئىنسان ئۆز يېقىنلىرىنى سۆيۈشى كەبى، دوستىنىڭ يېقىنلىرىنى ھەم ياخشى كۆرىدۇ، دۈشمەنلىرىدىن بولسا نەپرەتلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ئوتتۇرىدىكى مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت رىشتىلىرى مۇستەھكەملىنىدۇ.

ئىمام غەززالى ھەزرەتلىرى بۇ خۇسۇستا دەيدۇكى: «دوست تۇتۇلغان كىشىنىڭ قانچە دوستى، قېرىندىشى، يېقىنى بولسا، ھەممىسىنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىشى لازىم. شۇ ھەم

دوستلۇقتا ۋاپادادۇر. دوستىنىڭ يېقىنلىرىغا ھۆرمەت كۆرسىتىش ۋە ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش — دوستىنىڭ، ئۆزىگە قىلىشقان، ھۆرمەت ۋە رىئايىسىدىن كۆرە كۆپرەك ئەھمىيەت ئېلىپ كېلىدۇ».

ئىككى دوست ئارىسىدىكى ۋاپا، شۇ قەدەر ئىكەن، دېمەك ئايال ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئۆزىنىڭدىنمۇ يۇكسەكرەك ھۆرمەتتە بولۇشى كېرەك. ئابدۇللاھ ئىبىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتلىرى دەيدىلەر: «بىر خوتۇنۇم بار ئىدى، مەن ياقتۇراتتىم، لېكىن دادامغا خۇش كەلمىدى، ھەتتا ئاجرىششىمنى خالىدى. مەسىلىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە بىلدۈردۈم». ماڭا:

— «ئەي ئىبىن ئۆمەر ! ئۇنىڭدىن ئاجراش! — دېدىلەر».

ئىمام غەززالى ھەزرەتلىرى بۇ قىسسىنى نەقىل قىلىپ: «ئايال قاچان ئېرى ياكى ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرىغا يامان مۇئامىلىدە بولسا، ئۇلارنى ھاقارەت قىلسا، گۇناھكار بولىدۇ» دېگەن. بىر ئادەمنىڭ خوتۇنىنى دەپ قېرىنداشلىرىدىن، خۇسۇسەن دادىسى ۋە ئانىسىدىن رەنجىش بۈيۈك (زور) گۇناھتۇر.

ئاتا-ئانا ھەققىنى، ھېچقايسى ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.

ئانىنىڭ ھەققى — ئاتىنىڭكىدىن ھەم كۆپرەكتۇر. دېمەك، ئانىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان مېھرى ھەم ئاتىنىڭكىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇكسەكتۇر.

بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزدىن: «كىمگە ياخشىلىق قىلاي؟» دەپ سورىدى ۋە «ئاناڭغا» دېگەن جاۋابنى ئالدى. ئۈچ قېتىم سورىدى. ئۈچ قېتىم ھەم خۇددى شۇ جاۋاب بېرىلدى. يەنە بىر ساھابى:

— يا رەسۇلۇللا! ئانام خېلىلا ياشىنىپ قالدى. ئەقلى ھەم زەئىپلەشتى. تامىقىنى يېگۈزىمەن، سۈيىنى ئىچۈرىمەن، تاھارەت قىلدۇرۇپ، ھاپاشلاپ يۈرىمەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇستۈمدىكى ئانىلىق ھەققىنى ئادا قىلالامدىم؟ — دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم:

— ياق! يۈزدىن بىرىنى ھەم ئادا ئېتەلمىدىڭ. چۈنكى، زەئىپلىك (كېسەللىك) پەيتىدە ئاناڭ سەن ئۈچۈن خىزمەتتە بولدى، ئۆلۈپ كەتمىسۇن دەپ يېنىپ يۈگۈردى. سەن بولساڭ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ خىزمەت قىلىۋاتىسەن. ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشىڭنىڭ ئىمكانى يوق، ئەمما ياخشىلىق قىلىشنى داۋام ئېتىۋەر، — دېدى.

جانابىي ھەق ئاتا-ئانىغا ھەتتا «ئۇھ!» دېيىشتىن قايتۇرغان.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇھ!» دېيىشتىن باشقا بىر سۆز بولسا ئىدى، ئاللاھ ئۇنى ھەم مەنئى ئېتەتتى، — دېگەن.

ئىنسانىڭ ئەقلىگە «ئاتا يـاكى ئاتـا يامـان يولغا باشلىسا، ئىتائەت ئېتىلەمدۇ؟» دېگەن سوئال كېلىدۇ. جاۋابى شۇدۇر ئۇلار بۇيرۇۋاتقان ئەمەلنىڭ هاراملىقى ئېنىق بولسا، شۇندىلا ئىتائەت قىلىنمايدۇ.

ئاتا ـ ئانا مۇسۇلمان بولمىسا ھەم يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلىنىشى، خىزمەتلىرىدە بولۇش، پات ـ پات زىيارەت قىلىش ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش لازىم.

بالىلار تەربىيىسىگە مەسئۇل ئائىلىلار ئۇلارنى ئۇزاق مۇددەت ئېتىباردىن چەتتە قالدۇرماسلىقى كېرەك. شۇنىڭدەك، يېشى چوڭ بالىلار بىلەن دوست بولۇشقا يول قويماسلىق كېرەك. ئەينەن، ئائىلىدە بالاغەتكە يەتكەن قىز بولسا، قولۇم ـ قوشنا ياكى قېرىنداش بولغان تەڭتۇشلارنىڭ (ئوغۇل ـ قىز) ئۆيگە، ھويلىسىغا كىرىپ ـ چىقىشىغا جىددىي ئېتىبار بېرىشى لازىم.

دىيانەتسىز، تەقۋاسىز كىشىلەر ۋە قېرىنداشلاردىن ئۇزاقتا بولۇش، ئۇلارنى يوقلاشتىن ياخشىدۇر. ئاللاھنى تونۇمىغان قېرىنداشلاردىن، ئاللاھنى تونۇغان يات كىشى ئەۋزەلدۇر. باشقا دىندىكى ئائىلىلەر بىلەن ئۇلار ئۆز دىنىغا كىرگۈزۈشى مۇمكىن، دېگەن ئېھتىمال بولسا ئالاقە قىلمىغان دۇرۇس. گۇناھ ئىشلاردا باشقا دىندىكىلەرگە ياردەم بەرمەسلىك كېرەك. مەسىلەن، ئۇلارنى چېركاۋغا ئېلىپ بارماسلىق كېرەك. لېكىن قايتىۋاتقاندا لازىم بولسا ئۆيگە يەتكۈزۈپ ياردەم بېرىش كېرەك.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىكايە قىلىدۇ:

www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم : «ئەڭ بۈيۈك گۇناھلاردىن بىرى ئاتا — ئانىسىغا لەنەت ئېيتىشتۇر» دېدى. ئەتراپىدىكىلەر سوراشتى: «يا رەسۇلۇللا! ئاتا-ئانىغا قانداق قىلسا لەنەت ئېيتىش مۇمكىن؟» ، «بىر كىشى، بىراۋنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللايدۇ، ئۇ ھەم جاۋابەن بۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا لەنەت ئېيتقان بولىدۇ« دېدى.

ئاتا-ئانىنىڭ ھۆرمىتى شۇنچىلىك ئالىي ئىكەن، ئەمدى ئويلاپ كۆرۈڭ، قايسى ئەر ئۇلارغا، خوتۇنىنىڭ ھۆرمەتسىزلىك كۆرسىتىشىگە رازى بولىدۇ؟! ئېرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەت قىلمايدىغان ئايالنىڭ ئەخلاقىغا كىم ھەم چىدايدۇ؟!

ئىنسان-گۈزەل خۇلقى بىلەن سۆيۈملۈك بولىدۇ. مەقسەت ھەم ئەسلى شۇدۇر. ئەكسىچە، ئىنسانلارنى گۇناھ تەرەپكە باشلاش، يامانلىقلارغا سەۋەبچى، بولۇش — شەيتانغا ئەگىشىشتۇر.

ئەرگە ئىدارە قىلىش-خوتۇنىنىڭ قولىدا. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەرنى ئەر قىلغان خوتۇن، قارا يەر قىلىدىغان ھەم-خوتۇندۇر. بىر كىشى كۆپ ئاياللارغا ئۆيلىنىپتۇ، لېكىن بىرەرسى بىلەن تىنچ ياشاپ كېتەلمەپتۇ. ئاخىرى — ئەمدى ئۆيلەنسەم، خوتۇنۇمغا ھەممە كەمچىلىكلىرىمنى ئېيتىمەن، دەپ ئەھدە قىپتۇ. ئۆيلىنىپتۇ. ئەھدە قىلغىنىدەك ئەيىبلىرىنى ئېيتىشقا باشلىغانىكەن، ئايال سۆزىنى كېسىپتۇ:

— ئۇنداق دېمەڭ خوجام، ھېچكىمنىڭ خۇلقى

سىزنىڭكىدەك ياخشى ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرى ناباب بولغانلىقى ئۈچۈن سىزدىن يامانلىق كۆرۈشكەن، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ئەر-خوتۇن گۈزەل ھايات كەچۈرۈپتۇ.

ئائىلىدە ھۇزۇر-ھالاۋەت بولۇشى ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەر بولۇشى لازىم بولىدۇ.

ئىككى تەرەپ ھەم ۋەزىپىلىرىنى ياخشى بىلىشى؛

گۈزەل خۇلۇقلۇق بولۇشقا ئىنتىلىشى؛

ئەدەپلىرىنى ساقلىشى؛

بىرەر ئەيىب قىلىپ قويۇشسا، دەرھال بىر-بىرىگە تەتۈر قارىماستىن كۆڭۈل ئېلىشلىرى؛

ئەر ئەگرى قوپال بولسا ھەم ئايال ئۇنى يۇمشىتىشقا ھەرىكەت قىلىش؛

ئەر غەمكىن ۋاقتتا، خوتۇن خۇرسەن كۆرۈنمەسلىكى، ئەكسىچە نېمىدىن خاپا ئىكەنلىكىنى سوراپ، دەردىگە شېرىك بولۇشى؛

ئەر خۇرسەن ۋاقتتا، خاپا كۆرۈنمەسلىكى كېرەك ۋە باشقىلار.

ئۇمامە قىزىغا: «ئېرىڭنى قانچە ھۆرمەت قىلساڭ، شۇنچە سۆيۈملۈك بولىسەن، قانچىلىك ئىتائەتكار بولساڭ، شۇنچە ياخشىلىقنى قولغا كىرگۈزىسەن، مانا شۇنداق ھەرىكەتلىرىڭ بىلەن ئېرىڭگە خالىغان ئىشىڭنى بېجىرگۈزەلەيسەن» دېگەنىدى.

تىنچ-تاتلىق ياشاش ئۈچۈن، ئەرلەر ھەم نەزەردە تۇتۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى تادرېسى



لازىم بولغان بەزى خۇسۇسلار بار.

1. ھېچبىر ئەر، دىنىمىزنىڭ ئەمر ۋە تەقىقلىرىدىن تاشقىرىدىكى ئىشقا خوتۇنىنى زورلىماسلىقى كېرەك.

2. ئۆزىنىڭ ھەم ئەيىبسىز ئەمەسلىكىنى ھېچ ئۇنتۇماسلىقى لازىم.

3. سىرتىدىن ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنگەن دىلبەرلەرنىڭ ھەم ئەسلىدە غايەت يامان خۇلقلىرى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى دائىم ئەستىن چىقارماسلىقى زۆرۈر.

4. خوتۇن-ئەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئامانىتى بولغىنى ئۈچۈن ھەم ئۇنىڭغا ھەمىشە ئوچۇق چىراي ۋە شېرىن تىل بىلەن مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك.

5. ئايالىنىڭ ھەممە خاتا-كەمچىلىكلىرىنى ھەم يۈزىگە ئېيتىۋەرمەسلىك لازىم.

6. تاشقى گۈزەللىك ئۆتكۈنچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەر كىشى ئۆيلىنىۋاتقاندا، ئەخلاقلىق، دىندار، قەلبى گۈزەل ئايالنى تاللىشى كېرەك.

يەنە، ئائىلىدە ھۇزۇر-ھالاۋەت بەرپا بولۇشى ۋە باللىرىنىڭ ياخشى ۋايىغا يېتىشى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار ھەدەپ يامان مۇئامىلىدە ۋە ئەرزىيەتلەر بىلەن ئۇلارنى ئاسىي قىلىپ قويماسلىقى، رىزاغا ئۇيغۇن ئىشلىرىدا ياردەم بېرىشى لازىمدۇر. بۇ ئىشلار ھەر بىر ئاتا ۋە ئانىغا ۋاجىپتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: «پەرزەنتىنىڭ

ياخشى ئىش قىلىشقا ياردەمچى بولغان ئاتىنى ئاللاھ تائالا مەغپىرەت قىلسۇن» دېگەن.

بۇ زاتقا ئوخشاش سەۋرلىك بولۇش، شۈبھىسىز، ھەممىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. لېكىن، ئاتا-ئانا زەخمەت ۋە مۇشەققەت بىلەن ئۆستۈرگەن جىگەر-پارىسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھالاۋەت تېپىشقا لايىق ياردەمچى بولۇشى كېرەك. بۇ ھەم بارچە ئاتا - ئانىغا ۋاجىپ.

بىر ساھابە رەسۇلۇللانىڭ يېنىغا كېلىپ :

— يارەسۇلۇللا! كىمگە ياخشىلىق قىلاي؟ — دەپ سوراپتۇ. جانابىمىز:

— ئاناڭغا ۋە ئاتاڭغا ياخشىلىق قىل، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئاتا-ئانام يوق، — دېدى ھېلىقى كىشى. شۇندا رەسۇلۇللا جانابىمىز:

— ئۇنداق بولسا، پەرزەنتىڭگە ياخشىلىق قىل، سەندە ئاتا-ئاناڭنىڭ ھەقلىرى بولغىنى كەبى، بالاڭنىڭ ھەم ھەقلىرى بار، دەپ مەرھەمەت قىلغان.

## ھېكايەت

بىر كىشىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. بىر ئاخشام ئاتا

گەنجى ئوغلىغا سۇ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئوغلى:

— بىرىپ ئۆزۈڭ ئېلىپ كېلىۋەر! — دەپتۇ. باشقا تەرەپتىن چوڭ ئوغلى گەپكە ئارىلىشىپتۇ، ھەم: «ئاتا، كەنجەڭنىڭ مېھرىسىزلىكىنى بىلمەمسەن، تۇر- دەپ ئۆزۈڭ ئىچ، ھەم بىر پىيالە ماڭا ئېلىپ كەل» دەپتۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ «ئۇھ» دېمەڭلار دېگەن ئەمرى قەيەردە قالدى؟! پەرزەنتلەر ھازىر ئاتا- ئانىسى بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ جېدەللەشمەكتە، ھەتتا بەزىلىرى قول كۆتۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ھەم چوڭ جىنايەت بارمۇ؟!

بۇنداق ھالەتلەرنىڭ يۈزگە كېلىشىگە پەقەت باللار سەۋەبچى ئەمەس. ئاتا- ئانىلارنىڭ، ھەم «ئۈلۈشى» بار. بەزى ئاتا — ئانىلارنىڭ، ئەدىپىنى بىرىمەن دەپ باللىرىنى كەلسە- كەلمەس ئۇرۇپ، كالتەكلەۋېرىشى يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بىنومۇس بولۇپ ئۆسكەن بالا گەپ ئاڭلىمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئاتا- ئانىنىڭ قارغىشى، بەد دۇئا قىلىشى ھەم پەرزەنتلەرنىڭ بەختلۇق بولۇشىغا ئېلىپ كېلىدۇ.

بىر كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، بالىسى ئانىسى بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقىدىن، گەپ ئۇقماسلىقىدىن شىكايەت قىپتۇ. ئىبنى مۇبارەك — سەن بالاڭنى بەد دۇئا قىلمىغانمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، پات- پات قارغاپ تۇراتتىم.

— ئۇنداق بولسا نېمشقا ئەيىبنى بالىدىن كۆرۈۋاتىسەن؟!

ئەسلىدە، ئاسىي بولۇشقا ئۆزۈڭ سەۋەبچى بولۇپسەن، دەپتۇ ئۇ زات.

شۇنداق ئىكەن، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى بەد دۇئا قىلىشتىن ئېھتىيات قىلسۇن. چۈنكى، بەد دۇئا پەرزەنتنىڭ بەختسىز بولۇشىغا بىر سەۋەب بولسا، خەيرلىك دۇئا خەيرلىك خىسلەتلەرگە سەۋەبچىدۇر، بۇنىڭدىن تاشقىرى بالىلاردا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشنى، كىچىكلەرنى ئىززەت قىلىشنى ئۆگىتىش لازىم. ئائىلە قۇرۇش ئالدىدا تۇرغان قىزلارغا، ئەرلەرگە ئىتائەتلىك، يېقىنلىرىغا ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشنى تەلىم بېرىش كېرەك. قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرلىرى ئالدىدا، قېينانا-قېيناتىسىغا سەممىي مۇناسىۋەتتە بولالمايدۇ. سەممىيەتسىزلىك كۆرۈنۈپ تۇرغان ئائىلىدە كېلىشمەسلىك يۈزگە چىقىشى تەبىئىيدۇر. ھېچبىر ئەقىللىق ئەر، خوتۇنۇمنىڭ مىجەزىگە توغرا كەلمىدى، دەپ ئاتا-ئانىسىدىن كەچمەيدۇ.

بالىلىق كىشىگە تۇرمۇشقا چىققان ئايال— ئۆگەي پەرزەنتلىرىنى، ئۆزىنىڭكىدەك كۆرمىكى، تەربىيە قىلمىقى، يۆلەپ تارىمىقى لازىمدۇر. بەزى ۋاقىتلاردا پەرزەنتىگە كايىشى، ھەتتا ئۇرۇشى ھەم مۇمكىن، لېكىن باشقا بىراۋنىڭ ئۇرۇشىغا، خورلىشىغا يول قويمايدۇ. ئەپسۇسكى، بەزى ئاياللار، ئۆگەي پەرزەنتلىرىگە قوشنىسىنىڭ بالىسىچىلىك ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئوچۇق چىرايى، شېرىن تىللىق بولالمىغىنى كەبى، باشلىرىغا مۇشت چۈشۈرمەكلىكتىن ھەم ئۆزىنى ساقلىيالمايدۇ. بالىنىڭ

www.uyghurkitap.com

لۇنىڭغا ئوخشاش ھاقارەت ۋە خورلىشىغا ھېچبىر ئاتا رازى بولمايدۇ. ئەگەر گەپ قىلمايۋاتقان بولسا، ياكى ئۆيدە كېلىشمەسلىك كۆچەيمىسۇن دەپ، ياكى ئۆزى يوق ۋاقىتتا پەرزەنتىنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك خورلىنىشىدىن ئەنسىرەپ سەۋر قىلىۋاتقان بولىدۇ.

ھەر قانداق ئەر، ئۆگەي باللارنى ئۆز پەرزەنتىدەك مۇئامىلە قىلىدىغان ئايالنى ھۆرمەت قىلىدۇ، سۆيىدۇ. ئەكسى ھالدا، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، چىرايلىق، تەنھا ئايال ھەم پەرزەنتنى خورلايدىكەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ.

ئۆگەي ئانىلار سۆزلىرىمدىن رەنجىمىسۇن. چۈنكى، بۇ ھالەتلەر كۆپ كۆرۈلگەن، ھەتتا ئانا بالىسىغا بىراۋنىڭ يامان كۆز بىلەن قارىشىغا، كەمسىتىشكە چىدىيالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ دەريا قەلبى مېھرگە تولغان. لېكىن، ئاتىنىڭ قەلبى ھەم شۇنداق تۇيغۇلاردىن خالىي ئەمەسلىكىنى ئۆگەي ئانىلار ئۇنتۇمىسۇن. شۇ ئورۇندا نەزەرنى باشقا تەرەپكە قارىتايلى. ئۆگەي ئانىنىڭ جەبىر-زۇلمىغا ئاتا گەپ قىلماس، بەلكى ئېتىبار بەرمەس، پەرۋايىغا ئالماس، لېكىن ئاخىرەتتە ئەر يېتىملارنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلغىنى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟!

جانابىي ھەق يېتىم ۋە ئاجىزلارغا جەبىر-زۇلۇم قىلىنىشىغا ئەسلا رازى بولمايدۇ. پەقەت ئۆگەي ئانىلار، ئۆگەي ئاتىلار ۋە يېتىم-يېسىر بېقىۋاتقان ھەربىر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىلىپ

قويۇشى شەرت.

يېتىملارنىڭ ھەقلىرىگە دائىم ناھايىتى كۆپ ئايەت كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەر ۋاجىپ بولغان. جۈملىدىن تۆۋەندىكى ھەدىسلەردە ئېيتىلىدۇركى: «يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغان ئادەم، شۇ يېتىمنىڭ چېچى مىقدارىدا (سانىچە) ئەجىر-ساۋابقا ئىگە بولىدۇ».

»جانابىي ھەقنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ياخشى ئۆي — يېتىم، خۇش مۇئامىلىلىك بىلەن تەربىيە قىلىنىۋاتقان ئۆيدۇر».

يېتىمنىڭ ئالدىدا باشقا بالىلارنى سۆيۈپ ئەركىلەتمەسلىك كېرەك. يېتىم بالىنى ھەق تۆلىمەستىن ئىشلىتىش ھەم ھارامدۇر. دىنىمىزدا يېتىملارنىڭ ھەقلىرىگە كاتتا ئەھمىيەت بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ يېشىغا نىسبەتەن ئېغىر ئىشلارنى بۇيرۇش، يۈك توشۇش، ھەتتا ئۆز ئاياغلىرىنى تازىلاپ — يۇيالمىغان بالىلارغا قاچا-قومۇچ يۇدۇرۇش دىنىمىزنىلقتۇر. بۇنداق كىشىلەر ئاخىرەت ئازابىدىن قورقسۇن، يېتىملارغا رەھىمدىل بولسۇن، شۇنداق قىلسا ئۆزلىرىگە پايدا، چۈنكى يېتىم-يېسىرلارنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققۇزغان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا ھەم يىغلىتىپ قويىدۇ.

قىلغان جەبىر-زۇلۇملىرىنىڭ جازاسىنى ئوشۇقى بىلەن بېرىدۇ (ئارتۇقى بىلەن).

خۇلاسە شۇكى، يېتىم-يېسىرلارغا رەھىم قىلغان ئادەم

رەھىم كۆرىدۇ. ئۆگەي ئاتىلار ھەم يېتىم پەرزەنتلىرىگە خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك مېھرىبان بولۇشى، بەلكى ئارتۇقراق كۆرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلىم، كەسىپ - ھۈنەر ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك. ئۆگەي ئانىلار ھەم يېتىم بالىلارنى خورلىمىسۇن، شەپقەتسىز بولمىسۇن، ھەتتا ئاتا شەپقەتسىزلىك قىلغاندا ئارىغا چۈشۈپ يېتىمغا ئازار بەرمىسۇن. ئازار بېرىشكە ھەم يول قويمىسۇن.

خۇددى مانا شۇنداق ياخشىلىقنى ئېرىنىڭ ئانىسى ۋە ئاتىسىغا، قېرىنداش - ئۇرۇغلىرىغا ھەم كۆرسەتسۇن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېخمۇ سۆيۈملۈك بولۇشىغا بىر سەۋەبتۇر.

ئۇمامە قىزىغا بەرگەن نەسىھەتلىرىدە: »ئېرىڭنىڭ يېقىنلىرىغا ياخشى مۇئامىلىدە بول. بۇ نەرسە، سېنىڭ قانچىلىك ياخشى ئائىلە ئايالى ئىكەنلىكىڭنى كۆرسىتىدۇ« دېگەنىدى.

ئىنسان ئۇستىدە قوشنىنىڭ ھەم ھەقلىرى بار. بۇ ھەقتە ئۇلار ئۆيلىرىنىڭ يېقىنلىقى تۈپەيلى، يەنى كۆرۈنۈشتىكى يېقىنچىلىق سەۋەبىدىن ئىگە بولغان. تاشقى يېقىنلىق ئانچە - مۇنچە ھەقلەرنى ۋاجىپ قىلسا، ئەرگە ئوخشاش ھەم ئىتائەت شەرتى بولغان، ھەمدە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئەڭ يېقىن بولغان كىشىنىڭ ھەقلىرى نەقەدەر كۆپ ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن چۈشىنىلىدۇ. بۇ تەرەپتىن ھەم كۆڭلىنى ئېلىش، سۆيۈشكە لايىق بولۇش لازىم.

قوشنىدارچىلىق ھەققىدە سۆزلىگەندە، يەنە بەزى

نەرسىلەرنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىم. ئىنتايىن كۆپچىلىك كىشىلەر يېتەرلىك دەرىجىدە قوشنا ھەققىگە رىئايە قىلمايدىغان بولۇپ كەتكەن. ئەينەن ئائىلە قوشنىلارنىڭ بىر-بىرىگە نىسبەتەن غۇم - غورىسى كۆپ. كېچە-كۈندۈز ئارا گىژ-گىژ قىلىشىدۇ. ئىت ھەم قوشنىنى قاۋىمايدۇ دېگەن گەپكە زىت، ئۇ ئارا بىر - بىرىگە تىنچلىق بەرمەيدۇ، ئەرزىيەتلەر يەتكۈزىدۇ.

# سىر ساقلاش

ئۇمامەنىڭ قىزىغا قىلغان توققۇزىنچى نەسىھەتى: «ئېرىڭنىڭ سىرلىرىنى زىنھار بىراۋغا ئېيتما».

سىرلىرى باشقىلارغا ئاشكارا بولغان كىشىلەر زىيان - زەخمەتكە قالىدۇ ۋە كۆپ مەنپەئەتلەردىن مەھرۇم بولىدۇ. ھەدىس شەرىپتە: «بىر كىشى سىرىنى ساقلىيالىسا، ئىشنى پۈتۈن ھەققى بىلەن بېجىرگەن بولىدۇ».

ئىنسان قەلبى — سىرلار ساقلىنىدىغان ساندۇق، ئېغىز - ئۇ ساندۇقنىڭ قۇلۇپى، تىل بولسا ئاچقۇچتۇر. ئەگەر ئاچقۇچنى ياخشى ساقلىيالمىسا، يەنى تىلنى يىغالمىسا ۋە سىرلىرىنى ئاشكارا قىلسا، ئەقىل - زاكاۋىتىنىڭ نازۇك چوققىلىرىدىن مەھرۇم بەندە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئىنساننىڭ بېھىساب، بالالارغا دۇچار بولۇشىنىڭ سىرى شۇدۇر.

دېمەك، ئايال ئېرىنىڭ سىرلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشى ھېچكىمگە ئىپتىماسلىقى كېرەك ئىكەن. ئەگەر ئېرىنىڭ سىرلىرىنى ساقلىيالماي پاش قىلسا، ئىشلىرىنى بەربات ئېتىدۇ. ۋەزىيەتتىن ئاگاھ بولغان ئەر بولسا خوتۇنىدىن نەپرەتلىنىدۇ.

سىر ساقلاشنى بىلىش ئاسان ئەمەس، سىر ساقلاش مال ساقلاشتىنمۇ قىيىندۇر. سىرنىڭ ئېغىرلىقى ھەر قانداق يۈكتىنمۇ ئېغىردۇر. باشقا يۈكلەر قەلبكە ئېغىرلىق قىلمايدۇ، لېكىن سىر ئېغىرلىق قىلىدۇ. بۇ قانچىلىك مۇشەققەتلىك بولمىسۇن، بەزىبىر سىرنى بىراۋغا ئېيتىش توغرا ئەمەس. ئۇ باشقىسىغا ئېيتىدۇ. ئۇنىسى يەنە باشقىغا، شۇنداق قىلىپ سىر پاش بولۇپ قالىدۇ. بىر ئېغىزدىن چىققان سىر مىڭ ئېغىزغا يېيىلىدۇ.

سىر — مال ياكى بۇيۇمغا ئوخشىمايدۇ. مالنىڭ قورۇقچىسى قانچە كۆپ بولسا، مۇھاپىزىتى شۇنچە ئاسان بولىدۇ. سىرلارنىڭ بولسا، قورۇقچىسى كۆپەيگەنسېرى ئوغرىلىنىش ئېھتىمالى كۈچىيىدۇ. دېگەن تەنبىھلەر ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. كىشى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ساقلىيالمىغان سىرنى باشقا بىراۋ قانداق ساقلايدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ھېچكىمگە ئالدىن سىرىمنى ئېيتىپ كېيىن ‹نېمىشقا سىرىمنى پاش قىلدىڭ!› دەپ زۇلۇم قىلمىدىم» دېگەن. سىرلارنى پاش قىلىشتا، ھېچكىم ئاياللارنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ.

# ھېكايەت

ئىككى دوست ساماۋارخانىدا ئولتۇرۇپ سۆھبەت قۇرۇشۇپتۇ. سۆز ئايلىنىپ كېلىپ، ئاياللارنىڭ سىر ساقلىيالماسلىقىدا توختاپتۇ. بىرى دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

— مەن ئايالىمغا ئىشىنىمەن، سىرىمنى ھېچكىمگە ئېيتمايدۇ، - دەپتۇ.

ئىككىنچىسى:

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، - دەپتۇ.

مۇنازىرە قىزىپتۇ. شۇندا ئىككى دوست مەسىلىنى باشقىچە ھەل ئەتمەكچى بولۇپ، دەپتۇ:

— ياخشى، دېمەك پىكرىڭ قەتئىي ئىكەن، بۇنى سىناپ كۆرىمىز. سەن بۇ كېچە بىر تۇخۇم ئېلىپ، ئۆيۈڭگە بار. يېتىۋاتقاندا كۆرپەڭنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قوي. تاڭ ئاتقاندا، ئىنتايىن جىددىيلىك بىلەن، كېچىسى تۇخۇم تۇغقانلىقىڭنى بىلدۈر ۋە ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تاپىلا. گېپىمنىڭ قانچىلىك ھەقلىقىگە شۇندىلا ئىشىنىسەن.

خوتۇنىغا ئىشىنىدىغان دوست، ئىشلارنى ئەينەن بېجىرىپتۇ. ئەتىسى كۈنى چۈشتە ساماۋارخانىغا كىرسە نېمە بوپتۇ دەڭ ؟!

ھەممە كىشى ئۇنى:

www.uyghurkitap.com



— توخۇم تۇغۇش قانداق ئىكەن، قىيىن ئەمەستۇ؟ دەپ مازاق بىلەن كۈتۈۋېلىپتۇ. بىلسە، ئەتىگەندە خوتۇنى بۇلاقتىن سۇ ئېلىشقا كېتىۋېتىپ، دۇچ كەلگەن بىرىنچى ئايالغا:

— ۋاي قوشنا! بىر سىر ئېيتىمەن، ئەسلا ھېچكىمگە بىلدۈرۈپ قويماڭ، مېنىڭ ئېرىم كېچىسى توخۇم تۇغدى، توخۇمنى كۆزلىرىم بىلەن كۆردۈم، - دېيىشتىن ئۆزىنى توختىتالمىغانىكەن.

بۇ خەۋەر يېرىم كۈن ئىچىدە پۈتۈن قىشلاققا يېيىلىپتۇ. ئاڭلىمىغان بىرەر كىشى قالماپتۇ.

بۇ ھېكايە بىلەن، ھېچبىر ئايال سىر ساقلىيالمايدۇ، دېمەكچى ئەمەسمىز. شۇنداق ئاياللار باركى، ئايرىم، ئەركەكلەردىن كۆرە ياخشىراق سىر ساقلىيالايدۇ. بىر كىشىدىن، سىرنى قانداق ساقلايسەن، دەپ سوراپتۇ. «ئېيتىلغان سىرنى ۋە ئېيتقان كىشىنى دەرھال ئۇنتۇيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ.

دېمەك، ئاڭلىغان گەپنى ھېچ ئاڭلىمىغاندەك، ئۇنتۇش ھەم سىر ساقلاشنىڭ بىر يولىدۇر. بۈيۈك زاتلارنىڭ قەلبلىرى - بىھېساب خەزىنىلەر كۆمۈلگەن زېمىنغا ئوخشايدۇ. ئىنساننىڭ قانداقلىقى — ئۇنىڭ سىر ساقلاشنى بىلىشى ياكى پاش قىلىشىغا قاراپ بىلىنىدۇ. سىر - بىر ئامانەتتۇر. ئامانەتكە خىيانەت بولسا، مۇناپىقلىق ئالامىتىدۇر.

# ھېكايەت

ھۈسەيىن بايقارا، سارايى ئەزالىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يېقىن ۋەزىرى ئەلىشىر نەۋائىي بار ئىكەن. ئىككىسى ئاتتا يانمۇيان كېتىۋاتقاندا، ئەلىشىر نەۋائىي پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا ئېڭىشىپ، بىر نېمىلەرنى دەپتۇ. ھۈسەيىن بايقارا راسا ھۇزۇر قىلىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. ئارقىدىن ئەلىشىر نەۋائىي:

— ھەزرىتىم، بۇنى سىر ساقلاڭ، - دەپ پىچىرلاپتۇ. شۇ چاغدا شاھ جىددىي تۇستە:

— نېمىنى؟ - دەپ سوراپتۇ. دەرھەقىقەت، شۇ ۋەقە رىۋايەت بولۇپ، بۇ كۈنگىچە يېتىپ كەلگەن، ئەمما ئەلىشىر نەۋائىينىڭ نېمە دېگىنى سىر پېتىچە قالغان، ھېچكىم بىلمەيدۇ.

سىر ساقلىيالمايدىغان كىشىلەرنى «ئېغىزىدا شورپا تۇرمايدۇ» دېيىشىدۇ. سىر ساقلاشنىڭ تۇرلۇك ئەھمىيتى بار. بۇ جەھەتلەرنى پەقەت، ساغلام تەبىئەتلىك، ئەقىللىق كىشىلەرلا پەرق قىلالايدۇ.

سىر ساقلاشنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى - ئايال كىشىگە تېگىشلىكتۇر، يەنى ئايال - ئېرىنىڭ سىرىغا جېنى قەدەر قىممەت بېرىشى، باشقىلارغا پاش ئەتمەسلىكى، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىقى كېرەك. باشقىچە يول تۇتۇش ئەقىللىق ئايالنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئىشى ئەمەس.

ئېرىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىش تۆپەيلى، كۆپ ئائىلىلەردە كېلىشمەسلىك يۈز بەرمەكتە. كۆپلەپ ئائىلىلەرنىڭ بوستانىغا خازان چۈشمەكتە.

## ئىززەت ۋە ھۆرمەت

ئۇمامەنىڭ ئونىنچى ۋە ئاخىرقى نەسىھىتى: »ئېرىڭنى ھۆرمەت قىل ۋە ئېتىقانلىرىنى چىن دىلىڭدىن بېجىرگىن«.

ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنىڭ، دىنىمىزغا زىت بولمىغان بارلىق بۇيرۇقلىرىنى ئاڭلاش ۋە بېجىرىش-مەجبۇرىيىتىدۇر. ئەسلىدە، ئىرادىسى زەئىپلەر كۈچلۈكلەرگە باش ئېگىپ، نېمە دېسە، قارشى چىقماستىن بېجىرىشى شەرت ئىكەنلىكى ئىلمىي-ئىجتىمائىي ھەقىقەتتۇر.

ئىسلام دىنىدا، ئەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ دائىرىسى ئېنىق بەلگىلەپ قويۇلغان. بۇ دائىرە ئىنتايىن كەڭدۇر. شۇ دەرىجىدىدۇركى، ئاتا-ئانىسى كېسەل بولغان ئايال، ئۇلارنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ھەم ئېرىدىن رۇخسەت سورىشى كېرەك.

بۇيۇكلىرىمىزنىڭ «... ئۇنداقلارغا ئەسلا يولۇقمالىڭ» دېگەن نەسىھەتلىرىدە، سۆز ئۇقمايدىغان، بۇيرۇلغان

ئەمەللــەرنى بىجىرمــەيدىغان ئايــاللار نــەزەردە تۇتۇلغــاندۇر، چۈنكى، بۇنداق ئايال بىلەن ياشاش تولىمۇ قىيىندۇر.

ھەزرىتى لوقمان ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيەتلىرىدىن بىرىدە: «گەپ ئاڭلىمايدىغان ئايال ـ ئېرىنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى بالدۇر ئاقارتىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى ھەم لۇتفى ئەتكەندى.

بىر دانىشمەن كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان، قېرى كىشىنى يەلكىسىگە ھاپاشلىۋالغان ئادەمگە دۇچ كەپتۇ. ھېلىقى ئادەم، ھەدەپ يەلكىسىدىكى قېرى كىشىگە: «ياشلىقىم كەملىك قىلغاندەك، ئەمدى قېرىغىنىمدا ھەم بېشىمغا دەرد بولدۇڭ»، دەرمىش، بۇنى ئاڭلىغان دانىشمەن ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماپتۇ:

— ئەي دوست! ئەپسۇس... بىر تەرەپتىن ياخشىلىقىڭنى مىننەت بىلەن ئۆچۈرۈۋاتىسەن. ئۇ سېنىڭ ئاتاڭ ئەمەسمۇ؟! ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ھەم ساڭا ياخشىلىقلارنى قىلغان، ـ دەپتۇ.

— ئەي بۇرادەر! نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ ـ يەلكەمدىكى ئاتام ئەمەس، ئوغلۇمدۇر. ئەخلاقسىز بىر ئايالغا ئۆيلىنىۋېلىپ، شۇنداق ۋاقىتسىز خازان بولدى، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كىشى.

بىر ئويلاپ كۆرۈڭ! ئىنساننىڭ قېرىشىغا سەۋەب بولىدىغان دەرىجىدىكى ئەخلاقسىز بىر ئايال بىلەن ياشاش قانداق مۇمكىن بولسۇن؟! ئايالنىڭ بەتخۇلۇق ۋە ئىتائەتسىز بولۇشى — ئەرنىڭ رەنجىشىگە، نەتىجىدە ئاجرىششقا سەۋەب بولمامدۇ؟!

ھەئە! سەۋەبلەرنىڭ چوڭى ھەم شۇ!

خوتۇننىڭ زۇلۇم- جاپاسىغا سەۋر قىلالىغان ئەركەكلەر ھەم بار. شەقىق ئىبىن ئىبرايىم ھەزرەتلىرىنىڭ ئايالى بەتخۇلۇق ئىكەن. ئازار ۋە زۇلۇملىرىنىڭ چېكى كۆرۈنمەس ئىكەن.

كىشىلەر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئايالىڭىز ناھايىتى بەتخۇلۇق، كۆپ ئەرزىيەت بېرىدۇ. نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئاجراشمايسىز؟

— ئۇنىڭ خۇلقى يامان بولسا، مېنىڭ ياخشى، ئاجراشسام، ھېچكىم ئۇ بىچارە بىلەن تۇرمۇش قۇرمايدۇ، - دەپ جاۋاب قىلغانىكەن.

خەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ بۈيۈكلىرىدىن ئابدۇل ھەسەن ھەراقانىي ھەزرەتلىرى، ئايالىدىن كۆپ ئازار، جەبىر كۆرىدىكەن. بىر كۈنى ئىككى شاگىرتى زىيارەتكە كەپتۇ. ھەزرەت ئۆيدە يوق ئىكەن. ئىشىكنى ئايال ئېچىپتۇ!

— شەيخ، شەيخ، دەپ ئارقىسىدىن كېلىپ، ئۇنىڭدىن نېمە ياخشىلىق كۆرىسىلەركى، زىيارەتكە كېلىسىلەر؟ قېنى، قايتىڭلار! ئەۋلىيالىقى نەدە يۇ، ئەبۇل ھەسەننىڭ، - دەپ شاگىرتلىرىنى رەنجىتىپ، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپتۇ.

شاگىرتلار خاپا بولۇپ قايتىپتۇ. شەھەر تاشقىرىسىغا چىققاندا، يولدا نېمىنى كۆرۈشۈپتۇ، دەڭ؟! شەيخلىرى بىر يولۋاسقا مىنگەن ھالدا ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتقانىمىش. يېقىن كەلگەندە ئۇلارغا:

— نېمە غەم قىلاتتۇق بالىلىرىم، ئۆيدىكىگە سەۋر قىلساق، تاشقىرىدىكىلەر بىزنى ئۈستىدە توشۇيدۇ، — دەپتۇ.

زالىم ئايالLار ھېچقاچان، نە بۇ دۇنيادا، نە ئاخىرەتتە ئۆزلىرىنى جاۋابكارلىقتىن قۇتقۇزالمايدۇ.

ئۆزبېكچە نەشرىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇھەممەد ئىمىن



www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ھەجەرگۈل تۇرسۇن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئاسىيە ئەخمەت**
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: تۇران
نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى: شىنجاڭ تۇران سودا چەكلىك شىركىتى

# سوۋغات

ئاپتورى: رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن قاتارلىقلار

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى رېنشىياڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
شىنجاڭ تۇران سودا چەكلىك شىركىتى لايىھىلەش مەركىزىدە بەت ياسالدى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتىر 1/32، باسما تاۋىقى: 10.125
2004- يىلى 11- ئاي 1- نەشرى، 2004- يىلى 11- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1
ISBN 7-228-09104-3
باھاسى: 16.00 يۈەن